# شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژورنىلى

(ئىجتىمائىي پەن قىسمى)

1987

4



شىنجاڭ داشۆ قۇرۇلغانلىغىنىڭ 50 يىللىغى قىزغىن تەبرىكلەندى.



سەيپىدىن ئەزىزى تەبرىك سۆزى سۆزلىمەكتە.

شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژورنىلى
(پەلسەپە ـ ئىجتىمائى پەن قىسمى)
1985 - يىل 4 - سان

شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژورنىلى
★ تەھرىر بۆلۈمى نەشر قىلدى
ئومۇمى 24 - سان

مۇندەرىجە

ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت ۋە سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىق ..................
.................................... ئابدۇۋەلى ھامۇت 1
X ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائى دىنى ئېتىقادى توغرىسىدا ..................
.................................... غەيرەتجان ئوسمان 11
X قۇمۇل ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشى ...........
.................................... ئابدۇللا ئەھمەدى 30
سوتسىيالىستىك ئىگىلىك ـ پىلانلىق تاۋار ئىگىلىك ...............
.................................... ئىبراھىم لېتىپ 37
پىلانلىق ئىگىلىك بىلەن تاۋار ئىگىلىكىنىڭ بىر پۈتۈنلىكى ..........
.................................... رازاق تۆمۈر 48
ئەلشىر ناۋايى ۋە «سەددى ئىسكەندەر» ........ ئابدۇشۇكۇر مەھەممەتئىمىن 56
قىرغىز خەلق ئەدەبىياتىدىكى زور ھەجىملىك داستان — «ماناس» ....
.................................... ئىرىسبېك ئابىقان 64
نىزامىل مۇلك ۋە «سىياسەتنامە» .................... شىرىن قۇربان 76
تۈركىيە بۇرژۇئا ئىنقىلاۋى ۋە مۇستاپا كامال ........... م. روزىيوپ 80
X قاراشەھەر دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىن قىزىلۋېلىنغان قەدىمقى
دەۋرگە ئائىت قەۋرىلەر توغرىسىدا .................... غېنى 94
يەنە مىللى مۇناسىۋەت تارىخى تەرەققىياتىدىكى بىر قانچە مەسىلە توغ-
رىسىدا ................. ۋېك دۇجيەن (ھاشىم تۇردى تەرجىمىسى) 98
ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى تەنقىدىي رېئالىزىم خاھىشى ھەققىدە
قىسقىچە مۇلاھىزە ...................... رىسالەت شېرىپ 105
ئۇيغۇر تىلى تەرەققىياتىدىكى بەزى فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەر ......
.................................... رەۋەيدۇللا 119
«ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»نى قانداق ئۆگىنىش توغرىسىدا ......
.................................... نەسرۇللا يولبولدى 124
ھىجرىيە ۋە مىلادىيە كالىندارلىرىنىڭ سېلىشتۇرما جەدۋىلى ........
.................................... يۈسۈپ ئوربىلى 129

**新疆大学学报**　　季　刊　　新疆大学学报编辑部
（哲学社会科学版）　　编辑出版
1985年第4期　　（总第24期）

# 目　录

1.论客观规律与主观能动性……………………………………………………阿布都外力·阿木地
2.维吾尔族原始宗教初探…………………………………………………………海热提江·乌斯曼
3.关于伊斯兰教在哈密维吾尔中的传播……………………………………阿不都拉·艾合买地
4.社会主义经济是有计划的商品经济……………………………………………伊布拉音·力提甫
5.计划经济与商品经济的统一性……………………………………………………拉扎克·铁木尔
6.那瓦依及其长诗《亚历山大城堡………………………………阿不都许库尔·买买提依明
7.柯尔克孜民间文学中的长篇史诗《玛纳斯》…………………………艾尔斯伯克·阿比坎
8.呢扎姆·穆尔克与《治国策》……………………………………………………西　仁·库尔班
9.土尔其资产阶级革命和基马尔……………………………………………………………茹孜也夫
10.关于在开都河下游古墓的发掘初探……………………………………………………………艾　尼
11.再谈民族关系史研究的几个问题……………………………翁独健（阿·吐尔地 译）
12.论古典维吾尔文学中批判现实主义倾向……………………………………热沙来提·西力甫
13.维吾尔语发展中的某些语音变化……………………………………………………………热外都拉
14.关于如何学好“现代维语”…………………………………………………………………那斯肉拉
15.回历与公历对照表……………………………………………………………………玉素甫·乌儿毕力
封底　新疆古今　喀什莫尔佛塔（唐）……………………………………………冯　斐摄影

# ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت ۋە سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىق

ئابدۇۋەلى ھاۋۇت

## I

ئىنسانىيەت پۈتكۈل ماددى دۇنيانىڭ بىر تەركىۋى قىسمى. ئۇ، تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تەرەققىياتى نەتىجىسىدە ۋۇجۇتقا كەلگەن بولۇپ، تەبىئەت دۇنياسى بىلەن ھەم مۇناسىۋەتلىك ھەم پەرقلىق. ئىنسانىيەت جەمىيىتى ماددىنىڭ ئىنتايىن مۇرەككەپ بولغان ئالاھىدە بىر ھەركەت شەكلى. ئۇ، ھەر خىل مۇرەككەپ ھادىسىلەر ۋە ماددى ئامىللارنىڭ يىغىندىسى. ئەمما ئىنسانىيەت جەمىيىتىمۇ خۇددى تەبىئەت دۇنياسىغا ئوخشاش ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتلەرگە ئىگە بولۇپ، ئەنە شۇ قانۇنىيەتلەر ئاساسىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ ۋە راۋاجلىنىپ بارىدۇ. ماركس: «مېنىڭ نۇقتىئىنەزىرىم ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي فورماتسىيىنىڭ تەرەققىياتى مۇئەييەن قانۇنىيەتكە بويسۇنىدىغان تەبىئىي تارىخىي جەريان، دېگەندىن ئىبارەت.» ① دېسە، لېنىن ماركسنىڭ بۇ نۇقتىئىنەزىرىنى تېخىمۇ جارى قىلدۇرۇپ: «ماركس ئىجتىمائىي ھەركەتنى مۇئەييەن قانۇنىيەتكە بويسۇنىدىغان تەبىئىي تارىخىي جەريان دەپ قارىغان. بۇ قانۇنىيەتلەر كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىگە ۋە ئارزۇيىغا باغلىق بولمايلا قالماستىن، ئەكسىچە كىشىلەرنىڭ ئىرادىسى، ئېڭى ۋە ئارزۇيىنى بەلگىلەيدۇ» ② دەيدۇ. روشەنكى، بۇنىڭدا ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئۆزىگە خاس ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكى ۋە شۇ قانۇنىيەت ئاساسىدا تەرەققىي قىلىپ تۇرىدىغان تەبىئىي تارىخىي جەريان ئىكەنلىكى ناھايىتى ئېنىق كۆرسىتىلگەن.

قانۇنىيەت ـ شەيئىلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئەسلى بار بولغان ماھىيەتلىك مۇقەررەر باغلىنىش. مەسىلەن: ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ئاڭنى بەلگىلىشى؛ ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىگە ئۇيغۇن كېلىشى ۋە ئىقتىسادىي بازىسنىڭ ئۈستقۇرۇلمىنى بەلگىلىشى قاتارلىقلار. بۇ پۈتكۈل ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ھەممە فورماتسىيەلىرى ئۈچۈن ئورتاق بولغان ئومۇمىي قانۇنىيەت بولۇپ، ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق بولمىغان ھالدا ئوبيېكتىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. لېكىن، شۇنىمۇ كۆرۈش

كېرەككى، ئىجتىمائىي تەرەققىياتتا ئادەم ئاساسىي ئامىل بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى، ئىقتىسادىي بازىس بىلەن ئۈستقۇرۇلما ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ھەركەتلىرىنىڭ ھەممە ساھەسىدە ئۆز رولىنى كۆرسىتىدۇ. ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى قانۇنىيەتلەر تەبىئەت دۇنياسىدىكى قانۇنىيەتلەرگە ئوخشاش ئىستىخىيىلىك ھالدا ئەمەس بەلكى ئىنسانلارنىڭ ئاڭلىق، مەقسەتلىك پائالىيەتلىرى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. شۇڭا، ئىجتىمائىي تەرەققىياتتا ئادەمنىڭ رولىغا ھەرگىزمۇ سەل قارىغىلى بولمايدۇ. شۇنىڭدەك، ئادەمنىڭ رولىنى مۇبالىغىلەشتۇرۇپ، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت بويىچە ئەمەس بەلكى ئادەمنىڭ ئېڭى ۋە پائالىيىتىدىن بەلگىلىنىدۇ، دەپ قاراشقىمۇ بولمايدۇ.

ئىدىيالىزم، ئىجتىمائىي ھاياتنى مۇھاكىمە قىلغىنىدا، پەقەت ئىنسان پائالىيىتىنىڭ ئىدىيىۋى سەۋەپلىرىنىلا تەكشۈرۈپ، بۇ سەۋەپلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەن ۋە بۇ سەۋەپلەرنى بەلگىلەيدىغان ماددىي جەريان بىلەن كارى بولمايدۇ. ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنىڭمۇ ئىنسان ئېڭىغا باغلىق بولمىغان ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتلەرگە بويسۇنىدىغانلىقىغا كۆز يۇمىدۇ. ئىجتىمائىي تەرەققىياتتا ئادەملەرمۇ مۇئەييەن ماددىي مۇناسىۋەت ئىچىدە پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان رېيال ئادەم بولغىنى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئەمەلىي پائالىيەتلىرى مۇئەييەن چەكلىمىگە ئۇچرىماي قالمايدۇ. چۈنكى، ئادەمنىڭ ماھىيىتى خۇددى ماركس ئېيتقاندەك: «يەككە ئادەمدە ئەسلىدىن بار بولغان ئابستىراكىت نەرسە ئەمەس. ئۆزىنىڭ رېياللىقى جەھەتتىن ئۇ بارلىق ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ يىغىندىسى» ③ بولۇپ ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرى مۇقەررەر ھالدا مۇئەييەن ئوبيېكتىپ شەرت - شارائىت ۋە بۇ شارائىتلار ئاساسىدا رول ئوينايدىغان ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتلەرنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ، كىشىلەر ھەركىتىنىڭ ماھىيىتىنى، يۆنىلىشىنى ھەمدە ئۇلار ئېلىپ بارغان پائالىيەتنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ياكى مەغلۇپ بولۇشىنى تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا شۇ مۇئەييەن ماددىي تۇرمۇش شارائىتىدا رول ئويناۋاتقان ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت بەلگىلەيدۇ. شۇڭا ئىنسانلارنىڭ ئەركىنلىكىنى ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ مۇقەررەرلىكتىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ.

ستالىن «قانۇنىيەتلەرنىڭ ئوبيېكتىپلىقىنى ئىنكار قىلىش ئەمەلىيەتتە پەننى ئىنكار قىلغانلىق بولىدۇ»، «جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي قانۇنىيەتلىرىدىن پايدىلانمىسا، جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي ھاياتىغا رەھبەرلىك قىلغىلى بولمايدۇ»④ دېگەن ئىدى. مانا بۇ قانۇنىيەتلەرنىڭ ئىنسانلار ئىرادىسىگە باغلىق بولمىغان ئوبيېكتىپ خاراكتېرىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىنكى 36 يىللىق تارىخ ئوبيېكتىپ ئىقتىسادىي قانۇنىيەت بويىچە ئىش كۆرۈشنىڭ زۆرۈرلىكىنى مۇنازىرە تە-

لەپ قىلمايدىغان دەرىجىدە ئىسپاتلىدى. 1956 - يىلى مەملىكىتىمىزدە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئاساسى جەھەتتىن ئورۇنلانغاندىن كېيىن، پارتىيىمىز ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ قالاق ئەھۋالىنى نەزەردە تۇتۇپ، دۆلەت ئىگىلىكىنىڭ يېتەكچىلىكىدە كۆپ خىل ئىگىلىكنىڭ بىرلا ۋاقىتتا تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا يول قويغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن دۆلەت ئىگىلىكى، كوللېكتىپ ئىگىلىك ۋە ئاز ساندىكى يەككە ئىگىلىك مەۋجۇت ئىدى. بۇلار ئەينى ۋاقىتتىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىگە ئۇيغۇن بولۇپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى ئىلگىرى سۈرۈلگەن ۋە خەلق تۇرمۇشى زور دەرىجىدە ياخشىلانغان ئىدى. لېكىن 1958 - يىلغا كەلگەندە «سول» چىل ئىدىيىنىڭ باش كۆتۈرۈشى بىلەن ئەينى ۋاقىتتىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى ئېتىبارغا ئېلىنماي، ئۇنىڭدىن ھالقىپ كەتكەن ھالدا، قانچە چوڭ، قانچە ئومۇمىي بولسا شۇنچە ياخشى؛ يەككە ئىگىلىكتىن كوللېكتىپ ئىگىلىك، كوللېكتىپ ئىگىلىكتىن ئومۇمىي خەلق ئىگىلىكى ئەۋزەل دەپ قارىلىپ، بىر قىسىم كوللېكتىپ ئىگىلىك دۆلەت ئىگىلىكىگە قوشۇۋېتىلدى. يەككە ئىگىلىكنىڭ بىر قىسمى كوللېكتىپ ئىگىلىككە قوشۇۋېتىلسە، يەنە بىر قىسمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. بۇنىڭ بىلەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بوغۇپ قويۇلدى ۋە زور دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى ۋە خەلق تۇرمۇشىغا كۆپلىگەن قىيىنچىلىقلارنى تۇغدۇردى. 1962 - يىلغا كەلگەندە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى «سول» چىل ئىدىيىلەرگە خاتىمە بېرىپ، ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي جەھەتلەردە بىر قەدەر مۇقىم بولغان سىياسەت ۋە فاڭجېنلارنى تۈزگەن ھەم ئۇنى ئىزچىللاشتۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇزۇن ئۆتمەي باشلانغان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ ئىنتايىن «سول» لۇشيەنىنىڭ كاساپىتى ۋە بۇزغۇنچىلىقى تۈپەيلىدىن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى تېخىمۇ زور دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى ۋە بوغۇپ قويۇلدى. نەتىجىدە خەلق تۇرمۇشىغىمۇ بالايى ئاپەتلەرنى ئېلىپ كەلدى. 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» قالدۇرۇپ كەتكەن قالايمىقانچىلىقلارنى قەتئىيلىك بىلەن تۈزىتىپ، خىزمەتلەرنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا يۆتكىدى. ھەمدە بىر قاتار توغرا فاڭجېن، سىياسەتلەرنى تۈزدى. بۇنىڭ بىلەن ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ۋە خەلق تۇرمۇشى يېڭىدىن يۈكسىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى.

دېمەك، يۇقۇرقىلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولۇدىكى، قاچانكى بىز ئوبيېكتىپ ئىقتىسادىي قانۇنىيەتلەرگە ھۆرمەت قىلساق ئىشىمىز غەلىبىلىك بولدى، ئۇنىڭ ئەكسىنچە بولغاندا، مەغلۇپ بولدۇق.

ئەمىلىيەت جەريانى بىزنى چېنىقتۇردى ۋە توغرا بىلىشكە ئىگە قىلدى. ھا-
زىرقى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى قاراردا ئوتتۇرىغا قويۇلغان
«ھەممە ئىسلاھاتنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان ياكى مەغلۇپ بولغانلىقىنى ئۆلچەش-
تە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا پايدا يەتكۈز-
گەن - يەتكۈزمىگەنلىكىنى ئەڭ ئاساسىي ئۆلچەم قىلىش لازىم» دېگەن خۇلاسىمۇ
دەل قانۇنىيەتلەرنىڭ ئوبيېكتىپ بولىدىغانلىقى توغرىسىدىكى تارىخىي تەجرىبە
ساۋاقلارنىڭ نەتىجىسىدۇر.

II

تارىخىي ماتېرىيالىزىم جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتى بى-
لەن كىشىلەرنىڭ سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقىنىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسىدە دىيالېك-
تىك ماتېرىيالىزىمنىڭ تۈپ قائىدىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىجتىمائىي مەۋ-
جۇدىيەت ئىجتىمائىي ئاڭنى بەلگىلەيدۇ دەپ قاراش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىجتىما-
ئىي ئاڭنىڭ نىسپىي مۇستەقىللىقىنىمۇ ئېتىراپ قىلىدۇ. ئىدىيە، ئاڭنى بىرلەمچى
دەپ ئۇلارنىڭ رولىنى مۇبالىغا قىلىدىغان ئىدىيالىزمغا، قارشى تۇرۇش بىلەن
بىر ۋاقىتتا ئىجتىمائىي ئاڭنىڭ نىسپىي مۇستەقىللىقىنى ۋە كىشىلەرنىڭ سۇبيېكتىپ
پائالىيەتچانلىقىنى ئىنكار قىلىدىغان مېتافىزىك ماتېرىيالىزمغىمۇ ئوخشاشلا قارشى
تۇرىدۇ. ئىنسانلارنىڭ دۇنيانى (تەبىئەت ۋە جەمئىيەتنى) بىلىش ۋە ئۆزگەرتىش
جەريانىدىكى ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت بىلەن سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقىنىڭ دىيالېك-
تىك مۇناسىۋىتىنى تارىختا تۇنجى قېتىم پەقەت ماركسىزىم پەلسەپىسى ئىلمىي
چۈشەندۈرۈپ بەردى.

ماركسىزىمدىن ئىلگىرى ئوخشىمىغان تارىخىي دەۋرلەردە ياشىغان بەزى
تەرەققىپەرۋەر مۇتەپەككۇرلەر بەزى ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى ماتېرىيالىستىك پى-
رىنسىپ بويىچە چۈشەندۈرۈپ بېقىشقا تىرىشقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار بۇ مەسى-
لىلەرنى ئىلمىي ئاساستا چۈشەندۈرۈپ بېرەلمىدى. مەسىلەن، 18 - ئەسىر فران-
سىيە ماتېرىيالىزىمىنىڭ ئاتاقلىق ۋەكىللىرىدىن بىرى بولغان ھېلۋېتسىي «ئادەم
مۇھىتنىڭ مەھسۇلى، ناچار ئىجتىمائىي كەيپىياتلار يامان مۇھىتنىڭ ئاقىۋىتى»
دېگەن مەشھۇر كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئەمما ئۇ، جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي
تەرەققىيات جەريانىدىكى ھەركەتلەندۈرگۈچ كۈچ ۋە بۇ جەريانىدىكى ئادەمنىڭ
رولىنى توغرا شەرھلەپ بېرەلمىدى. ماركس بۇ خىل مېخانىك - مېتافىزىك قا-
راشنىڭ خاتالىقى ۋە كەمتۈكلىكىنى كۆرسىتىپ «ئادەم - مۇھىت ۋە تەربىيىنىڭ
مەھسۇلى. شۇ سەۋەبتىن، ئۆزگەرگەن ئادەم باشقا بىر خىل مۇھىت ۋە ئۆزگەر-

گەن تەربىيىنىڭ مەھسۇلى، دەپ ھېساپلايدىغان ماتېرىيالىستىك تەلىمات بىر، بۇنداق تەلىمات مۇھىتنى دەل ئادەم ئۆزگەرتىدىغانلىقىنى، تەربىيە بەرگۈچىنىڭ ئۆزى چوقۇم تەربىيە ئالغۇچى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالغان» ⑤ دەيدۇ. دېمەك ئىنسانلارنىڭ سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقىنى تولۇق ۋە توغرا مۇئەييەنلەشتۈرمەسلىك ماركسىزىمغا، شۇنىڭدەك ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئوبيېكتىپ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.

سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىق - سۇبيېكتىپنىڭ ئوبيېكتىپقا بولغان پائال رولى، شۇنىڭدەك كىشىلەرنىڭ دۇنيانى بىلىش ۋە دۇنيانى ئۆزگەرتىش يولىدا مەقسەتلىك پىلانلىق، ئاكتىپ ۋە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئېلىپ بارغان پائالىيىتى ۋە تىرىشچانلىقىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت ۋە «تەبىئىي تارىخىي جەريان» دىگەنلىرىمىز كىشىلەرنىڭ ئەنە شۇ خىل ئاڭلىق ۋە مەقسەتلىك پائالىيەتلىرىنى چەتكە قاقمايدۇ. ئەكسىچە كىشىلەرنىڭ ئاڭلىق پائالىيەتلىرى ۋە ھەر بىر ئادەمنىڭ بۇ خىل ئاڭلىق پائالىيىتىنىڭ بىرلىشىپ (جۇغلۇنۇپ) نامايەن بولىشىدەك مۇئەييەن ئوبيېكتىپ مۇقەررەرلىكنىڭ رولى ئىپادىلىنىدۇ. ئەمما مېتافىزىكا تارىخىي مۇقەررەرلىككە ئابستراكىت قارايدۇ. ئۇنى ئىنسانلار پائالىيىتىدىن ئايرىپ تاشلاپ گويا ئىنسانلارنى ھەممە ئىشنى «كۆز كېتىپ، قىشنىڭ كېلىشى» گە ئوخشاش ئۆزلىكىدىن پەيدا بولۇشىنى كۈتۈپ تۇرىدىغان پاسسىپ ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. نەتىجىدە كەڭ ئەمگەكچى خەلقنى ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتلەرنىڭ قۇلىغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. ئىنسانلار گەرچە بۇ قانۇنىيەتلەرنى يارىتالمىسىمۇ ۋە يوقىتالمىسىمۇ ئۇنى بىلەلەيدۇ، جەمئىيەتكە بەخت سائادەت كەلتۈرۈش يولىدا ئۇنىڭدىن ئاڭلىق پايدىلىنالايدۇ. شۇنىڭدەك بىلىش ھەم ماھىرلىق بىلەن تەتبىق قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ تەسىر قىلىش دائىرىسىنى ئىنسانىيەت مەنپەئەتى ئۈچۈن، ئېھتىياجىغا قاراپ چەكلىيەلەيدۇ ياكى جارى قىلدۇرىدۇ. ستالىن سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتتىكى رولىنى تەكىتلەپ: «كىشىلەر ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتلەر ئالدىدا ئىقتىدارسىز، دەرمانسىز بولماستىن، بەلكى كىشىلەر ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتلەرنى بىلەلەيدۇ ۋە تەتبىق قىلالايدۇ» ⑥ دەيدۇ. دېمەك، بىلىش، تەتبىق قىلىش ۋە جەمئىيەت مەنپەئەتى يولىدا پايدىلىنىشلارنىڭ ھەممىسى ئىنسانلارنىڭ سۇبيېكتىپ پائالىيىتىگە تەئەللۇق بولىدۇ. شۇڭا جەمئىيەت تەرەققىياتىدا ئىنسانلار پائالىيىتىدىن ئىبارەت سۇبيېكتىپ ئامىلنىڭ غايەت زور رولىنى كام مۆلچەرلەشكە بولمايدۇ.

ئىنسانىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ئەمەلىيىتى ئوبيېكتىپ بىلەن سۇبيېكتىپنىڭ قارىمۇ - قارشىلىقىنىڭ بىرلىكى بولۇپ، ئۇ ئىنسانلار سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقىنىمۇ گەۋدىلەندۈرىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى ئەڭ ئاساسىي ئىجتىمائىي

پائالىيەت. كىشلەر بارلىق مەنىۋى پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشتىن ئىلگىرى ئالدى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بۇنىڭدىمۇ ئالدى بىلەن، ئۆزلىرىنىڭ ياشىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان يېمەك-ئىچمەك كىيىم-كېچەك ۋە تۇرالجاي قاتارلىق تۇرمۇش ۋاستىلىرىنى ئىشلەپچىقارغاندىن كېيىن (ھەم ئۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا) پۈتۈن جەمئىيەت ئۈچۈن ماددىي ۋاستىلارنى ئىشلەپچىقىرىدۇ. ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئۈزلۈكسىز ۋە تەكرار ئېلىپ بېرىلىشى جەريانىدا ئەمگەكچى خەلق ئىشلەپچىقىرىش تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەپ، ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنى تەدرىجى ياخشىلاپ، مۇئەييەن ئىدىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۆزلىرىنىڭ ئەمگەك پائالىيىتىگە تايىنىپ، بۇرۇن بولمىغان نەرسىلەرنى ئىجات قىلىش بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇش شارائىتلىرىنى ئۈزلۈكسىز تۈردە ياخشىلايدۇ. قەدىمقى زامان تاش قوراللىرىدىن تارتىپ زامانىمىزدىكى ئەڭ ئىلغار ماشىنىلارغىچە بولغان مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ ھەممىسى كىشلەر ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرىنىڭ نەتىجىسى.

ئىنسانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى جەريانىدا ئېرىشكەن پەن - تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئۆز نۆۋىتىدە قايتا ئايلىنىپ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ۋە پۈتۈن ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى ئالغا سىلجىتىشتا زۆرۈر بولغان ماددىي شەرتلەر بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. خۇددى 18 - ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىدا ئەنگىلىيىدە يىپ ئىگىرىش ۋە پار ماشىنىسىنىڭ كەشىپ قىلىنىشى بىلەن زور تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان سانائەت ئىنقىلاۋى باشلىنىپ، توقۇمىچىلىق، كۆمۈر قېزىش ۋە تۆمۈر ئېرىتىش قاتارلىق مۇھىم سانائەت تارماقلىرىدا قول ئەمگىكىنىڭ ئورنىنى ماشىنىلار ئىگەللەپ، ئىپتىدائىي كاپىتالىزمنىڭ مانا فاكتورا سانائىتى ھازىرقى زامان سانائىتىگە تەرەققىي قىلغىنىغا ئوخشاش، ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى يولىدا ئېرىشكەن مۇۋاپىيەتلىرى ئارقىلىق يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي ئەتكۈزىدۇ. بۇ ھەقتە ماركس: «قول تۈگمىنى فېئوداللار باشچىلىقىدىكى جەمئىيەتنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن بولسا، پار ماشىنىسى سانائەت كاپىتالىستلىرى باشچىلىقىدىكى جەمئىيەتنى ۋۇجۇتقا كەلتۈردى.» ⑦ دېگەن ئىدى. پەن - تېخنىكا يېڭىلىقلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە ئايلىنىش ۋاقتى قىسقىراۋاتقان، شۇنىڭدەك زامانىۋىلاشقان يىرىك ئىشلەپچىقىرىشتا ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنىڭ ئۆسۈشى پەن - تېخنىكىغا بىۋاستە بېقىنىۋاتقان ھازىرقى دەۋردە بولسا بۇ تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك. ھازىر دۇنيادا پەن - تېخنىكىنىڭ ئۈچقاندەك ئالغا بېسىشى ئارقىسىدا يېڭى بىر تېخنىكا ئىنقىلاۋى غۇلغۇلا بولماقتا. يېقىنقى 30 يىلدىن بۇيان ئىنفورماتسىيە (ئۇچۇر) ئىلمى، يېڭى تىپتىكى ماتېرىياللار، يېڭى ئېنېرگىيە، ئېرسىيەت قۇرۇلۇشى، ئالەم بوشلۇقى ئىلمى، دېڭىز ئوكيان-

لارنى ئېچىش قاتارلىق تەرەپلەردىكى يېڭى تېخنىكىلارنىڭ سىرى ئۆزلۈكسىز ئې-
چىلماقتا ۋە پايدىلىنىلماقتا. شۇنىڭدەك بۇ ساھەلەردە زور كەشپىيات ۋە يېڭىلىق-
لار بارلىققا كەلدى. چەت ئەللەردىكى ۋە مەملىكىتىمىزدىكى بەزى ئالىملار بۇ يېڭى
پەنلەر مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرى كېيىنكى ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياكى ئۇنىڭدىن
كېيىنكى بىر قانچە 10 يىل ئىچىدە ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا ۋە ئىجتىمائىي ئىشلەپ-
چىقىرىشقا تەتبىق قىلىنىپ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى جەھەتتە يېڭى-
دىن سەكرەش پەيدا قىلىدۇ، جەمئىيەت سانائەتلەشكەن جەمئىيەتتىن ئىنفورماتسى-
يەلەشكەن جەمئىيەتكە كىرىدۇ، دەپ قارىماقتا. دېمەك، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى
ئىلگىرى سۈرگەن ۋە جەمئىيەتنىڭ ئالغا بېسىشىغا سەۋەب بولىۋاتقان ئىشلەپچىقى-
رىش ۋە پەن - تېخنىكا جەھەتتىكى يېڭىلىقلار دەل ئىنسانلارنىڭ ئاڭلىق ۋە
مەقسەتلىك ھالدا ئېلىپ بارغان سۇبيېكتىپ پائالىيەتلىرىنىڭ مۇقەررەر مەھسۇلى بو-
لۇپ، خۇددى لېنىن ئېيتقاندەك: «دۇنيا ئىنسانلارنى قانائەتلەندۈرەلمەيدۇ. ئىنسان-
لاردا ئۆز ھەرىكىتى ئارقىلىق دۇنيانى ئۆزگەرتىدىغان ئىرادە بولىدۇ»، «ئىنسانلار-
نىڭ ئېڭى ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئەكس ئەتتۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى ئوبيېكتىپ
دۇنيانى يارىتىدۇ.» ⑧

جەمئىيەت تەرەققىياتىدا كىشىلەرنىڭ سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقى پەقەت ئىش-
لەپچىقىرىش ۋە پەن - تېخنىكا ساھەسىدە ئىپادىلىنىپلا قالماي، بەلكى ئىجتىمائىي
فورماتسىيەلەرنىڭ ئالمىشىشىدا تېخىمۇ روشەن ئىپادىلىنىدۇ.

يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك ئادەملەر مۇئەييەن ئىشلەپچىقىرىش مۇنا-
سىۋەتلىرىدە پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى بولسا، ئىش-
لەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، قانۇنىيەتلىك ھالدا ئۆزگىرىدۇ
ۋە راۋاجلىنىدۇ. بۇ سۇبيېكتىۋ ئارزۇ بويىچە بولمايدۇ. گەرچە ئۇ ئىنسانلارنىڭ
ئىرادىسىگە بېقىنمىسىمۇ لېكىن، ئىنسانلارنىڭ ئاكتىپ ئەمەلىي پائالىيەتلىرىدىن
ئايرىلىپ ئەمەلگە ئاشمايدۇ، سىنىپىي جەمئىيەتتە، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن
ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت بىر - بىرىگە ئانتاگو-
نىستىك قارىمۇ - قارشىلىقتا بولغان ئىككى سىنىپ ئىقتىسادىي مەنپەئەتلىرىنىڭ
توقۇنۇشى بىلەن ئەكس ئېتىدۇ. يېڭى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى پىشىپ يېتىلگەن-
دىن كېيىن، مەۋجۇت ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ۋە بۇ ئىشلەپچىقىرىش مۇناسى-
ۋەتلىرىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ مەنپەئەتى ئىجتىمائىي تە-
رەققىياتنىڭ كۈچلۈك توسالغۇسىغا ئايلىنىدۇ. بۇنى پەقەت يېڭىدىن گۈللىنىۋات-
قان سىنىپلارنىڭ ئاڭلىق پائالىيىتى ئارقىلىق، پەقەت مۇشۇ سىنىپلارنىڭ زورلۇق
كۈچ ئىشلىتىشى ئارقىلىق سۈپۈرۈپ تاشلىغىلى بولىدۇ. چۈنكى ئىجتىمائىي تۈزۈم-
نىڭ ئالمىشىشى دېگەندە ئامىنىڭ ئۆز تۇرمۇش شارائىتى ئۇلارنى يېڭى تۈزۈم

ئورنىتىش ئۈچۈن، كۈرەش قىلىشقا مۇقەررەر ھالدا ۋە بارغانچە كۈچلۈك ھالدا
ھەركەتلەندۈرۈشى كۆزدە تۇتىلىدۇ. جەمىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئالغا قاراپ ئىلگىرى-
لىشى بىلەن كىشىلەرنىڭ ماددى تۇرمۇش شارائىتىمۇ ئۈزلۈكسىز ياخشىلىنىشى كې-
رەك، ئەمما ئېكسپلاتاتورلۇق ئىجتىمائى تۈزۈملەر مۇنداق ئۆزگىرىشكە توسالغۇ-
لۇق قىلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئىلغار سىنىپ كونا تۈزۈمنى يوقۇتۇش ۋە يېڭى تۈزۈم
ئورنىتىشنىڭ زۆرۈرلىگى ۋە مۇقەررەرلىگىنى تېخىمۇ چۈشۈنۈشكە باشلايدۇ. شۇنىڭ-
دەك بۇ ئىنقىلاۋى ئۆزگىرىشنى ئورۇنلاش ئۈچۈن ئەڭ ئاكتىپ، ئەڭ قىزغىن ۋە
ئەڭ كەسكىن تەلەپلەر بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. بۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنىڭ ئاڭ-
لىق پائالىيىتى ئىستىخىيىلىك تەرەققىياتنىڭ ۋە ئىجتىمائى ئىنقىلاپ تەدرىجى تە-
رەققىياتىنىڭ ئورنىنى ئالىدۇ - دە، نەتىجىدە ئىجتىمائى ئۆزگىرىش بارلىققا كېلى-
دۇ. بۇ ئۆزگىرىش گەرچە كونا جەمىيەتنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى پىشىپ يېتىل-
گەن ماددى شەرتلەرنى ئاساس قىلىسىمۇ، ئەمما مۇنداق مۇقەررەرلىكنى ئورۇنلىغۇ-
چى ۋە ئۇنى رېئاللىققا ئايلاندۇرغۇچى ھەقىقى كۈچ خەلق ئاممىسى ۋە ئۇلارنىڭ
ئاڭلىق ۋە مەقسەتلىك پائالىيەتلىرىدىن ئىبارەت، بۇنىڭدىن مەلۇمكى، تارىختا
بولۇپ ئۆتكەن بولۇپمۇ يېقىنقى زامان تارىخىدا بولۇپ ئۆتكەن ئىجتىمائى ئىن-
قىلاپلار ئومۇمەن كەڭ ئەمگەكچى خەلقنىڭ كونا دۇنيانى بۇزۇپ تاشلاپ، يېڭى
دۇنيا يارىتىشتىكى مەقسەتلىك پائالىيەتلىرىنىڭ نامايەن بولۇشىدۇر.

ئەمما شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، كىشىلەرنىڭ سوبيېكتىپ پائالىيەت-
چانلىغىنىڭ جارى قىلىنىشى ئوخشىمىغان تارىخى دەۋرلەردە ئوخشاش بولمايدۇ.
ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان خۇسۇسى مۈلۈكچىلىك ھۆكۈمرانلىق قىلغان
ئىجتىمائى تۈزۈملەردە ئەقلى ئەمگەك ئەكسىيەتچى سىنىپلار تەرىپىدىن مونوپول-
يە قىلىنىپ، ئەمگەكچى خەلق ۋە ئىنقىلاۋى زىيالىلارنىڭ ئاڭلىق پائالىيەتلىرى
ۋە ئىجاتچانلىق روھى بېسىم ۋە چەكلىمىدىن خالى بولالمايدۇ. سوتسىيالىستىك
ئىنقىلاپنىڭ غەلىبە قىلىشى، ئەمگەكچى خەلقنى خىلمۇ - خىل ئىجتىمائى زۇلۇم-
لاردىن ئەبەدى قۇتۇلدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائى تەرەققىياتنى ئالغا سىلجىتىش-
تىكى ئاڭلىق پائالىيەتلىرىنىڭ جارى قىلىنىشىغا تولۇق ئىمكانىيەت يارىتىپ بې-
رىدۇ. شۇنىڭدەك سوتسىيالىستىك ئىجتىمائى تۈزۈمدە، كىشىلەر ئۆز ۋەتىنى ۋە
خەلق مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىشلەۋاتقانلىغىنى ئەڭ ياخشى چۈشىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن
ئۇلارنىڭ ئىنقىلاۋى قىزغىنلىغى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە جۇش ئۇرۇپ را-
ۋاجلىنىدۇ. مەملىكىتىمىزنىڭ ئەمەلىيىتى بۇنى ئاللىقاچان ئىسپاتلىدى. سوتسىيا-
لىستىك ئىنقىلاپنىڭ غەلىبىسى ئۇزۇل - كېسىل قولغا كەلتۈرۈلگەندىن كېيىنكى
ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە، ئىلگىرىكى تارىخ بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغان
مۇۋاپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. بۇ ھال سوتسىيالىستىك ئىجتىمائى تۈزۈم ئەم-

گەكچى خەلقنىڭ ئىجاتچانلىق روھىغا كەڭ زېمىن ھازىرلاپ بېرىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

III

ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت ۋە سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىق مەسىلىسىدە قانۇنىيەتنىڭ ئوبيېكتىپ خاراكتېرى بىلەن كىشىلەرنىڭ سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقىنى بېلىش بىلەن بىرگە، بۇ ئىككىسى ئوتتۇرىسىدىكى دىيالېكتىك مۇناسىۋەتنى ئىگەللەش تېخىمۇ مۇھىم. ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تۆۋەن باسقۇچتىن يۇقۇرى باسقۇچقا قاراپ تەرەققى قىلىپ كەلگەن پۈتكۈل تارىخى سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىق بىلەن ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتلەرنىڭ بىر - بىرىنى شەرت قىلىش، ئۆز ئارا تەسىر كۆرسىتىش ۋە ئۆز ئارا بىر - بىرىنى ئالغا سۈرۈش جەريانى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

سۇبيېكتىپنىڭ ئوبيېكتىپنى پائال ئەكس ئەتتۈرىشى يەنى دۇنيانى بىلىشى، سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقنىڭ مۇھىم بىر تەرىپى. سۇبيېكتىپنىڭ ئوبيېكتىپقا پائال ئەكس تەسىر كۆرسىتىشى يەنى دۇنيانى ئۆزگەرتىشى - سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقنىڭ تېخىمۇ مۇھىم بىر تەرىپى. بۇ ئىككى تەرەپ بىرلىككە ئىگە، بۇ بىرلىكنىڭ ئاساسى ئەمەلىيەت، يەنى ئەمەلىيەت ئارقىلىق دۇنيا بىلىنىدۇ، يەنى ئەمەلىيەت ئارقىلىق دۇنيا ئۆزگەرتىلىدۇ. بۇ ئىككىسىنىڭ بىرلىككە كېلىش جەريانى سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقنىڭ جارى قىلدۇرۇلۇش جەريانىدۇر. شۇڭا سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقنىڭ توغرا ۋە تولۇق جارى قىلىنىشى ئالدى بىلەن ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتلەرنى توغرا تونۇش ۋە ئۇنىڭدىن توغرا پايدىلىنىشنى ئاساس قىلىدۇ. شۇنداقلا ئىجتىمائى ھاياتتىكى ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتلەرنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئىنسانلارنىڭ سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقىنىڭ جارى قىلىنىشىنى ئۆزىگە شەرت قىلىدۇ. يەنى سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىق ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتلەرگە ئاكتىپ ئەكس تەسىر كۆرسىتىدۇ.

كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىق بىلەن ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتلەرنىڭ دىيالېكتىك مۇناسىۋىتىنى مۇنداق ئىككى تەرەپتىن چۈشىنىشكە بولىدۇ.

بىر تەرەپتىن، سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىق قانچىكى ياخشى جارى قىلىنسا ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتلەرنى تونۇش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشمۇ شۇنچە زور ۋە شۇنچە مۇۋاپپەقىيەتلىك بولىدۇ.

يەنە بىر تەرەپتىن ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتلەرنى بىلىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش، كىشىلەرنىڭ سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ جارى قىلدۇرىدۇ ۋە كۈچەيتىدۇ. شۇنىڭدەك ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىش ئىقتىدارىنى يەنىمۇ ئاشۇرىدۇ.

ئېنگېلس مۇنداق دەيدۇ: «ئىرادە ئەركىنلىكى شەيئىلەرنى بىلىشنىڭ ياردىمى بىلەن قارار چىقىرىدىغان قابىلىيەتتىن ئىبارەت»، «ئادەمنىڭ مۇئەييەن مەسىلە ئۈستىدىكى ھۆكۈمى قانچە ئەركىن بولسا، بۇ ھۆكۈمنىڭ مەزمۇنى ئالغان زۆرۈرىيەتمۇ شۇنچە چوڭ بولىدۇ. ئىككىلىنىپ بىر قارارغا كېلەلمەسلىك بولسا بىلمەسلىكنى ئاساس قىلىدۇ.» ⑨ دېمەك، كىشىلەرنىڭ ئىرادە ئەركىنلىكى ۋە سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقىنىڭ دەرىجىسى زۆرۈرىيەت ئالەمنى يەنى ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتلەرنى بىلىشنىڭ دەرىجىسىگە توغرا تاناسىپ بولىدۇ. كىشىلەر ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتلەرنى چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق بىلگەنسېرى ئۆز پائالىيىتىنى ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتلەرنىڭ تەلەپىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش ئارزۇيىغا يېتىش بىلەنلا قالماي بەلكى ئەملىيەت داۋامىدا قانۇنىيەتلەرگە ئۇيغۇنلىشالماسلىق نەتىجىسىدە يۈز بېرىدىغان بارلىق پايدىسىز ئاقىۋەتلەردىن ساقلىنىپ قېلىش ئىمكانىيىتىگىمۇ ئىگە بولىدۇ. بۇ ھال ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتلەرنى بىلىش ۋە ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلىش، سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقنى چەكلەپ قويۇش ئەمەس، بەلكى كىشىلەرنى يەنىمۇ ئاڭلىق، يەنىمۇ ئەركىن، يەنىمۇ قىزغىن پائالىيەت ئېلىپ بېرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

شۇڭا ئىككىسىنىڭ دىيالېكتىك مۇناسىۋىتىنى توغرا چۈشىنىش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئەگەر ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت ئېتىراپ قىلىنىپ سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىق ئىنكار قىلىنىدىكەن، بۇنىڭدىن مۇقەررەر ھالدا مېتافىزىكىلىق تەقدىرچىلىك خاتالىقى كېلىپ چىقىدۇ. ئەكسىچە، ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت ئىنكار قىلىنىپ، سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىق مۇبالىغە قىلىنىدىكەن، بۇنىڭدىن ئىدىيالىستىك ئىرادىچىلىك خاتالىقى كېلىپ چىقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ھەممە ساھەسىدە ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتلەر بىلەن سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىقىنىڭ دىيالېكتىك بىرلىكىنى توغرا چۈشىنىپ، ئىنقىلاۋى قىزغىنلىق بىلەن ئىلمى تەھلىلنى زىچ بىرلەشتۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم.

ئىزاھلار:

① «ماركس . ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» خەنزۇچە نەشرى 2 - توم 208 - بەت
② لېنىن «تاللانما ئەسەرلىرى» خەنزۇچە نەشرى 1-توم 33 - بەت.
③ «ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» ئۇيغۇرچە نەشرى 1 - توم 1 - كىتاب 30 - بەت.
④ «دىيالېكتىك ۋە تارىخى ماتېرىيالىزىم كلاسسىك ئەسەرلىرىنى تونۇشتۇرۇش» 289 - بەت.
⑤ «ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» 1 - توم 1 - كىتاب 29 - بەت.
⑥ «دىيالېكتىك ۋە تارىخى ماتېرىيالىزىم كلاسسىك ئەسەرلىرىنى تونۇشتۇرۇش» ئۇيغۇرچە نەشرى 510 - بەت.
⑦ ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» خەنزۇچە نەشرى 1 - توم 108 - بەت.
⑧ لېنىن ئەسەرلىرى» 38 - توم خەنزۇچە نەشرى 228 - 229 - بەتلەر.
⑨ ئېنگېلس «ديۇرىڭغا قارشى» ئۇيغۇرچە نەشرى 215 - بەت.

# ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقادى توغرىسىدا

غەيرەتجان ئوسمان

ماركس: «دىن دۇنياسى پەقەت رېئال دۇنيانىڭ ئەكس ئېتىشىدۇر» ① دېگەن ئىدى.

ئۇ ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ بارىدۇ، ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە سىستېمىسىز، مەزمۇنى ئاددىي، گەۋدىسى مۇكەممەل بولمىغان، كۆپ خۇدالىق ئىستىخىيىلىك دىنلار بارلىققا كەلگەن بولسا، سىنىپىي جەمئىيەتكە كەلگەندە سىستېمىلىق، بىر پۈتۈن مەزمۇنغا ئىگە بىر خۇدالىق سۈنئىي دىنلار بارلىققا كەلدى.

بىز ئىنسانلار تۇرمۇشىدا دىنىي ئىنكاسلارنى پەيدا قىلىدىغان ئىجتىمائىي تارىخىي مەنبەلەرنىڭ بارلىقىنى بىلىدىكەنمىز، دىننى تەتقىق قىلىشنىڭ ئىنسانىيەت تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى ئەھمىيىتىنىمۇ چۈشىنىشىمىز كېرەك. دىن – كۈچلۈك مىللىيلىككە ئىگە، بولۇپمۇ ئىپتىدائىي دىنلار تېخىمۇ شۇنداق. چۈنكى: «كونا، ئىستىخىيىلىك ھالدا پەيدا بولغان قەبىلىۋى دىنلار ۋە مىللىي دىنلار تارقالمايتتى».②

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقاد چۈشەنچىلىرىگە ئائىت ئارخېئولوگىيىلىك ۋە يازما ماتېرىياللار كۆپ ئەمەس. بارلىرىمۇ رەتلىنىپ بىر پۈتۈن ئىلمىي يەكۈنگە ئېرىشەلمىدى. مەن بەزى ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ جۈملىدىن باشقا خەلقلەرنىڭ ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقادى تەتقىق قىلىنغان ماتېرىياللارنى ئۆگىنىش، سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ھاسىل قىلغان بەزى قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتمەكچىمەن.

---

① ماركس، ئېنگېلس «دىن توغرىسىدا» مىللەتلەر نەشرىياتى 1960 – يىل ئۇيغۇرچە 109 – بەت

② ئېنگېلس «ليۇدۋىگ فېيېرباخ ۋە نېمىس كلاسسىك پەلسەپىسىنىڭ ئاخىرى» ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن، ماۋزېدۇڭ ئەسەرلىرىدىن تاللانما «پەلسەپە قىسمى» مىللەتلەر نەشرىياتى 1981 – يىل ئۇيغۇرچە 120 – بەت

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقات چۈشەنچىلىرىدە ئەرۋاھلارغا، تۇتېمغا، تەبىئەتكە (كۆك تەڭرىسىگە)، ئەجداتلار (بوۋىلار) غا، پېرىخونلۇققا چوقۇنۇش بولغان. شۇنداقلا باشقا خىيالىي، تەبىئەتتىن تاشقىرى شەيئىلەرگە سۇيۇنۇش ئېقىدىسىمۇ ئەۋج ئالغان. ئالىملار ئىپتىدائىي جەمئىيەتنى ئاساسەن مۇنداق 3 تارىخىي باسقۇچقا - ئايالالار شەجەرىسىنى ئاساس قىلغان جەمئىيەت، ئەرلەر شەجەرىسىنى ئاساس قىلغان جەمئىيەت ۋە قەبىلىلەر ئىتتىپاقى ئاساسىدىكى جەمئىيەتكە بۆلىدۇ. دىنشۇناسلار، بۇ خىل ئىجتىمائىي تارىخىي باسقۇچتا تۇتېمغا چوقۇنۇش، بوۋىلارغا چوقۇنۇش ۋە تەبىئەتكە چوقۇنۇشتىن ئىبارەت 3 خىل دىنىي ئېتىقات شەكلى بولغان؛ ئەندى بۇ خىل دىنىي ئېتىقات ھالەتلىرى پەيدا بولۇشنىڭ ئالدى - كەينىدە ياكى شۇ ھالەتلەرنىڭ ئىچىدە يەنە تەبىئەتتىن تاشقىرى، خىيالىي شەيئىلەرگە - روھقا چوقۇنىدىغان ئانىمىزىملىق ئېتىقاتمۇ ئەۋج ئالغان دەپ قارايدۇ.

ئانىمىزىم 19 - ئەسىردە ئۆتكەن ئەنگلىيىلىك ئېتنوگراف تىلور ئەڭ ئىپتىدائىي دىنىنىڭ كېلىپ چىقىشى ئۈستىدە توختالغاندا ئوتتۇرىغا قويغان ئاتالغۇ بولۇپ، لاتىنچە "ھەممە نەرسىدە روھ، ئەرۋاھ بولىدۇ" دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە: ئىنسانلار ئەڭ بۇرۇن ئەرۋاھلارغا ئىشەنگەن. ئىپتىدائىي ئادەملەر دۇنيادىكى بارلىق شەيئىلەر، مەيلى ھايۋان، ئۆسۈملۈك، نەرسە، ھادىسىلەر بولسۇن بۇلارنىڭ ھەممىسىدە روھ بولىدۇ. ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ روھى بىر خىل ئەرۋاھقا ئايلىنىدۇ. تەبىئەتتىكى ئاجايىپ - غارايىپ، خىلمۇ - خىل ھادىسىلەرنىڭ ھەممىسى روھقا ئايلىنىدۇ، ئىنسانلارنىڭ ئابستراكت تەپەككۇرىنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئانىمىزىم قاراشلىرى بارلىق دىنلار ئۆز ئىچىگە ئالغان، بەكلا كېڭەيگەن بىر خىل دىنىي تەركىپكە ئايلاندى. ئىپتىدائىي ئادەملەر ئۆز بەدىنىنىڭ تۈزۈلۈشىنى ئازراقمۇ چۈشەنمەيتتى، ئۇلار چۈشىدە ئۆزىنى ۋە باشقىلارنى كۆرەتتى، ئۆلۈكلەرنىڭ تېنىنىڭ ئۇرۇغ كوللېكتىۋىدىن ئايرىلىپ چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلاردا بىر خىل ئاجايىپ - غارايىپ خىياللار، تەلپۈنۈش، ھۆرمەت، سۆيۈنۈش ياكى قورقۇنۇش، ۋەھىمە پەيدا بولغان. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە كۆرگىلى بولمايدىغان غۇۋا، خىيالىي مەنزىرىلەر نامايەن بولۇپ، بۇ مەنزىرىلەردە ئادەم بەدىنىنىڭ كۈچىدىن ئېشىپ چۈشىدىغان كۈچ - قۇدرەت باردەك تۇيۇلاتتى. ئىپتىدائىي ئىنسانلاردا يەك (جىن - شەيتان) لار ۋە روھقا ئالاقىدار ئۇقۇمنىڭ پەيدا بولۇشى مۇشۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئېنگېلس مۇنداق دېگەن ئىدى: «يىراق قەدىمقى زامانلاردا، كىشىلەر ئۆزىنىڭ تەن - تۈزۈلۈشىنى پۈتۈنلەي بىلمەگەنلىكى ھەمدە چۈشىدىكى نەرسىلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقى ئارقىسىدا ئۇ-

لاردا، تەپەككۇرىمىز بىلەن تۇيغۇمىز ئېنىمىزنىڭ ھەرىكىتى ئەمەس، بەلكى، بىر تۈرلۈك ئالاھىدە بولغان، تەندە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ۋە ئادەم ئۆلگەندە تەندىن چىقىپ كېتىدىغان جاننىڭ ھەرىكىتى ئىكەن، دەيدىغان ئىدىيە بارلىققا كەلگەن ئىدى. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن كىشىلەر مۇنداق جاننىڭ تاشقى دۇنياغا بولغان مۇناسىۋىتى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزىدىغان بولدى. ئەگەر جان ئادەم ئۆلگەندە تەندىن چىقىپ كېتىپ داۋاملىق ھايات تۇرىۋېرىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭمۇ ئۆلىدىغانلىقى توغرىسىدا بىرەر تەسەۋۋۇرنىڭ بولۇشىغا ئاساس قالمايدۇ؛ مۇنداق ئىدىيىنىڭ شۇ تەرەققىيات باسقۇچىدا ۋۇجۇتقا كېلىشى ھەرگىز بىر تۈرلۈك تەسەللى ئەمەس، بەلكى قارشى تۇرغىلى بولمايدىغان بىر تۈرلۈك تەقدىر ئىدى... شەخسىنىڭ ئۆلمەيدىغانلىقى توغرىسىدىكى تېتىقسىز ئويدۇرمىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك پەيدا بولۇشىغا دىنىي جەھەتتىكى تەسەللىنىڭ ئېھتىياجى ئەمەس، بەلكى كىشىلەرنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك نادانلىقتا تۇرىۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا مەۋجۇت دەپ قارالغان جاننى تەن ئۆلگەندىن كېيىن زادى نېمە قىلىشنى بىلمەسلىكى سەۋەپ بولغان ئىدى.»①

ئۇيغۇرلاردىمۇ ئانىمىزىملىق ئېتىقات بولغان. ئۇلار ئۇرۇقداشلىق دەۋرىدىلا روھ، يەك (جىن - شەيتان) لارغا ئىشەنگەن. كۆنچى دەرياسىنىڭ بويىدىن قېزىۋېلىنغان ② 4000 - 6470 يىل بۇرۇنقى بىر قەۋرىستانلىقتىن بىر يۈرۈش ئاخىرەتلىك بويۇملار تېپىلدى. بۇلار ئىچىدە بىر دانە ئوقيانىڭ كەمتۈكى تېپىلغان، بۇ دەل قەدىمقى تارىملىقلارنىڭ يەك، روھلارغا ئىشەنگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. چۈنكى، ئىپتىدائىي كىشىلەرنىڭ ئوقيادىن ئاساسەن ئۆزىنى مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن پايدىلانغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلگەندىن كېيىنمۇ ئۇنى ھامىي بولىدۇ، دىگەن چۈشەنچىگە كەلگەن بولۇشى مۇمكىن. بۇنىڭدىن باشقا يەنە شۇ گۆرلىكتىن تېپىلغان زىرائەت ئۇرۇقلىرى، تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىمۇ بار. بۇلار ئەلۋەتتە ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ ئۆلگەن ئادەم ئۇ دۇنيادا ئەشۇ نەرسىلەرنى ئىشلىتىدۇ دەپ قارىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. تۈركىي تىلىدىكى خەلقلەرنىڭ ماكانلىرىدا ئادەم شەكلىدە ياسالغان ناھايىتى كۆپ بالبال تىكلەنگەن. بۇ تۈركلەرنىڭ ئەجداتلىرى ئۈچۈن تۇرغۇزۇلغان روھىي ھەيكەلدۇر. ھونلار ۋاپات بولغان كىشىلەرنى ئىگىز تاغلارغا دەپىن قىلغان. بۇ، بىر تەرەپتىن ئاسمان تەڭرىسىگە يېقىن تۇرۇشنى تەسەۋۋۇر قىلغانلىق بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئەجداتلارنىڭ روھى ئىگىز يەردە ھەممىنى

① «ليودۋىگ فېيېرباخ ۋە نېمىس كلاسسىك پەلسەپىسىنىڭ ئاخىرى» «ماركس ئېنگېلس، لېنىن ستالىن، ماۋزېدۇڭ ئەسەرلىرىدىن تاللانما» (پەلسەپە قىسمى) مىللەتلەر نەشرىياتى ئۇيغۇرچە 99 - 100 - بەتلەر.

② «خەلق گېزىتى» 1981 - يىل 2 - ئاي (1 - كۈنى 1 - بېتىگە قارالسۇن)

كۆزدىتىپ، كىشىلەرگە مەدەت بېرىدۇ، دىگەن چۈشەنچىلەردە بولغانلىقىنى كۆرسەتسە كېرەك. ئۇلار يەنە ئۆلگۈچى ھايات ۋاقتىدا رەقىبىدىن قانچىنى يەڭگەن بولسا، شۇنچە تاشنى قەۋرىنىڭ ئەتراپىغا تىزىپ قويغان. ئۇيغۇرلار ئۆلگۈچى ئۈچۈن مەخسۇس قەۋرە قاتۇرىدۇ. بۇ قەۋرىلەرنى ئىنچىكە كۆزەتسەك ئۇ بەئەينى كىشىلەر ئۈچۈن تۇرغۇزۇلغان ھەيكەللەرگە ئوخشايدۇ. مەسىلەن: قەۋرىنىڭ ئەڭ يۇقۇرىسى يىراقتىن قارىغاندا ئادەمنىڭ بېشىغا، ئۇنىڭ تۆۋى دولىسى، قولىغا ئوخشايدۇ. ئۇ بىزگە خۇددى بىر كىشى ھەيكىلىنى ئەسلىتىدۇ. بەزى دىنشۇناسلار ئىپتىدائى دىنىي چۈشەنچىسىنىڭ قالدۇقلىرىنى ئۇنىڭ ھازىرقى دەۋرىدىكى ساقىندىلىرىدىن ئىزدەيدۇ. بىز ئۇيغۇرلارنىڭ بۈگۈنكى تۇرمۇشىدىكى بەزى ئىشلارغا دىققەت قىلساق بۇ مەسىلىدە مەلۇم چۈشەنچىگە ئىگە بولىمىز. مەسىلەن، شاپتۇل، قارىياغاچ قاتارلىقلاردا جىن ئەرۋاھ بولارمىش، ئەسكى ئۆي، مازارلىق، يارلىق يوللارغا جىنلار كۆپ ئولىشارمىش، كىچىك بالا ئاۋاق كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالسا، جىن چاپلىشىپ قاپتۇ دەپ قارىلىدۇ. بۇنى داۋالاشتا جىننى قاچۇرۇش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. ئالدى بىلەن ئاۋاق ئېشى ئېتىپ، ئەسكى لاتىدا قوچاق ياساپ يولنىڭ دوقمۇشىغا قوچاقنى تىكلەپ ئالدىغا تاماق قويىدۇ. ئەگەر بىرەر نەرسە تاماقنى ئىچىپ كەتسە كېسەل ساقىيارمىش. ئۇيغۇرلار ھېيت - ئايەم، نەزىر چىراق كۈنلىرى ئالاھىدە ياغ پۇرۇتۇپ، ئاتا - ئانىلىرى، ئۇرۇق - تۇققانلىرىنىڭ روھىغا دۇئا - تىلاۋەت قىلىدۇ. ئۇيغۇرلاردا ئۆلۈپ كەتكەن بىراۋ توغرۇلۇق گەپ قىلماقچى بولسا، ئالدى بىلەن «X X» نىڭ روھى ئۇۋاتمىسۇن (خىجىل بولمىسۇن) دەپ بولۇپ باشلايدۇ. مېيىت يۇيۇندۇرۇلغان ئۆيگە ئۆلگۈچىنىڭ روھى قاراڭغۇدا قالمىسۇن دەپ قىرىق كۈنگىچە ئۈزۈلدۈرمەي چىراق يېقىپ قويىدۇ. شۇنداقلا مۇنداق جايدىن ئۈزۈنىغىچە كۆچۈپ كېتىشكە بولمايدۇ. كۆچۈپ كەتسە ئۆلگۈچىنىڭ روھى غېرىپ - سىنىپ قالىدۇ، چىرىغى ئۆچۈپ قالىدۇ دەپ قارىلىدۇ. ئۇيغۇرلار يەنە ھايۋانلاردىمۇ روھ بولىدۇ دەپ ئىشىنىدۇ. ئۇيغۇر دىخانلىرى ھويلىسىغا ئىشەك، ئاتنىڭ كاللىسىنى ئېسىپ قويىدۇ. ئاتنىڭ كاللىسىنى قوناقلىقتا ئېسىپ قويىدۇ. مۇنداق قىلغاندا زىرائەتلەر يامان كۆزلەردىن ساقلىنارمىش. قەۋرىلەرنىڭ بېشىغا كۆك قوچقارنىڭ بېشى قويۇپ قويىلىدۇ. قەۋرىنىڭ ئۈستىگە ئارقار، كىيالىنىڭ يوغان مۈگۈزى تىكلەپ قويۇلىدۇ.

ئىپتىدائى ئىنسانلاردا ئانىمىزىملىق قاراش بولۇش بىلەن بىرگە ئۇلاردا يەنە يەك، روھلارنىڭ ياخشى - يامىنى بولىدۇ دەپ قارىغان. ياخشى يەك، روھلار كىشىلەرگە بەخت، خۇشاللىق ئېلىپ كېلىدۇ. يامانلىرى ئاپەت، قايغۇ ئېلىپ كېلىدۇ؛ ئاپەت قايغۇدىن ساقلىنىش، خالاس بولۇش ئۈچۈن تىلاۋەت قىلىش: ئەرۋاھلارنىڭ روھىدىن مەدەت تىلەش زۆرۈر بولۇپ قالىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئىپتىدا-

ئى دىنىي ئېتىقاتلار پەيدا بولغان.

ئانىمىزىملىق قاراشنى رەسمى دىن دېيىشكە بولمايدۇ. كېيىنكى دەۋردە تەگرىگە چوقۇنۇش ئېتىقاتى بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، ئىپتىدائى دىنىي شەكىللەرنىڭ ھەممىسى قوشۇلۇپ كەتتى. ئانىمىزىملىق قاراشلارنىڭ كېيىنكى دىنىي ئېتىقاتلارنىڭ شەكىللىنىشىدە بەلگىلىك رولى بولدى. ئېنگېلس سۈنئى دىنلارنىڭ بارلىققا كېلىشىنى چۈشەندۈرگەندە، ئىستىخىيىلىك دىنلارنىڭ قوشقان تۆھپىسىنى مۇۋاپىق باھالىغان ئىدى: «ئىراق، بۇ خۇدانىڭ ئۆزى - ئۇزاق مۇددەتلىك ئابىستىراكىيىلەشتۈرۈش جەريانىنىڭ مەھسۇلى. ئىلگىرىكى نۇرغۇنلىغان قەبىلىۋى خۇدالار ۋە مىللى خۇدالارنىڭ توپلانمىسىنىڭ جەۋھىرى. بۇنىڭغا ماس ھالدا بۇ خۇدادا ئەكس ئەتكەن ئادەممۇ رىيال ئادەم بولماستىن، ئوخشاشلا نۇرغۇنلىغان رىيال ئادەملەرنىڭ جەۋھىرى، ئابىستىراكىت ئادەم، شۇڭا ئۇنىڭ ئۆزى پىكىردىكى ئوبزاز.»①

شۇنى قىستۇرۇپ قويۇش زۆرۈركى، ئانىمىزىمنى بەزى ئىپتىدائى دىنىي چۈشەنچىلەردىن كەسكىن پەرقلەندۈرۈش قىيىن. ئۇ كۆپ تەرەپلەردە مۇنداق دىنىي چۈشەنچىلەر بىلەن ئوخشۇشۇپ كېتىدۇ، ياكى ئارىلىشىپ كەتكەن بولىدۇ.

تۇتېمغا چوقۇنۇش: تۇتېمغا چوقۇنۇش - ئىپتىدائى دىنىي ئېتىقاتنىڭ بىر شەكلى، تۇتېم (*Totem*) ئامېرىكا ئىندىئانلىرىنىڭ بىر قەبىلىسىنىڭ تىلى بولۇپ، مەنىسى «ئۇنىڭ ئۇرىغى» دىگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان، بۇ سۆز قەدىمقى تۈركى تىلىدا «ئونگۇن» دىگەن سۆز بولۇپ «ئوزۇق بولسۇن» «قۇتلۇق بولسۇن» دىگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

كۆپلىگەن ئالىملار تۇتېمغا چوقۇنۇش ئىپتىدائى جەمىيەتنىڭ ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق باسقۇچىدا، ياكى ئۇنىڭدىن بۇرۇنراق بارلىققا كەلگەن دەپ قارايدۇ.

تۇتېم ئېتىقادى بىر خىل دۇنياۋى خاراكتىرلىق ئومۇملاشقان ھادىسە. ئۇ ئىنسانىيەت تەدرىجى تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ تۆۋەن باسقۇچى - نادانلىق دەۋرىنىڭ ئىدىيولوگىيىسى بولۇپ، كونا تاش قۇراللار دەۋرىنىڭ ئوتتۇرىلىرى، بەزى مىللەتلەردە كونا تاش قۇراللار دەۋرىنىڭ ئاخىرلىرىدا بارلىققا كەلگەن.

نادانلىق دەۋرىدە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ناھايىتى تۆۋەن سەۋىيىدە بولۇپ، ئىپتىدائى ئىگىلىكنىڭ ئاساسى بولغان بېلىقچىلىق، ئوۋچىلىق ئىقتىسادى خۇددى بىر ئىزدا توختاپ قالغاندەك، تارىخ تەرەققىياتىدا ئالاھىدە ئۆزگىرىش، يۈكسىلىش بولمايۋاتقاندەك ئەھۋالدا ئىدى. بۇ دەۋردە كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائى قۇ-

① ئېنگېلس «لىودۋىگ فېيېرباخ ۋە نېمىس كلاسسىك پەلسەپەسىنىڭ ئاخىرى»، ئۇيغۇرچە نەشرى ~~125-126 - بەتلىر~~

49 - بەت

رولىسى قانداشلىق مۇناسىۋەت ئاساسىغا قۇرۇلغان بولۇپ، بۇ دەۋردىكى ئىنسانلاردا مۇئەييەن، ئابستراكت تەپەككۇر ئىقتىدارى بولسىمۇ، لېكىن ئۆزلىرىنىڭ تەبىئەت، هايۋان، ئۆسۈملۈك ۋە جانسىز جىسىملاردىن روشەن پەرقلىنىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئايرىۋېلىش ئاڭلىقلىقى تېخىچە كەم ئىدى.

دىنشۇناسلار، چوقۇنىدىغان تۇتېم ئوبيېكتى ئاساسەن هايۋان، ئۆسۈملۈك ئېكەنلىكى، كېيىنچە باشقا شەيئىلەرمۇ بولغانلىقىنى قەيت قىلىپ ئۆتىدۇ. ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئۆسۈملۈك، هايۋان ياكى باشقا نەرسىلەرنى ئۆزلىرىنىڭ دەسلەپكى ئەجدادى دەپ چوقۇنغان. هەر بىر ئۇرۇقدا بىر تۇتېم بولغان، هەر بىر ئۇرۇق ئەزالىرى ئۆزلىرىنى ئۆز ئۇرۇغىنىڭ تۇتېمى بىلەن قانداشلىق مۇناسىۋەتتە دەپ قارىغان. ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ نەزىرىدە تۇتېملار ئىنسانلارغا قارىغاندا ناهايىتى زور ئىقتىدارغا ئىگە بولغاچقا ياكى ئىلاھ دەپ قارالغاچقا، ئۇلارغا ئالىيىپ قاراش، چېقىلىش قەتئىي مەنئىي قىلىنغان. بۇ خىل چۈشەنچە ناهايىتى تۆۋەن سەۋىيىدىكى چۈشەنچە بولسىمۇ، لېكىن ئەينى تارىخىي شارائىتتا ئىپتىدائىي ئۇرۇق ئەزالىرى بۇ خىل خىيالىي تەسەۋۋۇرنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ باشقا ئۇرۇق كوللېكتىۋىدىن روشەن پەرقلىق ئىكەنلىگى بەلگىلىگەن. بۇ ئەلۋەتتە ئۇرۇقداشلىق مۇناسىۋەت ئاساسىدىكى ئۇرۇق جەمەتىنى مۇستەھكەملەشتە بەلگىلىك رول ئوينىغان.

مىللەت - بىر تارىخىي كاتېگورىيە، ئۇ بىر قانداشلىق سىستېمىدىن كېلىپ چىققان بولماستىن، بەلكى كۆپلىگەن غەيرىي قانداش قەبىلىلەرنىڭ قوشۇلۇشىدىن شەكىللەنگەن ئورتاق گەۋدە. تۇتېم ئېتىقادى ئۇرۇقداشلىق دەۋرىدە بولغاچقا، بىر مىللەت ئوخشىمىغان تۇتېمغا چوقۇنىدىغان تۈرلۈك ئۇرۇق، قەبىلىلەرنىڭ قوشۇلۇشىدىن تەدرىجىي شەكىللەنگەن.

يازما مەنبەلەر ۋە ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارغا قارىغاندا، ئۇيغۇر مىللىتىنى شەكىللەندۈرگۈچى قەدىمقى هەر قايسى ئۇرۇغ، قەبىلىلەردە تۇتېم ئېتىقات چۈشەنچىسى كەڭ تارقالغان. «شوۋېن» (说文) دىگەن كىتاپتا: شىمالدىكى دى (狄) لار ئىتنى ياخشى كۆرىدۇ، دېيىلگەن. ئىتقا چوقۇنۇش دۇنيادا كۆپلىگەن مىللەتلەردە كەڭ تارقالغان ئىجتىمائىي ئېتىقاتلارنىڭ بىر خىلى. ئۇيغۇرلارنىڭ بەزىبىر ئۇرۇغ قەبىلىلىرى بۆرىنى تۇتېم قىلغان «ۋېي نامە، هونلار تەزكىرىسى» دە: «هون قىزى بىلەن بۆرىنىڭ ئالاقىسىدىن تەگرىقۇت تۇغۇلغان» دېيىلىدۇ. «جۇنامە تۈركلەر تەزكىرىسى» دە: «تۈركلەرنىڭ بايرىقىغا ئالتۇن رەڭلىك بۆرى بېشى چۈشۈرۈلگەن. نەۋكەرلەر فولى(ئۇيغۇرچە بۆرى) نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى-附离دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ بۆرى دىگەنلىك، ئۇلار ئەسلى بۆرىدىن تۇغۇلغان دىگەن سۆزدۇر. شۇڭا بۇ، ئەسلىنى ئۇنۇتماسلىقنىڭ نىشانىسى قىلىنغان» دېيىلگەن. «يېڭى تاڭنامە. تۈركلەر تەزكىرى-

سى» دە: «ئۇوردىنىڭ ئىشىگى ئالدىدىكى ياغاچقا ئالتۇن رەڭلىك بۆرە بېشىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن تۇغ ئېسىلغان، ئۇلار شەرققە قاراپ ئولتۇرىدۇ»؛ «خاقان تەختكە ئولتۇرىدىغان چاغدا.... ئالدى بىلەن بۆرە بېشى تۇغىغا تازىم قىلغاندىن كېيىن ئاندىن ئولتۇرىدۇ.» ① دېيىلگەن، سوۋېت ئارخېئولوگلىرى تاشقى مۇڭغۇلىيە تەۋەسىدىن بىر بۇتخانا خارابىسىنى قازغاندا، بىر كەمەر تېپىلغان بولۇپ، كەمەر تۇقىسىغا بىر چىشى بۆرىنى تۆت تۈرك ئوغۇل بالا ئېمىپ تۇرغان كۆرۈنۈش چۈشۈرۈلگەن (ئىبراھىم مۇتىئى «ئالتاي مىفلىرى توغرىسىدا») «كۆل تېگىن مەڭگۈ تېشى» دا «بىزنىڭ ئەسكەرلىرىمىز خۇددى بۆرىدەك ئىدى» دىگەن سۆز بار. خەنزۇچە يازما ھۆججەتلەردە خاتىرىلەنگەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجداتلىرىغا ئائىت بىر قانچە ئەپسانىلاردا بۆرىدىن ئادەم تۇغۇلغانلىقى، «ئاشنا» ناملىق چىشى بۆرىنىڭ ئىسمىنى ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىگە پەملە قىلغانلىقى سۆزلەنگەن. «ئوغۇز نامە» دە كۆك تۈكلۈك كۆك يايلىق بىر ئەركەك بۆرى ئوغۇزخان قوشۇنىغا يول باشلاپ ماڭىدۇ. شۇنداقلا ئوغۇزخان: «بۆرى بىزنىڭ بەلگىمىز بولسۇن» دەيدۇ.

ھازىرقى ئۇيغۇرلار بۆرىنى بەك ياخشى كۆرۈپ كەتمەيدۇ. ئۇ، ۋەھشى، يىرتقۇچ ھايۋان دەپ قارىلىدۇ، لېكىن بەزىبىر ئالامەتلەردىن ئېپتىدائىي بۆرىگە چوقۇنۇش چۈشەنچىسىنىڭ قالدۇق تەسىرىنى ھېلىھەم ئۇچرىتىشقا بولىدۇ، مەسىلەن: ئۇيغۇرلار: «ئوغۇل تۇغدىمۇ، قىزمۇ» دىگەن سوئالنىڭ ئورنىغا «بۆرە تۇغدىمۇ، تۈلكىمۇ» دىگەن مېتافورانى ئىشلىتىدۇ، يەنە ئوغۇلنى بۆرىگە يەنى باتۇر، قورقماسلىققا سىمۋول قىلىدۇ. كىشىلەر بۆرىنىڭ ھوشۇغىنى يېنىدا ئېلىپ يۈرسە، پالاكەتكە يولۇقماسمىش، بۆشۈكنىڭ ياغىچىغا بۆرە ئۇشىغى ئېسىپ قويىلىدۇ. ئاياللارنىڭ كۆزى يورىغاندىن كېيىن بۆرىنىڭ تېرىسىگە يۆگەلۈپ ياتسا سالامەتلىكى تېز ئەسلىگە كېلەرمىش، جەنۇبى شىنجاڭ تەرەپلەردىكى ئۇيغۇرلار ياغاچ چۆمۈش ئىشلىتىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇستىلار چۆمۈچنىڭ سېپىغا ماھىرلىق بىلەن بۆرىنىڭ بېشىنى ئويۇپ چىقىرىپ قويىدۇ.

قەدىمقى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا قۇشلارنى ياخشى كۆرۈش چۈشەنچىسىمۇ بولغانلىقى مەلۇم. بەزى تارىخى پاكىتلارغا قارىغاندا، «ئاققۇ» قەدىمقى ئۇيغۇرلار نەزىرىدە ئالاھىدە قۇش ھىساپلىناتتى. ئاققۇنى ئېيزىزلەش قەدىمقى ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى خەلقلەرنىڭ نىسبەتەن ئورتاق ئەقىدىسى بولغان. يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك» تە ئاققۇنى ئالاھىدە تەسۋىرلەيدۇ. ھازىر ئۇيغۇرلار ئارىسىدا «ئاققۇنى ئۆلتەرسە قولى تىترەيدىغان بولۇپ قالىدۇ» دەيدىغان ئەقىدە بار،

① جاڭ يۈي: «شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەپسانىلىرى توغرىسىدا مۇھاكىمە» «شىنجاڭ مىللەتلەر ئەدەبىياتى» خەنزۇچە، 1985 - يىل 2 - سان 113 - بەت.

لېكىن ئۇنى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ تۇتېم قىلغانلىقى ھەققىدە تېخىچە ئېنىق مە-
لۇمات يوق.

ئات قەدىمقى ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسىم ئۇرۇغ، قەبىلىلىرىنىڭ نەزىرىدە ئا-
لاھىدە ھايۋان دەپ قارىلاتتى. ئەپسانىلاردا ئېيتىلىشىچە، ئاق ئاتقا ئۇرۇش ئى-
لاھى مىنىپ يۈرەرمىش. بايقال كۆلى ئەتراپىدىكى قىيا تاشلاردا كۆپلىگەن رە-
سىملەر بولۇپ ئۇنىڭ بىرىدە ئاتنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن. ئۇنىڭدا بىر ئات ئال-
دىندا ئوخچۇپ چىقىپ كېتىۋاتقانلىقى ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدۇ. ① تەتقىقاتچىلار
ئۇنى 6 مىڭ يىل بۇرۇنقى سۈرەتلەر دەپ قىياس قىلىشماقتا. «كۆل - تېگىن
مەڭگۈ تېشى» (م. 732 - يىل) دا: كۆل تېگىن ئىلگىرى - كېيىن 9 قېتىم
باشقا - باشقا ئاتقا مىنىپ جەڭگە قاتنىشىدۇ. ئاق ئاتقا مىنىپ قىلغان جەڭلەردە
غەلىبە قىلىدۇ. باشقا رەڭدىكى ئاتلارنى مىنسە مەغلۇپ بولىدۇ، دېيىلگەن. بۇ قى-
يا تاشتىكى رەسىملەر ۋە باشقا رىۋايەتلەردىن ئەجداتلىرىمىزنىڭ ئاتنى ئىلاھىي-
لاشتۇرۇپ قارىغانلىقىنى چۈشىنىۋالالايمىز. قەدىمقى ساكلار داغدۇغىلىق مۇراسىملار-
دا ئاتنى قۇربانلىق قىلغان، سەۋەپ ئادىمىزات ئارىسىدا ئەڭ تېز يۈگرەيدىغان
ئات، ئىلاھلار ئارىسىدا سۈرئىتى ئەڭ تېز بولغان «قۇياشقا ھەمكارلىشالايدۇ» دەپ
ئويلىغان. ② «ئىرىق پۈتۈك» 71 - قۇردا مۇنداق بىر چۈش تەبىرى بار: «ئەر
ئۆمۈلەپ بېرىپ تەڭرىگە دۇچ كېلىپ بەخت - سائادەت سوراپتۇدەك. (تەڭرى)
قۇت - بەخت بېرىپ، ئېغىلىڭدا يىلقىڭ بولسۇن، ئۆزۈڭ ئۇزۇن ئۆمۈرلۈك بول،
دەپتۇدەك. بىلىڭلاركى، بۇ ئەزگۈ.» بۇ يەردە تەڭرى پەقەت ئېتىڭلار بولسۇن دى-
گەن. بۇنى ئات ئەقىدىسىدىن دەپ قاراش مۇمكىن. ھازىر ئۇيغۇرلار ئارىسىدا
«ئات - ئەگە قانات» دىگەن ھېكمەتلىك ماقال بار.

كالا، ئۇيغۇرلارنىڭ بەزىبىر ئۇرۇق - قەبىلىلىرى ئىززەتلىگەن مەخلۇقلارنىڭ
بىرى. تاڭ دەۋرىدە ئۆتكەن دۆەن چىڭشى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجداتلىرى ئارىسىدا
تارقالغان مۇنداق بىر رىۋايەتنى تىلغا ئالىدۇ: «تۈركلەرنىڭ ئەجدادى سەك دۆ-
لىتىدە بارلىققا كەلگەن. نىشىدو ۋاقتىغا كەلگەندە ئۇ ئىككى خوتۇن ئېلىپ 4
پەرزەنت كۆرگەن. ئۇلاردىن بىرى ئاق غازغا ئايلىنىپ كېتىدۇ، ئۇ ئۇچۇپ كې-
تىش ۋاقتىدا 3 ئوغلىغا: «سىلەر گۇدەن» (古舫) دىگەن كىتاپنى كۆرۈڭلار
دەپتۇ. ئۇ كىتاپتا كالا ھەققىدە يېزىلغانلىقى ئۈچۈن، 3 ئوغۇل كالىغا ئەگىشىدى-
غان بولۇپتۇ» ③

① ئىبراھىم مۇتىئى «ئالتاي مېغلىرى توغرىسىدا» دىن.
② ھىرۇدوت: «تارىخ» خەنزۇچە 274 - بەت.
③ «دىيوياڭ خاتىرىلىرى» دۆەن چىڭشى.

سوۋېت تىلشۇناسى باسكاكوپ «ئوغۇزە سۆزىنىڭ ئېتمولوگىيىسى ھەققىدە توختۇلۇپ: « بەزىلەرنىڭ قوبۇل قىلىشىغا تىگىشلىك مۇنداق بىر خىل قارىشى بار، ئۇلار ئۇغۇز - ügüz دىگەن سۆز ئۆكۈز - höküz دىگەن سۆزدىن كەلگەن دەپ قارايدۇ. بۇ كالىنى تۇتېم قىلغان قەبىلىنى بىلدۇرىدۇ» دەيدۇ②. دىمەك قەدىمقى ئۇيغۇز قەبىلىلىرى ئارىسىدا كالىنى تۇتېم قىلغان ئۇرۇغلار بولۇشى مۇمكىن. «ئۇغۇز نامە» نىڭ 2 - قۇرىدا بىر كالىنىڭ رەسىمى چۈشۈرۈلگەن، بۇ مەقسەتسىز سىزىلغان رەسىم ئەمەس ئەلۋەتتە. قەدىمقى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا يەنە شىر (ئارسلان)، تۆگە (بوغرا) لارنى تۇتېم قىلغان قەبىلىلەرمۇ بولغان. مەسىلەن: قەدىمقى كۇچار خانلىرى ئۆزلىرىنى ئارسلان خان دىگەن ھۆرمەت نامە بىلەن ئاتىغان. قارا خانىلار قاغانلىرى «بۇغرا»، «ئارسلان» دىگەن سۆزلىرىنى ئۆز ناملىرىغا قوشۇپ ئىشلەتكەن. بۇ ھايۋانلارنىڭ نامى ھەتتا قاغانلارنىڭ دەرىجىلىرىنى كۆرسىتىدىغان بەلگە بولۇپ قالغان. دىمەك بۇنىڭدىن قارا خانىلار دەۋرىدە كىشىلەرنىڭ تۇتېم ئەقىدىسىنىڭ سۇسلاشمىغانلىقىنى كۆرۈش مۇمكىن.

«ئۇغۇزنامە» دە ئۇغۇز خاننى «پۇتى بۇقا پۇتىدەك، بىلى بۆرە بىلىدەك، مۇرىسى قارا بولغۇن مۇرىسىدەك، كۆكسى ئېيىق كۆكسىدەك ئىدى، پۈتۈن بەدىنىنى قويۇق تۈك باسقان ئىدى» دەپ تەسۋىرلەيدۇ. بۇ تۇتېم چۈشەنچىسى ئارقىلىق ئادەمنى سىرلىقلاشتۇرغانلىقنىڭ ئالامىتى بولسا كېرەك. «ئۇغۇزنامە» نىڭ ئەسلى كۆچۈرۈلگەن قەغىزىگە يەنە، بۇغا، قېئات قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ سۆرىتىمۇ چۈشۈرۈلگەن. بۇلار ئەلۋەتتە مەلۇم چۈشەنچىنى بىلدۈرىدۇ.

ئىپتىدائى ئىنسانلاردا ھايۋانلارغا چوقۇنۇش چۈشەنچىسى بولۇش بىلەن بىرگە كېيىنچە ھايۋان ئىلاھىغا چوقۇنۇش ئەقىدىسىمۇ بولغان.

ئىپتىدائى ئىنسانلار ھايۋانلارنىڭ سىرىنى، بەدەن تۈزۈلۈشىنى ئىلمىي جەھەتتە چۈشەنمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۆزىگە جىددى مۇناسىۋەتلىك، ئالاھىدە تەبىئەتلىك ياكى ئۆزلىرى تۇتېم قىلغان ھايۋاننى ئىلاھى قىياپەتتە كۆرۈپ، ئۇلاردىن مەلۇم بىرىگە چوقۇنىدى ياكى ئۇلارنى باشقۇرىدىغان تەسەۋۋۇردىكى بىر ئىلاھنىڭ بولىدىغانلىقىنى خىيال قىلىشتى. بۇنىڭ بىلەن مەخسۇس ھايۋان ئىلاھىغا ياكى ئىلاھى ھايۋانغا ئاتاپ نەزىر - چىراق قىلىش، ئۇلاردىن مەدەت تىلەش پائالىيەتلىرى ئېلىپ بېرىلدى. ئىلاھى ھايۋاندىن بىر قىسىم ھايۋانلارنىڭ ئۆزىگە مەنپەئەت يەتكۈزۈپ تۇرىشىنى، بىر قىسىملىرىنىڭ تەھلىكىسىنى توسۇشىنى ئۈمىت قىلىشتى.

---

① ن.ئا. باسكاكوپ: «ئۇغۇز»، «ئۇغۇز قاغان» سۆزىنىڭ ئېتمولوگىيىسى توغرىسىدا، «سوۋېت توركولوگىيىسى» ژورنىلى 1983 - يىلى 2 - سان. «مىللەتلەر تەرجىمىلىرى» خەنزۇچە 1982 - يىل 3 - سان، 74 - بەت.

قەدىمقى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا دەرەخ (ئۆسۈملۈك) كە چوقۇنۇش ئەقىدىسى كەڭ ئومۇملاشقان. يۈەن دەۋرىدە ئورنۇتۇلغان «ئىدىقۇت قوجۇ خاندانلىقى تۆھپە مەڭگۈ تېشى» دا مۇنداق بىر ئەپسانىۋى رىۋايەت بار: «... ئۇيغۇرلار يۇرتىدا خېلىن دىگەن بىر تاغ بولۇپ ئۇ يۇرتتىكى 2 دەريا ئەنە شۇ تاغنى مەنبە قىلغان. ئۇنىڭ بىرى توغۇسى دەرياسى، يەنە بىرى شولىڭگې (سىلىڭگې) دەرياسى دەپ ئاتىلىدۇ. بىر كۈنى كەچتە ئاسماندىن دەرەخكە شولا چۈشۈپتۇ. 2 دەريا ئارىلىغىدىكى خەلقلەر ئۇنى كۆزىتىپ تۇرۇپتۇ. بۇ دەرەخ خۇددى ئادەم قوساق كۆتەرگەندەك قوساق سېلىپ قاپتۇ. بۇ شولا دەرەخكە ئۇدا 9 ئاي 10 كۈن چۈشكەندىن كېيىن ھېلىقى دەرەخنىڭ قوسىغى يېرىلىپتۇ. ئۇنىڭدىن 5 بالا چىقىپتۇ، بۇلارنىڭ ئەڭ كىچىگى ئەردەن - بۆكۈ خاقان ئىكەن، قەددى قامەتلىك ئىكەن. ئۇ خەلقنى ئاينتىپتۇ ۋە يۇرتنى گۈللەندۈرۈپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاقساقال بوپتۇ.)①

13 - ئەسىردە ئۆتكەن ئاتاغلىق پارس تارىخچىسى جۇۋەينى يوقۇرقىغا ئوخشاش بىر ئەپسانىۋى رىۋايەت توغرىسىدا مۇنداق بىر خاتىرە قالدۇرغان: «بالىلاز توغۇلغاندىن كېيىن، ئۇلاردىن ئۆزىنىڭ ئاتا - ئانىسىنى سوراپتۇ، كىشىلەر 2 توپ دەرەخنى كۆرسىتىپتۇ... (ھىكايە قىلىنىشىچە بالىلار ئەنە شۇ 2 توپ دەرەخنىڭ يوغىنىشىدىن تۇغۇلغان ئىكەن) بالىلا دەرەخنىڭ قېشىغا كېلىپ خۇددى ئاتا - ئانىسىغا ھۆرمەت قىلغاندەك ئۇلارغا چوقۇنىدىغان بولۇپتۇ. 2 توپ دەرەخ تۇيۇقسىز ئادەمدەك سۆزلەپ كېتىپتۇ: «پەزىلەتلىك، ياخشى بالىلار بۇ يەرگە دايىم كېلىپ تۇرۇڭلار، مېھرى - شەپقەت، ۋاپانى ئىسىڭلاردىن چىقىرىپ قويماڭلار، سىلەرنىڭ ئۆزۈن ئۆمۈر كۆرىشىڭلارنى، ناملارنىڭ مەڭگۈ ئۆچمەسلىگىنى ئۈمىت قىلىمىز» دەپتۇ. ② مەشھۇر تارىخچى رەشىدىدىن بۆكۈ خان ھەققىدە توختالغاندا (ئۇ) قەدىمقى دەۋرىدە ئۆتكەن ئۇلۇغ خاقان بولۇپ، ئۇيغۇر ۋە باشقا ناھايىتى كۆپ قەبىلىلەر ھۆرمەتلەيدۇ. ئۇلار ئۇنى دەرەختىن تۇغۇلغان دېيىشىدىكەن». دەيدۇ.③ ئىتالىيىلىك ئاتاغلىق سەيياھ ماركو پولو شىنجاڭدىن ئۆتكەندە، بۇ يەردە كىشىلەر ئارىسىدا تارقالغان دەرەختىن ئىنسان تۇغۇلىدىغانلىقى ھەققىدىكى قىزىقارلىق ئەپسانىۋى ھىكايىلارنى خاتىرىلىۋالغان. ئۇ: «ئۇلار (ئۇيغۇرلار) نىڭ ئېتىشىچە ئۆزلىرىگە ئەڭ بۇرۇن ھۆكۈمرانلىق قىلغان خاقان ئادەمدىن تۇغۇلمى-

---

① گىڭشىمىن، تۇرسۇن ئايۇپلار تەييارلىغان «قەدىمقى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى داستانى ئوغۇز نامە» مىللەتلەر نەشرىياتى مۇقەددىمە 12 - بەت ئۇيغۇرچە.

② جۇۋەينى: «تارىخى جاھان كوشاي» («دۇنيانى بويسۇندۇرغۇچىلار تارىخى») خەنزۇچە، ئىچكى موڭغۇل خەلق نەشرىياتى 1981 - يىل 1 - قىسىم 63 - بەت.

③ يوقۇرقى كىتاپ 69 - بەتتىكى ئىزاھاتتا كەلتۈرۈلگەن نەقىل.

غان ئىكەن... (ئۇ) (esca) دەپ ئاتىلىدىغان بىر دەرەختىن تۇغۇلغان ئىكەن» دەيدۇ.①

«ئوغۇز نامە» دە ئوغۇزخاننىڭ دەرەخنىڭ كاۋىكىدىكى گۈزەل بىر قىزغا ئۆيلەنگەنلىكى تەسۋىرلىنىدۇ. «دوساڭ موڭغۇل تارىخى» دىگەن كىتاپتىمۇ «بۆكۈخان ھەققىدىكى رىۋايەت» دە دەرەختىن ئۇيغۇرلار خاقانى ۋە ئۇنىڭ ئاكىلىرى تۇغۇلغانلىقى ھەققىدىكى ئەپسانىلىق رىۋايەت بار. كۆنچى دەرياسى ۋادىسىدىن تېپىلغان 6470 - 4000 يىل بۇرۇنقى جەسەتنىڭ يېنىدىن بىر باغلام چاكاندا چىققان. بۇ قەدىمقى تارىملىقلارنىڭ ئۆسۈملىككە چوقۇنغانلىقىنىڭ ئىپادىسى بولسا كېرەك. ئۇيغۇر ئىتىنىك تەركىۋىنى شەكىللەندۈرگۈچى قەدىمقى ساكلار ئۆسۈملۈكنى بەك ئىززەتلىگەن. ئۇ قەيەرگە بارمىسۇن ئۆزى ئېتىقات قىلىدىغان ئۆسۈملۈك يوپۇرمىقىنى بىرگە ئېلىپ يۈرىدىكەن.② يونان تارىخچىسى ھېرودوت ئۆزىنىڭ «تارىخ» ناملىق كىتاۋىغا ماسساگىتلار (ساكلار)نىڭ مىۋىلەرنى توپلاپ، گۈلخان يېقىپ، ئۇنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ ئوتقا مىۋە تاشلاپ خۇشپۇراق چىقىپ مەس قىلغۇچى گىيالار پۇرىغى ۋە ئىسسىرىقلىرىدىن مەس بولۇشۇپ، ناخشا ئوقۇپ ئۇسۇلغا چۈشىدىغانلىقىنى يازغان.

ھازىر ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئۆسۈملۈك (دەرەخ)نى ئىززەتلەش، ئەتىۋارلاش ئەقىدىسى يەنىلا ساقلانماقتا. ئۇيغۇرلار بىر قىسىم ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇرۇقىنى يېغىپ تۇمار ياساپ بۆشۈككە ئېسىپ قويىدۇ، باللارنىڭ بويىنىغا، ھەتتا چوڭ كىشلەرنىڭ بويۇن، قولتۇقىغا ئېسىپ قويىدۇ. مۇنداق قىلسا كېسەلدىن ياكى يامان كۆزلەردىن ساقلىنارمىش. ئۇيغۇرلار چوڭ، ئۇزۇن يىللىق، يالغۇز دەرەخلەرنى كەسمەيدۇ. جەنۇبى شىنجاڭ يېزىلىرىدا 500 نەچچە يىللىق دەرەخلەر خېلى بار. ئاۋات ئېشى ئەتكەندە دەرەخلەرنىڭ تۈۋىگە قويۇپ قويىدۇ. قەشقەر ئوپالدا مەخمۇت قەشقىرى تىككەن دەپ رىۋايەت قىلىنىپ كەلگەن «ھاي - ھاي تېرەك» ئاز كام مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە ئىكەن. ئۇزۇن يىللاردىن بېرى كىشلەر ئۇنىڭغا تاۋاپ قىلىپ كەلمەكتە. ئۇنى ئاغرىق - سىلاق كىشىلەرگە شىپالىق بېرىدىغان مۇقەددەس دەرەخ دەپ قاراپ كەلمەكتە. مۇنداق دەرەخلەر شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىدىمۇ بار. ئادەتتە چوڭ كىشلەر ئۈتۈننىڭ ئۈۋىقىنى ناننىڭ ئۇۋىقى بىلەن باراۋەر قارايدۇ. ئۈژمە دەرىخىنى ئۇيغۇرلار ھەممىدىن ياخشى كۆرىدۇ دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. يېزىلاردا ئاساسەن ھەر بىر ئائىلىدە ھېچ بولمىغاندا ھەر بىر مەھەللىدە بىرەر تۈپ

① «تارىخى جاھان كوشاي» 1 - قىسىم 68 - 69 - بەتتىكى ئىزاھاتقا كەلتۈرۈلگەن نەقىل. خەنزۇچە.

② ۋاڭ بىڭخۇا: «قەدىمقى دەۋردىكى ساكلارنىڭ شىنجاڭدىكى تارىخى ئىزلىرى» «شىنجاڭ ئىجتىمائى پەنلەر تەتقىقاتى» ژورنىلى 1985 - يىل 2 - سان، 127 - بەت.

ئۈژمە دەرىخى ئۆستۈرۈلىدۇ. تۇنجى قېتىم ئۈژمە پىشقاندا ئۆي ئىگىسى خوشنىلار ۋە ئۇرۇق - تۇققانلارنى چاقىرىپ بىرلىكتە يېيىشىدۇ. كىشىلەر ئارىسىدا يەنە ئۈژمە قويسا ساۋاپ بولىدۇ دېگەن قاراش بار.

يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش راۋاجلانغان ئورۇنلاردا زىرائەتلەرنى ئەتىۋارلاش ئەقىدىسى تارقالغان. ئۇيغۇرلارنىڭ يىغىش ۋە ئوۋچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان دەۋرلىرىدىكى ئىپتىدائىي زىرائەتلەرگە چوقۇنۇش ئادەتلىرىنىڭ قانداق ئىكەنلىكى توغرىسىدا ماتېرىيال مەنبەئەسى يېتەرسىز. بىراق ھازىرقى تۇرمۇشتىكى قالدۇق تەسىرلەردىن ئازدۇر، كۆپتۇر مەلۇماتقا ئىگە بولىمىز. زىرائەتنىڭ ماھىيىتى داندا، شۇڭا ئالدى بىلەن دان ۋە ئۇنىڭدىن ئېزىپ قىلىنغان ئۇن، خېمىر ئەتىۋارلىنىدۇ. ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە خېمىردىن بولغان بالىلار ھەققىدە تەسۋىرلەر بار، بۇنداق بالا ئوتتا كۆيمەيدۇ، ھەر قانداق دۈشمەن يېڭەلمەيدۇ، ناھايىتى ئەقىللىق بولىدۇ. ئۇ تەڭداشسىز كۈچكە ئىگە بولۇپ، ئادەم بالىسىدىن ئىختىدار جەھەتتە ئۈستۈن تۇرىدۇ. («خېمىر باتۇر» ناملىق چۆچەككە قاراڭ)

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا زىرائەت ئۇرۇغلىرى ناھايىتى ئەتىۋارلىنىدۇ، بىرەر تال داننىڭ چېچىلىپ كېتىشىگە يول قويمايدۇ.

نان ئۇيغۇرلار ئەڭ ئەتىۋارلايدىغان زىرائەت مېۋىسى، ئۇيغۇرلار ناننىڭ ئۇۋۇقىنى يەرگە چۈشۈپ كەتسە ئاۋايلاپ تېرىۋېلىپ پۈلەپ ئاغزىغا سېلىۋالىدۇ. بىرەر ئىشتا قەسەم ئىچمەكچى بولسا «نانغا دەسسەپ بېرەي» دېسە، بىراۋ باشقىلارنى قاغىماقچى بولسا «نان ئۇرسۇن» دەيدۇ. بۇ شۇ ساھەدىكى سۆزنىڭ ئەڭ يۇقۇرى چېكىدۇر.

ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئىسرىق سېلىش ئادىتى بار. ئىسرىق سالىدىغان نەرسە ئادىراسمان، ئارتۇچ (ئارچا) دەرىخى قاتارلىقلار. بۇ ئۆسۈملۈك ياكى ياغاچنى كۆيدۈرۈپ، كېسەللىكنى كەتكۈزۈش، جىن قوغلاشنى مەقسەت قىلغان. بۇنىڭدا ئۆسۈملۈك ئىلاھىي ۋاستە قىلىنغان دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. خەلق ئارىسىدا مۇنداق بىر ئادەت بار، بىراۋ گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويسا، كوچا دوخمۇشلىرىغا كۆپلەپ مېۋىلىك دەرەخ (ئاساسەن ئۈژمە دەرىخى) قويۇش لازىم دەپ قارىلىدۇ. چۈنكى مېۋىلىك دەرەخلەر ھەر قېتىم ئېغىتىلغاندا گۇناھكارنىڭ گۇنايى يەڭگىللەپ بارارمىش.

ئىپتىدائىي ئىنسانلاردا ئۆسۈملۈكنىڭ دەل ئۆزىگە چوقۇنۇش بىلەن كېيىنچە ئۆسۈملۈك ئىلاھىغىمۇ چوقۇنۇش چۈشەنچىسى پەيدا بولغان. ئۆسۈملۈكلەرنىڭ مېۋىسى مەھسۇلات مول ياكى ئاز بولۇشى ئۆسۈملۈك ئىلاھىنىڭ كىشىلەرگە بولغان خىلمۇ - خىل شەپقىتىدىن ياكى غەزىپىدىن بولىۋاتىدۇ دەپ قارالغان. شۇنىڭ بىلەن ئۆسۈملۈكلەرنى باشقۇرىدىغان ئىلاھنىڭ مەۋجۇتلىقى ھەققىدىكى ئاڭ شەكىللەنگەن. بۇرۇن ئىنسان ياۋا ئۆسۈملۈكلەرگە چوقۇنغان، بۇ چاغدا ياۋا ئۆسۈملۈككە نىسبەتەن

ئىلاھ چۈشەنچىسى بەك قۇيۇق ئەمەس ئىدى. چارۋىچىلىق، يېزا ئىگىلىك تەرەققىي قىلغاندىن كېيىن، زىرائەت تۆرىدىكى ئۇسۇملۇككە چوقۇنۇش ئاساس قىلىندى. ئەمما بۇ چاغدا كىشىلەر دىنى جەھەتتە ئادەملەشتۈرۈلگەن ئىلاھقا چوقۇنۇش باسقۇچىغا كىرگەن بولۇپ، ئۇسۇملۇكنىڭ ئۆزىگە ئەمەس، بەلكى ئۇسۇملۇكنى باشقۇرغۇچى ئىلاھقا چوقۇنىدى. كىشىلەرنىڭ يېزا ئىگىلىك بىلىم سەۋىيىسىمۇ خېلى ئۆستى. مول ھوسۇل ئېلىش ئۈچۈن باشقا بەزى تەبىئى ئامىللارنىڭ ناھايىتى مۇھىملىقىنى، مەسىلەن، يەر، شامال، يامغۇر، قار، سۇ، پەسىل قاتارلىقلارنى چۈشەندى.

ئىپتىدائى ئىنسانلار نىمە ئۈچۈن ھايۋان، ئۇسۇملۇككە چوقۇنغان؟

بىرىنچى، ھايۋان ئىنسانىيەت ئەڭ بۇرۇن ئىستىمال قىلغان ئوزۇقلۇق مەنبىئى. فېيېربا خ مۇنداق دەيدۇ: «ھايۋانلار ئادەم ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان، زۆرۈر نەرسىلەردۇر؛ ئادەم ئۆزى ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان ھايۋانغا تايىنىشى كېرەك. ئۇ، كىشىلەرنىڭ ھاياتى ۋە مەۋجۇت بولۇشىدا تايانغان نەرسىسى بولغاچقا، ئادەم ئۈچۈن ئېيتقاندا ئىلاھ ئىدى.»① دەسلەپتە ھايۋان كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا كۈچلۈك تەسىرى بولغان، سىرلىق نەرسە تەرىقىسىدە قارالغان ۋە كىشىلەرنىڭ چوقۇنىدىغان ئوبيېكتى بولۇپ قالغان، كېيىنچە، ھايۋاننىڭ تېنىدىكى تەبىئى خۇسۇسىيەت — گۆشى، تېرىسى، سۆڭىكى ۋە باشقىلار كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجىنى قامدىدى. بىراق بەزى ھايۋانلارنى قولغا كەلتۈرۈش ئوڭاي ئەمەس ئىدى، شۇڭا ئېھتىياجلىق ھايۋاننىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش زۆرۈرىيىتى توغۇلدى. بۇنداق بولمىسا تەلەپ قاندۇرۇلمايتتى. بۇنىڭدىن باشقا، يولۋاس، بۆرى، يىلپىز، ئېيىق، يىلان قاتارلىقلار ئادەمگە زىيانكەشلىك قىلىدۇ. كىشىلەر ئەلۋەتتە بۇلاردىن ئۆزىنى قوغدىشى لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن يېلىنىشقا توغرا كېلىدۇ. يەنە بەزى ھايۋانلارنىڭ كۈرۈش قۇۋۋىتى، پۇراش سىزىمى، ئۇچۇش سۈرئىتى، ئۈزۈش ماھارىتى زىرەك، چاققان، قۇۋۋ، ھوشيارلىقى كىشىدە ئادەمدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان سىرلىق ئىقتىدار بارلىقىنى ئويلاندۇرۇپ، ئېغىر كۈنگە يولۇققاندا ئەشۇ ھايۋانلاردىن مەدەت تىلەپ ئىلتىجا قىلدۇراتتى. مەسىلەن، يۇقۇرىدا سۆزلىگەن ئىتنى ئالساق، ئارخىئولوگىيىلىك مەلۇماتقا قارىغاندا ئىت ئىنسان تەرىپىدىن ئەڭ بۇرۇن كۆندۇرۈلگەن ھايۋان. ئىراندا بۇنىڭدىن 10 مىڭ يىل بۇرۇن ئىت بېقىلغانلىقى توغرىسىدا ئارخىئولوگىيىلىك ئىزلار تېپىلدى②. ئىت ئەزەلدىن كىشىلەر ئۈچۈن ئېھتىياجلىق ھاي-

① «فېيېرباخ پەلسەپە ئەسەرلىرىدىن تاللانما» خەنزۇچە 2 - توم 438 - 439 - بەتلەر، ئوچ بىرلەشمە كىتابخانا نەشرىياتى، 1962 - يىل.

② لاخولانىن «ئىت توتېمىغا چوقۇنىش توغرىسىدا مۇھاكىمە» «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى» ژورنىلى، خەنزۇچە 1985 - يىل 1 - سان 50 - بەت.

ۋان ھىساپلاندى. ئۇ ياخشى، چىۋەر ئوۋچى، ھوشيار، چەبدەس جەڭچى، مەسئۇل-
يەتچان قاراۋۇل، بىر قىسىم يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ زىيانكەشلىكىگە تاقابىل تۇرا-
لايدۇ. شۇڭا ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئۇنىڭغا چوقۇنىشى تەسادىپىي ئەمەس ئىدى.

ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ بۆرىنى تۆتېم قىلىشى ئۇلارنىڭ تۇرمۇش مۇھىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى چارۋىچىلىق قىلغان رايوندا يىرتقۇچ ھايۋانلاردىن بۆرى ئەڭ كۆپ ئۇچرايتتى، ئۇيغۇرلار قەدىمدىن بېرى بېقىپ كەلگەن ھايۋانلار (قوي ۋە ئۆچكە، كالا، ئات) بۆرىنىڭ ئاساسلىق ئوزۇقى. شۇڭا بۆرىلەر قوي - ئۆچكە پادىلىرىغا داۋاملىق ھۇجۇم قىلىپ تۇراتتى. ئاچكۆز بۆرىنىڭ ۋەھشىلىكى قەدىمقى ئۇيغۇرلارنى بىر مەزگىل ساراسىمىگە سالغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇيغۇرلار مۇھىتىدىكى كۈچلۈك ھايۋان بۆرى بولغاچقا، قەدىمقى ئۇيغۇرلار ئۇنى «تەڭداشسىز كۈچلۈك مەخلۇق» دېگەن تونۇش بىلەن چوقۇنۇش ئوبيېكتى قىلغان. بۆرى كۈچ - قۇۋۋەتنىڭ ئوبرازى بولۇپ قالغان. قىيىنچىلىقتا يولۇققاندا كىشىلەر ئۇنىڭدىن مەدەت تىلىگەن. شۇنداق قىلىپ كېيىن ئۇ بەخت، ئادالەتنىڭ سىمۋولى بولۇپ قالغان. بۇنىڭدىن باشقا ھايۋانلار ھەققىدىمۇ شۇنداق دېيىشى مۇمكىن. بۇلاردىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، ھايۋانلارغا چوقۇنۇش ئەمەلىيەتتە ھايۋان- نىڭ تەبىئىي خۇسۇسىيىتى ۋە روھىغا چوقۇنۇش ھىساپلىنىدۇ. شۇڭا ھايۋان تۆتېم قېتىم دۇئا - تىلاۋەت ئوبيېكتىغا ئايلانغان. ئېنگېلس مۇنداق دەيدۇ: «مۇقەددەس- لىك قاراشلىرىنىڭ قانداق شەكىللەنگەنلىكىگە كەلسەك بۇنى ئاتالمىش ئىپتىدائىي قەبىلىلەردىن كۆرۈشكە بولىدۇ، بۇ بەكمۇ قىزىقارلىق مۇقەددەس نەرسىلەرنى ئەڭ دەسلەپتە ھايۋانلار دۇنياسىدىن ئالغانمىز...... يەنى بۇ مۇقەددەس نەرسە ھايۋان ئىدى.»①

ھايۋان دەسلەپ، يەككە ئىلاھلاشتۇرۇلغان بولسا، كېيىنچە يېرىم ئادەم، يېرىم ھايۋان قىياپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان. «ئوغۇزنامە» ۋە باشقا ئۇيغۇر ئەپسا- نىلىرىدا بۆرى ئادەمدەك سۆزلەيدۇ، ئادەمدەك ئەقىل پاراسەتكە ئىگە، لېكىن قىيا- پىتى بۆرى. بۇنداق يېرىم ئادەم، يېرىم ھايۋاننىڭ قوشۇلۇپ، ئىلاھ قىياپىتىنى شەكىللەندۈشى ئىپتىدائىي ھالەت بولماستىن، بەلكى ھايۋانغا تەبىئىي چوقۇنۇشتىن ئادەم قىياپىتىنى ئالغان ئىجتىمائىي ئىلاھقا ئۆتۈش ئارىلىقىدىكى ھالەت ھىساپلىنىدۇ.

ئىنسانلار ئەڭ بۇرۇن ئۆزى چوقۇنغان ھايۋانغا زادى چېقىلالمىغان، (ئەڭ دەسلەپتە گۆشىنى يېيىتتى، بارا - بارا چەكلەنگەن) ئۇنىڭغا ئالىيجاپ قاراش بىر- دەك مەنئىي قىلىنغان، ئۇنىڭ ھاياتىنى پۈتۈن ئۇرۇغدىكىلەر بارلىق كۈچ بىلەن

---

① «ئېنگېلسنىڭ ماركسقا خېتى» (1882.12.8) «ماركس - ئېنگېلس ئەسەرلىرى» خەنزۇچە 35 - توم 121 - بەت.

قوغدىغان. باشقا ئۇرۇغلار چىقىلىپ قويسا قانلىق ئۇرۇشلار يۈز بېرەتتى. جەمئىيەت
تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئىپتىدائىي ئىنسانلار هايۋان سىرىنى ئازدۇر - كۆپتۇر بى-
لىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن قايتىدىن ئۇنى ئىستىمال قىلىش هەۋىسى تۇغۇلدى
ياكى يېيىش پەرز بولۇپ قالدى. بۇ چاغدا هايۋانلار ئىنساننىڭ ئەجدادى دەپ
قارالغاچقا ئۇنى يىسە ئەجداتلىرىنىڭ خۇسۇسىيىتى ئۆز تېنىگە مۇجەسسەم بولۇپ،
ئۇلارغا كۈچ بېغىشلايدۇ دەپ قارالغان. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر توپ - توپ بولۇپ،
بۇنداق هايۋانلارنى تۇتۇپ، سويۇپ پىشۇرۇپ باراۋەت قىلىپ يېيىشكەن، كوللېك-
تىپ تەنتەنە قىلىشقان، بايرام قىلىپ ئۇسۇل ئوينىشقان.
ئىككىنچى، ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئۆسۈملۈككە چوقۇنۇش ئەقىدىسىمۇ ئوبېك-
تىپ ئەمەلىيەتتىن كەلگەن.
ئادەم، بىلەن هايۋان دەۋرىنىڭ ئالمىشىشى بىلەن ئۆلۈپ تۈگەيدۇ. بىراق بەزى
ئۆسۈملۈكلەر بىر قانچە يۈز يىل هەتتا بىر قانچە مىڭ يىل ياشاپ ئاندىن ئۆلۈ-
شى مۇمكىن. بەزى ئۆسۈملۈك يىلتىزى، غولى قۇرۇماي، يېڭى بىخ چىقىرىپ كۆك-
لەيدۇ، بەزى ئۆسۈملۈك ناهايىتى كۈچلۈك كۆپىيىش ئىقتىدارىغا ئىگە. ئىپتىدائىي
ئىنسانلار بۇنداق ئادەمدىن ئۇستۇن كۈچنى كۆرۈپ هەيران قالغان. ئۇنىڭغا مۇرا-
جەت قىلغان، ئاخىرى چوقۇنغان، يەنە بىر تەرەپتىن بەزى ئۆسۈملۈكلەر تۇرمۇش
ماتېرىيالى بولۇپ كىشىلەر ئۇنىڭغا تايىنىشقا بولىدىغان بەزى خۇسۇسىيەتنىڭ بار-
لىقىنى، قانداق ۋاقىتتا بولمىسۇن ئۇ ئادەملەرنىڭ ئارزۇ ئارمانلىرىنى قانائەتلەن-
دۈرەلەيدىغانلىقىنى چۈشەنگەن. بەزى ئۆسۈملۈكنى ئادەم يىسە پەرزەنتلە-
رىڭمۇ تەسىرى بولىدۇ، هەتتا بەزى ئۆسۈملۈكنى بويىنىغا ئېسىۋال-
سا كىشىلەر ئۆتكۈر، تارقۇلۇچان يۇقۇملۇق كېسەلگە گىرىپتار بولماي-
دۇ. مەسىلەن: كۆنچى ۋادىسىدا دەپنە قىلىنغان ئايال جەسەتنىڭ يېنىدىن چىققان
چاكاندىنى ئالساق، چاكاندا - لوپنۇر چۆللىكى، كۆنچى دەريا ۋادىسىدا ئۇچرايدىغان
بىر خىل دورا ئۆسۈملىكى، قەدىمقى كۆنچى ۋادىسىدىكى كىشىلەرنىڭ چاكاندىنى
ئادەتتە خالىغانچە يەپ بېقىشى ئەجەپلىنەرلىك ئىش ئەمەس. چاكاندا تەركىۋىدە،
بىئولوگىيىلىك ئىشقار، چاكاندا ئىشقارى، ياسالما چاكاندا
ئىشقارى قاتارلىق خىمىيىلىك تەركىپلەر بار. بۇ خىل بىئولوگىيىلىك ئىشقار
بەدەننى تەرلىتىپ، قىزىتمىنى ياندۇرىدۇ، يۆتەلنى توختۇتىدۇ هەم شامالدىن
تەككەن زۇكام، كاناي ياللۇغى، ئۆپكە ياللۇغى، نەپەس سىقىلىش كېسەللىكىنى
داۋالاشتا مەلۇم ئۈنۈم بېرىدۇ. قەدىمقى قەۋرىستانلىقتا دەپنە قىلىنغان كىشىلەر چاكان-
دىنىڭ بۇ خىل دورىلىق خۇسۇسىيىتىنى تولۇق بىلمەسلىكى تەبىئىي، لېكىن ئۇلار
ئۇزاق مۇددەتلىك تۇرمۇش ئەمەلىيىتىدە چاكاندىدا ئۆزلىرى چۈشىنىپ كېتەلمەي-
دىغان بىر خىل سىرلىق سېھرى كۈچ بارلىقىنى هىس قىلغانلىقىنى پەرەز قىلىشقا

بولىدۇ. ئۇلار لوپنۇر چۆللىكىدىكى شۇنچە كۆپ ئۆسۈملۈكلەردىن چاكاندىغا ئەشۇنداق پەۋقۇلئاددە ئەھمىيەت بەرگەن، ھەتتا ئۇنى ئۆزلىرى ئېتىقات قىلىدىغان ئىلاھ قىلىۋالغان.①

ئۆسۈملۈك دەسلەپ يەككە ئىلاھلاشتۇرۇلغان بولسا، كېيىنچە يېرىم ئادەم، يېرىم ئۆسۈملۈك قىياپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان. «بۆكۈخان رىۋايىتى» ۋە باشقا ئۇيغۇر ئەپسانە رىۋايەتلىرىدە دەرەخ ئادەمدەك سۆزلەيدۇ، ئادەمدەك ئەقىل - پاراسەتكە ئىگە، لېكىن قىياپىتى دەرەخ. يۇقۇرىدا سۆزلىگىنىمىزدەك بۇنداق يېرىم ئادەم، يېرىم دەرەخنىڭ قوشۇلۇپ ئىلاھ قىياپىتىنى شەكىللەندۇرۇشى ئىپتىدائى ھالەت بولماستىن، بەلكى ئۆسۈملۈككە تەبىئى چوقۇنۇشتىن ئادەملىك قىياپەت ئۆزگەن ئىجتىمائى ئىلاھقا ئۆتۈش ئارىلىقىدىكى ھالەت ھېساپلىنىدۇ. چۈنكى ئادەم ئەڭ بۇرۇن چوقۇنغان ئۆسۈملۈك ئادەملىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئەمەس ئىدى. بۇ خىل ئادەملىك قىياپەتكە ئىگە ئۆسۈملۈك ياكى ئىلاھى ئۆسۈملۈكنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى مەلۇم بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ ئىلاھلىشىشى بىلەن بارلىققا كەلگەن ئەھۋال.

بىز يوقۇرىدا ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمقى دەۋرىدە توتېم قىلغان ئوبيېكتىلارنىڭ ناھايىتى كۆپ ئىكەنلىكىگە توختۇلۇپ ئۆتتۇق، مىللەت ناھايىتى كۆپ قەبىلە ۋە قەبىلىلەر بىرلەشمىسىدىن ئۇيۇشقان، قەبىلە بولسا يەنە بىر مۇنچە ئۇرۇقلاردىن تەشكىل تاپىدۇ. دىنشۇناسلار توتېم چۈشەنچىسى ئاساسەن ئۇرۇقلار ئارىسىدا شەكىللەنگەن دەپ قارايدۇ. ئۇرۇقلارنىڭ قان تېرىتورىيىسى ۋە قان سىستېمىسىدا مەلۇم پەرقلەر بولغاچقا ئۇلارنىڭ توتېم ئوبيېكتىمۇ كۆپ. ھاللاردا پەرقلىق بولاتتى. شۇڭا بىر مىللەتنى شەكىللەندۇرگۈچ ئۇرۇغ - قەبىلىلەردە بىر قانچە توتېم ئوبيېكتى بولغان. جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، مىللەت ئىچىدە بەزى توتېم ئوبيېكتىلىرى ئۇنتۇلۇپ كېتىلىشى ياكى ئېتىقاتىنىڭ سىرتىدا قالدۇرۇپ بىر ياكى بىر قانچىگىلا مەركەزلىشىپ قالغان. سەۋەبى، مىللەت ئورتاق گەۋدىسىدىكى بىرەر ئۇرۇقنىڭ باشقىلارغا قارىغاندا تەرەققىياتى تېزرەك بولۇپ، ئۇ، قەبىلىلەر بىرلەشمىسىدە ھۆكۈمرانلىق ئورۇننى ئىگەللىۋالغان بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن شۇ ھۆكۈمرانلىق ئۇرۇقنىڭ ئېتىقات ئوبيېكتى باشقا ئورۇقلارغا گايى مەجبۇرى، گايى ئىستىخىيىلىك يوسۇندا سىڭىشىپ كېتىدۇ. ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى ئورۇندىكى ئۇرۇغلارنىڭ ئېتىقات چۈشەنچىسى بارا بارا ئۇنتۇلۇپ كېتىدۇ. ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئارىسىدا كېيىنكى مەزگىللەردە بۆرى ۋە ئىسمى نامەلۇم دەرەخلەر توتېم ئېتىقات ئوبيېكتى بولۇپ قالغان. قالغانلىرى ئەستىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن.

① ۋاڭ بىڭخۇا: «قەدىمقى كۇنپى ۋادىسى كىشىلىرىنىڭ ئىجتىمائى مەدەنىيەت تۇرمۇشىغا دائىر بىر قانچە مەسىلە» «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژورنىلى» (ئىجتىمائى پەن قىسمى) 1983 - يىل 4- سان 119-بەت ئۇيغۇرچە.

ئاياللارغا، ئانا مەبۇتلارغا چوقۇنۇش: ئىپتىدائى ئىنسانلار نەچچە ئون مىڭ يىل پادىلىق دەۋرىدە ياشىدى. تارىخىي تەرەققىياتقا ئەگىشىپ ئۇرۇغداشلىق شەكىللەندى. بۇنداق ئۇرۇغداشلىق ئەڭ دەسلەپ ئاياللارنى يادرو قىلىغان بولۇپ، ئاياللاررەھبەرلىك ئورۇندا تۇردى. بۇ خىل ئانىلىق ئۇرۇغداشلىق دەۋرىدە ئىپتىدائى ئىنسانلار بىر تەرەپتىن تۇتېمغا چوقۇنغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئاياللارغا چوقۇنغان. دىنشۇناسلار تۇتېم ئەڭ دەسلەپ چىشى نەرسىلەر بولغان، دەپ قارايدۇ، ئانىلىق ئۇرۇغداشلىق دەۋرىدە كۆپ نىكاللىنىش ئادىتى بار ئىدى. بۇنداق شارائىتتا باللار ئانىسىنىلا تونۇيتتى، ئانىسىنى تونۇمايتتى، ئاياللار ئاتىسى نامەلۇم باللارنى بېقىش ئۈچۈن تىرىشىشقا توغرا كېلەتتى. بۇ، ئاياللارنىڭ ئەقلى ۋە باشقا بەدەن ئەزالىرىنىڭ بۇرۇنىراق يېتىلىشىگە ئالدىنقى شەرت بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئەقىللىق ۋە ئىقتىدارلىق ئاياللار ئۇرۇغنىڭ يولباشچىسى بولۇپ قالدى. ئۆزىدىن كۈچ ئىقتىدارى جەھەتتە سەللا ئارتۇق نەرسىلەرنى سىرلىقلاشتۇرۇپ قارايدىغان ئىپتىدائى ئىنسانلار ئۇرۇغىنىڭ ئايال يولباشچىلىرىغا ئىززەت ئىكرام كۆرسىتىدىغان، ئىلاھلاشتۇرىدىغان ئاڭنى شەكىللەندۈردى. لافارگنىڭ: «ئاياللارنى ئىلاھلاشتۇرۇش ئەرلەردىن بۇرۇن بولغان» ① دېيىشى دەل مۇشۇنى نەزەردە تۇتقان. ئىپتىدائى ئىنسانلار ئىلاھى ئانا دەپ قارىغان ئەشۇ ئانا (ئايال) نى تۇتېم چۈشەنچىسى بويىچە مەلۇم بىر تۇتېمدىن تۆرەلگەن ئىكەن دېگەن چۈشەنچە پەيدا بولغان. مەسىلەن «ئوغۇزنامە» دە كۆك، تاغ، دەريا دەپ ئاتالغان ئوغۇز مەملىكىتىدىكى ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى پۇخرالارنىڭ ئانىسى دەرەختىن تۇغۇلغان ئىكەن. ئىپتىدائى ئىنسانلاردا ئەجدات موما (ئانا) تۇتېمدىن تۆرەلگەن دېگەن چۈشەنچە بولۇش بىلەن بىرگە، كېيىنچە ئاياللارنىڭ مەلۇم بىر ئەركەك تۇتېم بىلەن ئالاقە قىلىشىدىن ئىنسان باللىرى تۇغۇلغان دېگەن چۈشەنچە بارلىققا كەلگەن. بۇ ئىككى خىل قاراشنىڭ ھەر ئىككىلىسىدە پەرزەنت قالدۇرۇش مەسىلىسىدە ئەرنىڭ رولى نەزەرگە ئېلىنمىغان. بۇ، پەرزەنت كۆرۈشتە ئىككى جىنسىنىڭ سەۋەپ - نەتىجىلىك مۇناسىۋىتىگە قارىتا تونۇشنىڭ يېتەرسىزلىكىدىن باشقا يەنە ئاياللارنىڭ ئۆز ئۇرۇغدىكىلەر بىلەن جۈپلىشىشى مەنئى قىلىنغان ئەرلەرنىڭ سىرت بىلەن ئالاقە قىلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇلار ئانىلىق ئۇرۇغداشلىق جەمئىيىتىنىڭ تۇغۇت قارىشى بولۇپ ئەينى ۋاقىتتا ئومۇمىيۈزلۈك تارقالغان تۇتېم ۋە ئاياللارغا چوقۇنۇش ئادىتىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئىنسانلار تەرەققىيات تارىخىدا ناھايىتى ئۇزاققىچە ئەر - ئايالارنىڭ ئالاقىسى

---

① لافارگ «دىن ۋە كاپىتال» خەنزۇچە نەشرى 54- بەت. ئۈچ بىرلەشمە كىتابخانا نەشرىياتى 1962- يىل نەشرى.

دىن پەرزەنت تۇغۇلىدىغانلىق سەۋەبىنى بىلەلمەي كەلدى. كېيىنچە جىنسىي ئالاقىغا قارىتا ئاز - پاز ياكى غۇۋا چۈشەنچىگە ئىگە بولغان بولسىمۇ لېكىن ھامىلدار بولۇشنىڭ يەنىلا جىنسىي مۇناسىۋەتكە ئالاقىسى بارلىقىنى ئېتىراپ قىلمايتتى. شۇڭا ئىپتىدائىي كىشىلەر ئاياللار بىلەن مەلۇم بىر تۇتېمنىڭ ئۇچرىشىشىدىن ئەۋلات قالدۇرۇلغان دېيىش ئارقىلىق تۇغۇتنى چۈشەندۈردى. بۇنىڭدىن باشقا، ئىپتىدائىي ئىنسانلاردا يەنە ئاياللىق جىنسىي ئەزاغا چوقۇنۇش چۈشەنچىسىمۇ بولغان. ئەر - ئاياللار ئارىسىدىكى ئاساسىي پەرق جىنسىي ئەزا بىلەن ئەمچەكتە گەۋدىلىنىدۇ. بۇ خىل ئايرىملىق ئۇلارنىڭ توپ بەلگىسى. شۇڭا ئايال ئىلاھلارغا چوقۇنۇشتا بۇ ئىككى بەلگە ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدۇ.

يەنە بىر تەرەپتىن، جىنسىي ئەزالار ئىككى جىنسنىڭ مۇناسىۋەت قىلىشىدىغان ئورگان بولۇپ، ئۇ ھەم پەرزەنت قالدۇرۇش ئورگىنى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ ئىپتىدائىي تۇرمۇش ياكى دىنىي ساھەدە مۇھىم ئورۇندا تۇرۇپ كەلدى. بۇ ئايال مەبۇتلارنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت بولۇشىدىكى توپ سەۋەپ.

ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە ناھايىتى ئۇزاققىچە نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى بەك مۇھىم بولدى. چۈنكى تاش قورال دەۋرىدە ئىشلەتكەن قوراللار بەكمۇ ئاددىي، تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇشتا چەكلىمىلىككە ئىگە ئىدى. ئۇ چاغلاردا ئورۇقنىڭ پۈتۈن كۈچى، پۈتۈن تۇرمۇشى ئۇنىڭ ئەزالىرىنىڭ سانى تەرىپىدىن بەلگىلىنەتتى. شۇڭا ھەر بىر ئورۇق ئەزاسىنىڭ ئۆلۈمى ھايات قالغان بارلىق ئورۇق ئەزالىرى ئۈچۈن زور يوقۇتۇش بولاتتى. شۇڭا ئاياللارنىڭ كۆپ تۇغۇشى ئورۇق كوللېكتىپىنىڭ بىر خىل بەختلىك ئىشى ھېساپلانغان. دەل بۇ خىل ئىپتىدائىي تۇغۇت قارىشىنىڭ تەسىرى ئاستىدا دەسلەپتە ئومۇمىيۈزلۈك تۇتېم ۋە ئايال مەبۇتلارغا، ئاياللارغا چوقۇندى. بۇ ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمى دەۋرىدىكى ئاساسلىق ئىدىئولوگىيە ھېساپلىنىدۇ.

«جۇ سۇلالىسى تارىخى» «تۈركلەر تەزكىرىسى» دە بىر 10 ياشلىق ئوئۇل بالا بىلەن چىشى بۆرىنىڭ ئالاقىسىدىن پەرزەنت قالدۇرغانلىقى تەسۋىرلىنىدۇ. «ئوغۇز نامە» دە ئوغۇز خان «بىزنىڭ بەلگىمىز بولسۇن» دېگەن كۆك بۆرە ئەركەك قىياپەتتە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. بۇلارنىڭ بۇنداق بولۇشىنى مۇلاھىزە قىلىش قىيىنراق، بىزنىڭ پەرزىمىزچە بۇ ئەھۋال يۇقىرىدا سۆزلىگەن ئىككى كىتاپتىكى ئەپسانە خەلق ئارىسىدا ئۇزۇن مۇددەت تارقىلىپ يۈرۈپ، كېيىن ئەرلەر ھۆكۈمرانلىقىدىكى دەۋرگە كەلگەندە قەلەمگە ئېلىنغان، ئەرلەر ھۆكۈمرانلىقىدىكى دەۋردە ئايالار ۋە ئايال مەبۇتلار ئىززەتلەنمەيتتى، شۇڭا بۇ چاغدا چىشى نەرسىلەر ئەرنەرسىلەرگە ئالماشقان. لېكىن مەبۇت ئوبيېكتى ئۆزگەرمىگەن.

قەدىمقى تۈركىي ئەپسانىلاردا ئوماي (omay) دېگەن بىر ئانىنىڭ ئوبرا-

زى بار. ئۇ زېمىندا تۇرۇپ ئەۋلاتلارنى سۇ ۋە يەر بىلەن تەمىنلەپ تۇرىدىكەن. ئۇ ئاياللار ياكى ئېغىر ئاياق ئاياللارنىڭ، بالىلارنىڭ ئىلاھى، شۇنداقلا مۇھەببەت ئىلاھى ئىدى. مەھمۇت قەشقىرى «ئۇمايغا چوقۇنساڭ، ئوغۇل تۇغىسەن» دىگەن ئۇيغۇر خەلق ماقالىسىنى خاتىرىلىگەن. تەتقىقاتچىلار «ئۇماي» ئانىلىق ئۇرۇغداشلىق دەۋرىدىكى ئۇرۇغنىڭ رەھبىرى بولۇشى مۇمكىن دەپ قارايدۇ.

X X X

دىن تارىخىنى تەتقىق قىلىش كىشىلەرنىڭ ئىنسانىيەت تارىخىنى بىلىشتىكى ۋاستىلارنىڭ بىرى. دىنىنىڭ مەزمۇنى قانچىكى غەلىتە، سىرلىق ياكى بىمەنە بولۇشىدىن قەتئىنەزەر، ئۇنى ئىنسانلارنىڭ ئۆزى شۇنداق قىلغان. ئىپتىدائى دىنلارنىڭ مەزمۇنى، ياكى ئېتىقات ئوبيېكتى ئىنسانلارنىڭ ئۆز ئارىسىدا بولۇپ ۋە ئىنسانىي تۇس ئالغان ئىدى. كېيىنچە ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدىن يىراقلاپ كەتتى. چۈنكى ئىنسانلار تەبىئەت بىلەن تەكرار كۆرەش قىلىش جەريانىدا ئۆز ئەتراپىدىكى مەۋجۇداتلارنىڭ سىردىنى بىلىپ قالدى. ئەمما دۇنيانىڭ تەقدىرى زادى قەيەردە ئۇنى بىراۋ بەلگىلەمدۇ - قانداق؟ بۇ مەسىلە ئىنسانىيەتنى نەچچە مىڭ يىل گاڭگىرىتىپ كەلدى. قەدىمقى كىشىلەر ھامان دۇنيانىڭ تەقدىرىنى بىر «كۈچ» بەلگىلەيدۇ، دەپ قارايتتى. بۇ «كۈچ»-ئۇزۇن يىل ئىنسانلار ئارىسىدا ياشىغان بولسا، كېيىنچە سىرى يېشىلىپ قالغاندىن كېيىن، ئىنسانلار ئارىسىدىن يىراقلاپ كەتتى. بۇ كۈچنى ئەمدى ئىنسانلار كۆرەلمەيدىغان، تۇتالمايدىغان بولدى. پەقەت ئۇنى پانى ئالەمدىن ئادا - جۇدا بولۇپ، باقى ئالەمگە بارغاندا كۆرۈش مۇمكىن، دىگەن ئۇمىتۋارلىق خىيال بارلىققا كەلدى. بۈگۈنكى ئىلىم - پەن يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققى قىلغان شارائىتتا، ئىنسانلار دۇنيانىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان «كۈچ» نى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالماقتا.

بىزنىڭ يۇقۇرقىلارنى ئالاھىدە سۆزلىشىمىز، ئىپتىدائى دىنى ئېتىقات جەريانلىرى ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنيا قارىشى، ئىدىئولوگىيىسىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىيات جەريانىنى بىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ.

# قۇمۇل ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشى

ئابدۇللا ئەھمىدى

X ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا قارا خانىلار خاندانلىقىنىڭ مەركىزى ئۆلكىسى قەشقەردە، تاجىك ئەبۇ نەسىر سامانىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان بىرىنچى بولۇپ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان ئىدى. تارىخى ماتېرىياللاردا كۆرسىتىلىشىچە شۇ يىللاردا 200 مىڭ ئۆيلۈك كىشى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان ①.

سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان 955 - 956- يىللىرى ئەتراپىدا (ھىجرىيە 344- يىلى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، X ئەسىرنىڭ ئاخىرى، قەشقەردىكى بىر تۈركۈم ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىدىن چېكىنىپ، قوزغىلاڭ كۆتەرگەن، بۇ قوزغىلاڭ خوتەن بۇددىستلىرىنىڭ قوللىشىغا ئىگە بولغان. نەتىجىدە، قارا خانىلار بىلەن خوتەن بۇددىستلىرى ئوتتۇرىسىدا 24 يىل سوقۇش داۋام قىلغان. مىلادى 1001- يىلى ھارۇن بۇغراخاننىڭ ئوغلى يۈسۈپ قادىرخان خوتەن بۇددىستلىرى بىلەن شىددەتلىك جەڭلەر ئېلىپ بېرىپ، ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدۇرغان.

XIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، شىنجاڭنىڭ قەشقەر، خوتەن، كۇچار قاتارلىق جايلىرىدىكى ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا، باشقا جايلاردىكى ئۇيغۇرلار جۈملىدىن قۇمۇلدىكى ئۇيغۇرلار بۇددا دىنىغا ئېتىقات قىلاتتى. بۇ ھال تاكى چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلاتلىرىدىن چاغىتاي دەۋرىگىچە داۋام قىلدى.

XIV ئەسىرنىڭ باشلىرىدا چاغىتاي خانلىقى پارچىلىنىپ كىچىك خانلىقلار ۋە بەگلىكلەرگە بۆلۈنۈپ كەتتى. چاغىتاي ئەۋلادىدىن ئىسەن بۇقاخان بەشبالىقتا خان ئىدى. ئۇ 1330- يىلى ۋاپات بولۇپ، بۇنىڭ تەۋەسىدىكى مۇڭغۇل قەبىلىلىرى ۋارىس تاللىيالماي ھەر قايسى قەبىلە مۇستەقىل ھالەتتە تۇراتتى. دوغلات قەبىلىسىنىڭ باشلىقى بولاجى (ئاقسۇدا ئىدى) ئىلىدىن 18 ياشلىق تۇغلۇق تۆمۈرنى ئاقسۇغا ئېلىپ كېلىپ، ئۇنى ئىسەن بۇقاخاننىڭ ئوغلى دەپ ئېلان قىلىپ، 1346- يىلى خانلىق تەختىگە ئولتۇرغۇزدى. تۇغلۇق تۆمۈرخان مەۋلانا

① «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» ئۇيغۇرچە، نەشرى 242- بەت.

ئەرشىدىننىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدى. بۇ، ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان تۇنجى چاغىتاي ئەۋلادى ھېسابلىنىدۇ.

تۇغلۇق تۆمۈر خان دەۋرىدە ناھايىتى نۇرغۇن كىشىلەر ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ، شىنجاڭدا ئىسلام دىنى ئۈستۈنلۈكنى ئىگەللىگەن ئىدى.

1363 - يىلى تۇغلۇق تۆمۈرخان ۋاپات بولۇپ، 1380-يىلى ئۇنىڭ كىچىك ئوغلى خىدىرخوجا بەشبالىقتا چاغىتاي خانى قىلىپ تىكلەندى. ئۇ 1391- يىلى تۇرپان، قارا خوجىلارنى بويسۇندۇرۇپ ئۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارنى ئىسلام دىنىغا كىرگۈزگەندىن كېيىن بۇ جايلار «دارىلئىسلام» دەپ نام ئالدى①.

بۇ دەۋردە قۇمۇل رايونى بىر مەزگىل مىڭ سۇلالىسىگە تەۋە بولسا، بىر مەزگىل چاغىتاي خانلىقىغا تەۋە بولۇپ ئومۇمەن قۇمۇل ئۇيغۇرلىرى يەنىلا بۇددا دىنىغا ئېتىقات قىلاتتى.

قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىش جەريانى ھەققىدە تۆۋەندىكى ئىككى خىل كۆز قاراش مەۋجۇت.

بىرى، 1408 - يىلى خىدىرخوجا قۇمۇل خەلقىنى ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن تۇرپاندىن نۇرغۇن ئەسكەر بىلەن قۇمۇلغا كەلگەندە مىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلىرى بىلەن قۇمۇللۇق بۇددىست ئۇيغۇرلار خىدىرخوجىغا قارشى سوقۇشقان، 18 كۈنلۈك كەسكىن جەڭلەردىن كېيىن خىدىرخوجا غەلىبە قىلىپ، قۇمۇلنى بويسۇندۇرغان ۋە ئۇيغۇرلاردىن نۇرغۇن كىشىلەرنى ئىسلام دىنىغا كىرگۈزۈپ قايتقان.② ئۇزۇن ئۆتمەي خىدىرخوجا تۇرپاندا ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ بىر قىسمى ئىسلام دىنىدىن چىكىنىپ قايتا بۇتپەرەسلەرگە ئايلىنىپ كەتكەن.③

1410- يىلى خىدىرخوجىنىڭ چوڭ ئوغلى ئەلشىر سۇلتان تۇرپاندا خانلىققا ئولتۇردى. ئۇ قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ قايتىدىن بۇددا دىنىغا ئېتىقات قىلىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، نۇرغۇن ئەسكەر بىلەن قۇمۇلغا يۈرۈش قىلىپ قاتتىق سوقۇشلاردىن كېيىن ئەلشىر سۇلتان غەلىبە قىلدى. قۇمۇل ئۇيغۇرلىرى ئىسلام دىنىنى قايتا قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ئەلشىر سۇلتان تۇرپانغا قايتقان.

لېكىن يەنە بىر قىسىم ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا كىرمەي قالغانلىقتىن قۇمۇلدا «مۇسۇلمان»، «غەيرى مۇسۇلمان» دىن ئىبارەت ئىككى گورۇھ مەيدانغا كەلگەن ۋە بۇ ئىككى گورۇھ ئوتتۇرىسىدا دۈشمەنلىشىش باشلانغان.④

---

① «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» ئۇيغۇرچە نەشرى 304 - 305 - 306 - 307 - بەتلەرگە قارالسۇن.

② 1960 - يىللاردا يېزىلغان «قۇمۇل تەزكىرىسى» دىن

③ ④ 1940 - يىللاردا نامان قارى مۆمىن يازغان «قۇمۇل تەزكىرىسى» دىن (بۇنىڭدىن پەقەت تەتقىقات ئۈچۈن پايدىلىنىشقا تەۋسىيە قىلىمەن) ئاپتور

دەرۋەقە شىنجاڭدىكى جۈملىدىن قۇمۇلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مانى، شامان بۇددا دىنلىرىنى قوبۇل قىلغىنىغا بىر نەچچە ئەسىر ۋاقىت ئۆتكەن بولۇپ، بۇ دىنلار خەلقنىڭ ئىدىيىسىگە چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن بىر چاغدا بىر مەزگىللىك ئۇرۇش، قان تۆكۈش بىلەن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدۇرۇش ئاسان ئەمەس، ئەلۋەتتە.

XV ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا قۇمۇلنىڭ ھۆكۈمرانى غەيرى مۇسۇلمان كىشى بولۇپ، ئۇ قۇمۇلدىكى غەيرى مۇسۇلمانلارنى قوللاپ، مۇسۇلمانلارنى باسقانلىقتىن غەيرى مۇسۇلمانلار غالىپ ئورۇنغا ئۆتۈپ، مۇسۇلمانلار يوشۇرۇن مۇسۇلمانچىلىق قىلىش ھالىتىگە چۈشۈپ قالغان. بۇ چاغدا لاپچۇق شەھىرىدىكى ئۇيغۇرلارمۇ ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكەن. شەھەرنىڭ شىمالىدا غەيرى مۇسۇلمانلار، جەنۇبىدا مۇسۇلمانلار ئولتۇراقلاشقان. بۇ ئىككى گورۇھ ئۇيغۇرلار ئۇزۇن زامانلارغىچە ئۆز-ئارا سوقۇشۇپ قان تۆكۈشكەن. قۇمۇلنىڭ شەرقى شىمالىدىكى خوتۇنتام، تاشبالىق قاتارلىق جايلاردىكى شۇنىڭدەك ئارىتۆرۈك تەۋەسىدىكى مۇسۇلمان ۋە غەيرى مۇسۇلمانلار ئارىسىدىمۇ، سوقۇشلار داۋام قىلىپ قان تۆكۈلگەن①.

XV ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا، قۇمۇلغا بوراق ئىسىملىك بىر غەيرى مۇسۇلمان ھۆكۈمرانلىق قىلغان. ئۇ، 1460- يىلى ئۆلگەندىن كېيىن ھاكىمىيەت ئۇنىڭ ئانىسى نوۋۇلداشىل (مۇڭدار خوتۇن) نىڭ قولىغا ئۆتكەن. بۇنىڭ دەۋرىدە، قۇمۇل ئۇيغۇرلىرى يوشۇرۇن ھالەتتە مۇسۇلمانچىلىق قىلغان②. 1472- يىلى تۇرپاننىڭ سۇلتانى يۇنۇسخان (ئىسەن بوقاخاننىڭ ئاكىسى) كوچۇيۇپ قۇمۇلغا ھۇجۇم قىلىپ، نوۋۇلداشىلنى بۇلاپ،، بوراقنىڭ ئالتۇن تامغىسىنى تارتىۋالغان.

مىلادى 1487 - يىلى سۇلتان يۇنۇسخان ۋاپات بولۇپ، ئۇنىڭ كىچىك ئوغلى ئەھمەتخان ئاقسۇدىن تۇرپانغىچە بولغان رايونلارنى ئۆزىگە قاراتقان. كېيىن قەدەممۇ - قەدەم كوچۇيۇپ قۇمۇلنى ئۆزىگە قاراتقان. 1488 - 1489- يىللاردا ئىسەن II قۇمۇلنىڭ ھۆكۈمرانلىق تەختىگە چىققىنىغا 2 يىل تولمىغان ۋاقىتتا، ئەھمەتخان ئۇنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلمىغانلىقىنى ھەم ئۇنىڭ چاغىتاي ئەۋلادىدىن ئەمەسلىكىنى باھانە قىلىپ ئۇنى تەختتىن ئېلىپ تاشلاپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن، 1492 - 1505- يىللاردا قۇمۇلغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان شەنبانىڭمۇ ئىسلام دىنىغا ئېتىقات قىلمىغانلىقىنى باھانە قىلىپ، ئۇنى ئەسىرگە ئالغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە XV ئەسىرنىڭ باشلىرى، بەشبالىقتىكى چاغىتاي ئەۋلادى

① 1960- يىللاردا يېزىلغان «قۇمۇل تەزكىرىسى» دىن
② قۇمۇل تەزكىرىسىدە يېزىلىشىدە مۇسۇلمانلار ئاشكارا ئەزان ئېيتالماي بېشىنى ئىدىشىنىڭ ئىچىگە تىقىپ تۇرۇۋېلىپ ئەزان ئېيتقان.

مەھمۇتخان دەۋرىدە ئىسلام دىنىغا قاتتىق زورلاش، ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلمىغانلارنى جازالاش تەدبىرلىرى قوللىنىلغانلىقتىن شىنجاڭ رايونىدىكى چاغىتاي ئەۋلاتلىرى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشقا باشلىغان. مانا بۇلار تەدرىجى ھالدا قۇمۇلغىمۇ تەسىر كۆرسەتكەنلىكتىن، قۇمۇلدىكى چاغىتاي ئەۋلاتلىرىمۇ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشقا باشلىغان، يەنە بىر تەرەپتىن ئوتتۇرا ئاسىيا، كۇچار (كوسەن) قاتارلىق جايلاردىكى ئىسلام تەشكىلاتلىرى شىنجاڭدا يۈز بېرىۋاتقان «ئىسلام دىنىدىن چېكىنىش» دەك تەكرارلىنىشلارنى يەكۈنلەپ، زورلۇق كۈچ بىلەن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدۇرغانغا قارىغاندا «تەرغىبات» يولى بىلەن ئاڭلىق ئىختىيارى ھالدا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدۇرۇشنى ئۈنۈملۈك ۋە ئەۋزەل بىلىپ، «تەرغىبات» يولىنى تاللىغان. ئۇلار ئىسلام دىنىنىڭ قائىدە قانۇنلىرىدىن تەلىم ئالغان نوپۇزلۇق، ناتىق كىشىلەرنى تەرغىباتچى قىلىپ جايلارغا ئەۋەتكەن. XV ئەسىرنىڭ ئاخىرى XVI ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بۇخارا ئىسلام جەمىيىتى ئابدۇلئەلىم تۈركىستانى، نۇرئاخۇن، ئەرشىدىن خان قاتارلىق كىشىلەرنى قۇمۇل ئۇيغۇرلىرى ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلىشقا ئەۋەتكەن①.

ئابدۇلئەلىم تۈركىستانى قۇمۇلغا كەلگەندىن كېيىن، دەسلەپتە ئاستانە، سۇمقاغا، توغۇچى قاتارلىق جايلاردا كىشىلەرنى ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلىپ، كۆپلىگەن كىشىلەرنى ئىسلام دىنىغا كىرگۈزگەن. كېيىنچە قۇمۇل شەھرىگە كېلىپ زەرگەر ئابدۇلەۋەت ئىسىملىك مۇسۇلمان كىشى بىلەن تونۇشۇپ تەرغىبات ئىشىغا كىرىشىپ نۇرغۇن كىشىلەرنى ئىسلام دىنىغا كىرگۈزگەن. ھەتتا نوۋۇلدا شىل (مۇئەددار خوتۇن) غىمۇ تەسىر كۆرسەتكەن.②

نۇرئاخۇن 80 نەچچە ئاتلىق كىشى بىلەن قارا دۆۋىگە كېلىپ، ئۇ يەردە تۇرالماي خوتۇنتام تەۋەسىگە بارغاندا، غەيرى مۇسۇلمانلارنىڭ يوشۇرۇن ئوقى تېگىپ ۋاپات بولغان. ئۇزۇن يىللاردىن كېيىن قۇمۇلدىكى 6- ئەۋلات ۋاڭ مۇھەممەت بىشىر، بۇ كىشىنىڭ جەسىدىنى تاپتۇرۇپ، ھازىرقى يالغۇز تويۇن مازار بىناسىنى تۇرغۇزغان③.

ئەرشىدىن 100 دەك ھەمرالىرى بىلەن قۇمۇلنىڭ توغۇچى يېزىسىغا كەلگەندە، غەيرى مۇسۇلمانلار توساپ قۇمۇلغا كىرىشكە يول بەرمىگەن. ئۇ ئىلاجىسىز ئىشەك داۋاندىن ئېشىپ، بارىكۆلگە ئۆتۈپ، كېيىن نېرىنگىر تەرەپلەرگە بارغاندا ۋاپات بولغان. شامەخسۇت ۋاڭ بۇ كىشىنىڭ جەسىدىنى تاپتۇرۇپ نېرىنگىردىكى دەرەخلىق مازار بىناسىنى تۇرغۇزغان.

---

① ② - 1940- يىللاردا نامىن قارى مۇمىن يازغان «قۇمۇل تەزكىرىسى» ۋە 1960- يىللاردا ئۆتكۈزۈلگەن «قۇمۇل تارىخى ھەققىدە سۆھبەت» خاتىرىسىدىن.

③ يالغۇز تويۇن مازاردا يېزىپ قالدۇرۇلغان خاتىرىدىن ئېلىندى، 46-بەت.

هازىر قۇمۇل رايونىدا، قۇمۇلنىڭ ئىسلام تارىخىنى قىسمەن بولسىمۇ يورۇتۇپ بېرەلەيدىغان نىسبەتەن قەدىمى پاكىت خاراكتېرلىق تارىخى ئىزلاردىن قۇمۇل شەھەر ئىچىدىكى «جۈمە مەسجىد» بىناسى ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان، بۇ مەسجىد XVI ئەسىرنىڭ بېشىدا بىنا قىلىنغان، ئىشىك بېشىغا ئورنىتىلغان تاش ئويما خاتىرىگە قارىغاندا: ھىجرىيىنىڭ 912- يىلى (مىلادى 1507- يىلى) خوجا مۇھەممەت ئىبلى ئىسىملىك كىشى تەرىپىدىن بىنا قىلدۇرۇلغان، شۇنىڭدىن 285 يىل كېيىن 1792- يىلى ماھرۇي ئاپپاق دېگەن ئايال تەرىپىدىن قايتا رىمونت قىلىنغانلىقى يېزىلغان. دېمەك بۇ مەسجىد بىنا قىلىنغانلىقىغا 478 يىل، قايتا رىمونت قىلىنغىنىغا 193 يىل بولغانلىقى مەلۇم بولىدۇ.

ئىشىك بېشىدىكى بۇ خاتىرىنىڭ ئەينى يىللاردا يېزىپ قالدۇرۇلغانلىقىدا شەك يوق.

بىز يۇقۇرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا، قۇمۇلغا ئىسلام دىنى XV ئەسىرنىڭ بېشىدىن ئېتىۋارەن كىرىشكە باشلاپ، XVI ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بىر ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت تەدرىجى تەرەققى قىلىپ، قۇمۇلدا مىڭ يىللاپ تارىخقا ئىگە بولغان شامان، مانى، بۇددا دىنلىرىنى قوغلاپ چىقىرىپ، XVI ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا ھۆكۈمران دىنغا ئايلانغان.

2- خىل كۆز قاراش: ئىسلام دىنى قۇمۇلغا XIV ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ كىرگەن. يەنى ئىسلام دىنى تۇرپانغا XIV ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن ئېتىۋارەن كىرگەن، كۆپ ئۆتمەي قۇمۇلغىمۇ كىرىشكە باشلىغان. بۇ ھەقتە «مىڭ تەيزۇنىڭ ئەمىلى خاتىرىلىرى» دىن تۆۋەندىكى ئىككى ئابزاسنى كۆرۈپ باقايلى: «خۇڭۋۇ 14- يىلى (مىلادى 1381- يىلى) 5- ئاينىڭ باشلىرى قۇمۇللۇق خۇي خۇي ئوردىغا تارتۇق تارتىپ كەلدى. خان تەرىپىدىن ئۇلارغا تاۋار - دۇردۇن ھەدىيە قىلىندى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ يۇرتىغا ئاپىرىپ قويۇلدى» دېيىلگەن.

خۇڭۋۇ 25- يىلى (مىلادى 1392) 12- ئاي قۇمۇل ۋاڭى ئۇناشلى خۇيزۇ ھاجى ئىبلى قاتارلىقلارنى ئەۋەتىپ، ئوردىغا 46 ئات تارتۇق قىلدى دېيىلگەن. شۇنىڭدەك يەنە يۇڭلى 18- يىلى (مىلادى 1420- يىلى) ئەمىر پەخىرىدىن (مۇھەممەت خوجا) دېگەن كىشى قۇمۇل مۇسۇلمانلىرىنىڭ سەردارى بولۇپ، قۇمۇل شەھرىدە چوڭ بىر مەسجىد بىنا قىلدۇرۇپ، قۇمۇلدىكى بۇددا ئىبادەتخانىسىگە تاقابىل تۇرغانلىقى ھەققىدە خاتىرىلەر يېزىلغان.

«قەشقەرىيە» نىڭ ئاپتورى XV ئەسىرنىڭ بېشىدا، شىنجاڭدا يۈرگۈزۈلگەن «دىنى ھۆرىيەت» مەسىلىسى ئۈستىدە توختىلىپ: «بىز تۆمۈرلەڭنىڭ ئوغلى شاھروھ (shahrok) ھوقۇق تۇتقان مەزگىللەردە جۇڭگوغا بارغان بىر چەتئەللىك ئەلچىنىڭ يازغان خاتىرىسىدىن، شۇ ۋاقىتلاردا يۈرگۈزۈلگەن دىنى ھۆرىيەتكە ئائىت

بەزى دەلىل ـ ئىسپاتلارنى تاپتۇق. بۇ چەتئەللىك ئەلچى 1420- يىلى قۇمۇل شەھرىدە غەيرى دىندىكىلەرنىڭ ئىبادەتخانىلىرى بىلەن بىر قانچە ياسداق مەسجىدلەرنىڭ بىر قاتاردا تۇرغانلىقىنى ئۆز ـ كۆزى بىلەن كۆرگەنلىكىنى يازىدۇ، دەپ ئوتتۇرىغا قويغان.① «قەشقەرىيە» دىگەن كىتاپتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بۇ بىر ئابزاس سۆز «مىڭ تەيزۇنىڭ ئەملى خاتىرىلىرى» دە ئوتتۇرىغا قويۇلغان پاكىتلارنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىدى. يۇقۇرىدىكى 2- خىل كۆز قاراش بويىچە ئوتتۇرىغا قويۇلغان پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا، قۇمۇلغا ئىسلام دىنى XIV ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن ئېتىۋارەن كىرىشكە باشلاپ، XV ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە تەرەققى قىلىپ، مىڭ يىللاپ داۋام قىلغان شامان، مانى، بۇددا دىنلىرىغا تاقابىل تۇرغىدەك ھالغا كەلگەنلىكىنى، XV ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا ھۆكۈمران دىنغا ئايلىنالىغانلىقىنى كۆرىمىز.

يۇقۇرىدىكى 2 خىل كۆز قاراش بويىچە ئوتتۇرىغا قويۇلغان پاكىتلارغا قارىغاندا، ئىسلام دىنىنىڭ قۇمۇلغا كىرگەنلىگى ھەققىدىكى پەرق يېرىم ئەسىرگە يەتمەيدۇ. گەرچە بۇ پەرق بەك چوڭ بولمىسىمۇ بىزگە قۇمۇلنىڭ ئىسلام تارىخىنى يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا چوڭقۇرلاپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشىمىزنىڭ زۆرۈرلىگىنى كۆرسەتمەكتە.

شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى: ھازىر قۇمۇلدا كىشىلەردە «ئەۋلىيا» ياكى «مازار» دەپ ئېتىقات قىلىپ كېلىۋاتقان 50 كە يېقىن مازارلار بىناسى مەۋجۇت تۇرماقتا② بۇ مازارلار توغرۇلۇق بەزىلەر «قۇمۇل خەلقىنى ئىسلام دىنىغا تەرغىب قىلغۇچى-تەرغىباتچىلار» دىسە يەنە بەزىلەر «ئەۋلىيالار» دەپ قاراپ كەلمەكتە. بۇ ھەقتىكى تارىخى مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، بۇ 50 مازارنىڭ كېلىش مەنبەئى ئىككى خىل بولۇپ، ئۇ تۆۋەندىكىچە:

بىرى، 1533 - 1570 - يىللار ئارىلىغىدا، ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۆزىنى «پەيغەمبەر ئەۋلادى» دەپ ئاتىغان خوجىلار شىنجاڭغا كىرىشكە باشلىغان. يەنى بۇخارالىق سەئىد مەختۇم ئەزەم شىنجاڭغا كېلىپ، شىنجاڭنىڭ ئاساسلىق چوڭ شەھەرلىرىنى زىيارەت قىلغان. ھەممە يەركەن خانلىرىنىڭ ھىمايىسىگە، ئىززەت ھۆرمىتىگە ۋە نۇرغۇنلىغان ماددى ئىلتىپاتلىرىغا ئىگە بولغان. يەرلىك ئاھالە ئارىسىدىمۇ زور ئابروي قازانغان، مەخدۇم ئەزەمنىڭ ئوغوللىرىدىن ئىمام كالان خوجا، ئىساق ۋەلىيۇللا خوجىلار، يەركەن خانىنىڭ ۋە يەركەن ئاھالىسىنىڭ ھىمايىسىگە ئىگە بولۇپ مۇسۇلمانلارنىڭ دىنى ھامىسى بولۇپ قالغان. مانا بۇ

① «قەشقەرىيە» ئۇيغۇرچە نەشرى 142- بەتكە قارالسۇن.

② بۇ مازارلارنىڭ كۆپ قىسمى «مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى» دا ۋەيران قىلىۋېتىلگەن.

كىشىلەر خوجىلارنىڭ شىنجاڭدىكى كەلگۈسى ئورنىغا ئاساس يارىتىپ بەرگەن. بۇ ئىككى كىشىدىن كېيىن كەلگەن خوجىلارغىمۇ يەركەن خانلىقى ھۆرمەت ئېھتىراملار بىلدۈرۈپ ئۆزىگە ئۇستاز تۇتقان. ھاكىمىيەت ئىشلىرىدا ئۆزىگە مەسلىھەتچى قىلغان. نۇرغۇن ھوقۇقلارنى تۇتقۇزۇپ، كۆپلىگەن ئىمتىيازلارغا ئىگە قىلغان. كۆپلىگەن مال-مۈلۈك ۋە دۇنيالىقلارنى ھەدىيە قىلغان. بۇنىڭ بىلەن خەلق ئىچىدە خوجىلارنىڭ ئىززەت- ئابرويى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتىرىلگەن. مانا شۇ مەزگىلدە خوجىلار شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا تارقالغان، جۈملىدىن قۇمۇلغىمۇ كەلگەن، قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىمۇ بۇ خوجىلارنى ئىززەت-ئىكراملار قىلىپ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى «ئەۋلىيا» دەپ ئېتىقات قىلغان. بۇ كىشىلەردىن قۇمۇلدا ۋاپات بولغانلىرىغا خاتىرە بىنالار تۇرغۇزۇپ ئۆزلىرىنىڭ ھۆرمىتىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن.

يەنى بىرى XVI ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىيادا «تەرىقەت پىرى» دەپ نام ئالغان مەخدۇم ئەزەم باشچىلىقىدا «تەرىقەت يولى»، «سوفىزىم» مەيدانغا كېلىپ «ئىشان»، «سوپى» لار پەيدا بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادا ئەۋج ئالغان سوفىزىم شىنجاڭغىمۇ تەسىر كۆرسەتكەن. XVII ئەسىردە ھىدايىتۇللا خوجا (ئاپپاق خوجا) «تەرىقەت» نى شىنجاڭغا ئېلىپ كىرگەن، شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭدىمۇ «ئىشان»، «سوپى» لار پەيدا بولۇپ، ئۇلارنىڭ پائالىيىتى كۈچىيىشكە باشلىغان، كىشىلەرنىڭ ئۇلارغا بولغان ئىززەت ھۆرمىتى ئارتىشقا باشلىغان. شۇنداق قىلىپ شىنجاڭدىمۇ «تەرىقەت» ئەۋج ئېلىپ شىنجاڭنىڭ ھەممە جايلىرىغا كەڭ تارقالغان. جۈملىدىن قۇمۇلغىمۇ «ئىشان»، «سوپى» لار كېلىپ قۇمۇل خەلقىنىمۇ ئۆزىگە جەلپ قىلغان. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئاتالمىش «كارامەت» لەر كۆرسىتىپ كىشىلەرنى ئۆزلىرىگە جەلپ قىلغان. قۇمۇلدىكى ئاھالىلار نادانلىق-خۇراپات تۈپەيلىدىن ئۇلارنى «ئەۋلىيا» دەپ ئېتىقات قىلىپ، ئۇلارنىڭ جەسىدى قويۇلغان يەرلەرگە مازار بىنالىرى تۇرغۇزغان.

دېمەك قۇمۇلدىكى 50 دەك مازار يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن 2 خىل يول بىلەن پەيدا بولغانلىقى مەلۇم. بۇلارنىڭ ئالدىنقىلىرى قۇمۇل خەلقىگە ئىسلام دىنىنى تەرغىپ قىلغان بولسا، كېيىنكى خىلدىكىلىرى تەرىقەتنى يەنى سوفىزىم تەركى دۇنيالىقنى تەرغىپ قىلغان. بۇ 50 دەك كىشىنىڭ مازارلىرى قۇمۇل شەھىرىگە قاراشلىق شەھەر ئىچى، لەنگەر، ئەزىزىم، بوغاز، ئەللىك، قارادۆۋە، لاپچۇق، تۇغۇچى، جىگدە، ئاستانا، ئۇلانبۇلاق، يالغۇز تۇيۇن ۋە ئارىتۆرۈك، نېرىنكىر، دەرەخلىق قاتارلىق جايلارغا ئورۇنلاشقان.

قۇمۇلدا ئىسلام دىنى قەدەممۇ - قەدەم تەرەققى قىلىپ ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتكەندىن كېيىن، مەھكىمە شەرئى① تەسىس قىلىنىپ، شەرىئەت ھۆكۈملىرى جارى

① ئىسلام دىنى ھۆكۈملىرىنى جارى قىلغۇچى ھوقۇقلۇق ئورگان.

# سوتسىيالىستىك ئىگىلىك ـ پىلانلىق توۋار ئىگىلىك

**ئىبراھىم لەتىپ**

پارتىيىنىڭ 12 ـ نۆۋەتلىك 3 ـ ئومۇمى يىغىنى پىلانلىق ئىگىلىكنى توۋار ئىگىلىكى بىلەن قارىمۇ ـ قارشى قىلىپ قويىدىغان ئەنئەنىۋى ئىدىيىلەرگە خاتىمە بېرىپ، سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنىڭ پىلانلىق توۋار ئىگىلىكى ئىكەنلىكىنى بىرىنچى بولۇپ مۇئەييەنلەشتۈردى. بۇ ماركسىزىم نەزەرىيىسىگە قوشۇلغان زور تۆھپە بولۇپ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

سوتسىيالىزىم جەمئىيىتىدە پىلانلىق توۋار ئىگىلىكىنى يولغا قويۇشنىڭ ئوبيېكتىپ مۇقەررەرلىكى.

سوتسىيالىستىك ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئاساسىغا قۇرۇلغاچقا، ئۇ پىلانلىق ئورۇنلاشتۇرۇلۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. شۇڭا پىلانلىق ئىگىلىك سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنىڭ بىر بەلگىسى. قارار دا «پىلان تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىشتا، ھەممىدىن بۇرۇن پىلانلىق ئىگىلىكنى توۋار ئىگىلىكى بىلەن قارىمۇ ـ قارشى قىلىپ قويىدىغان ئەنئەنىۋى قاراشنى تۈگىتىپ

---

قىلىنىشقا باشلىغان. شۇندىن كېيىن مەھەللە مەسچىتلىرى، مەدرىسلەر، خانقالار، مازارلار دىنىي مەكتەپلەر بارلىققا كەلگەن.

قۇمۇلدا شەرىئەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن بىر مەزگىل تەرىقەتچى ئىشان سوپىلار ھەركىتى سۇسلاشقان بولسىمۇ، لېكىن XIX ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا بىشىرۋاڭ، شامەخسۇت ۋاڭلارنىڭ تەشەببۇسى بىلەن كۇچاردىن «ئىشان» ئالدۇرۇپ كەلگەندىن كېيىن، قۇمۇلدا «تەرىقەت» قايتىدىن جانلىنىشقا باشلىغان.

«تەرىقەت» دە ئاساسلىقى مۇنۇ 3 تارماق ئېقىم بولغان:

1) «ئىشان قادىرى» بۇ ئوچۇق ـ ئاۋازلىق زىكرى قىلغۇچىلاردۇر.

2) «ئىشان نەخشۇەن» بۇ ئاۋازسىز ـ مەخپىي زىكرى قىلغۇچىلاردۇر.

3) «ئىشان چىبىشى» بۇ سازغا ياكى ساپايىغا تەڭكەش قىلىپ زىكىر قىلغۇچىلاردۇر. قۇمۇلدا ئاساسەن «ئىشان قادىرى» نى قوبۇل قىلىپ قوللانغان.

سوتسىيالىستىك پىلانلىق ئىگىلىكنىڭ قىممەت قانۇنىنى ئاڭلىق ھالدا ئاساس قىلىشى ۋە تەدبىقلىشى زۆرۈر بولغان ئومۇمى مۇلۇكچىلىك ئاساسىدىكى پىلانلىق تووار ئىگىلىكى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىشىمىز كېرەك». دەپ كۆرسىتىلدى. سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنىڭ پىلانلىق ئىگىلىك ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش، ھەرگىزمۇ سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنىڭ تووار ئىگىلىكى خۇسۇسىيىتىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى چەتكە قاقمايدۇ. تووار ئىگىلىكىنىڭ قارىمۇ-قارشى تەرىپى پىلانلىق ئىگىلىك ئەمەس، بەلكى غەيرى تووار ئىگىلىك يەنى ئۆز-ئۆزىنى تەمىنلەيدىغان تەبىئى ئىگىلىكتۇر. تووار ئىگىلىكى تەبىئى ئىگىلىككە قارىمۇ-قارشى ھالدا بارلىققا كەلگەن ھەم راۋاجلانغان. سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنى نوقۇل ھالدىكى پىلانلىق ئىگىلىك دەپ قاراپ، ئۇنىڭ تووار ئىگىلىكى خۇسۇسىيىتىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىش، ئەمەلىيەتتە پىلانلىق ئىگىلىك بىلەن تووار ئىگىلىكىنى قارىمۇ-قارشى قىلىپ قويۇپلا قالماستىن، بەلكى كىشىلەردە سوتسىيالىستىك پىلانلىق تووار ئىگىلىكىگە قارىتا ئېغىر گۇمانىنىڭ پەيدا بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ ياكى تووار ئىگىلىكى سوتسىيالىزىمغا يات ئىگىلىك، شۇڭا ئۇنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش كېرەك دىگەن قاراشقا ئېلىپ كېلىدۇ. ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش جەريانىدىكى ۋە يېقىنقى بىر نەچچە يىللىق ئىگىلىك قۇرۇلمىسى ئىسلاھاتىدىكى ئەمەلىيەتلەر بۇ خىل قاراشنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلىدى. ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدا پىلانلىق ئىگىلىك پىرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش بىلەن بىللە، پۈتكۈل جەمىيەتتىكى ئىقتىسادى پائالىيەتلەرنى تووار ئىگىلىكىنىڭ تەلىۋى بويىچە تەشكىللەش، چوڭ تەرەپتىن ياخشى باشقۇرۇپ، كىچىك تەرەپتىن قويۇۋېتىش، ماكرو ئىگىلىكىنى ماسلاشتۇرۇپ تەرەققى قىلدۇرۇش لازىم. بۇ بىزدىن نەزىرىيە جەھەتتە پىلانلىق ئىگىلىكنىڭ خۇسۇسىيىتى بىلەن تووار ئىگىلىكىنى سوتسىيالىستىك ئىگىلىكتە بىرلىككە كەلتۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشىمىزنى، ئەمەلىيەت جەريانىدا ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىرلىشىش شەكىللىرىنى ۋە بىرلەشتۈرۈش نۇقتىلىرىنى تاپقىلى بولىدىغانلىقىنى، بۇرۇنقىدەك بىرنى مۇقىملىغاندا بىرنى ئىنكار قىلىدىغان كونا يولغا ماڭماسلىقنى تەلەپ قىلىدۇ.

سوتسىيالىزىم باسقۇچىدا نېمە ئۈچۈن پىلانلىق ئىگىلىك يولغا قويۇلۇش بىلەن بىرگە يەنە تووار ئىگىلىكى يولغا قويۇلىدۇ؟

1) سوتسىيالىزىم باسقۇچىدا ئىجتىمائى ئىش تەقسىماتىنىڭ مەۋجۇت بولۇشى تووار ئىگىلىكىنىڭ بارلىققا كېلىش ۋە تەرەققى قىلىشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى. چۈنكى، ئىجتىمائى ئىش تەقسىماتى بولغاندىلا ئىجتىمائى ئىشلەپچىقىرىش ئوخشىمىغان ئىشلەپچىقىرىش تارماقلىرىغا بۆلۈنۈپ ۋە بۇ ئوخشىمىغان ئىشلەپچىقىرىش تارماقلىرى تېخىمۇ ئۇششاق ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرىغا بۆلۈنۈپ، ئوخشىمىغان

ئىش تۈرلىرى ھەر خىل ئوخشاش بولمىغان مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىپ، توۋار ئالماشتۇرۇشنىڭ ئىمكانىيىتىنى يارىتىپ بېرىدۇ، ئەگەر ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى بولمىغاندا، ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلار بۇنداق ئالماشتۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولمايدۇ - دە، توۋارغا ئايلىنىش ئىمكانىيىتىگىمۇ ئىگە بولمايدۇ. شۇڭا ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى توۋار ئىگىلىكىنىڭ بارلىققا كېلىش ۋە تەرەققىي قىلىشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى. توۋار ئىگىلىكى ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ تەرەققىي قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالايدۇ. لېكىن ئۇ بىردىن - بىر ھەل قىلغۇچ ئامىل ئەمەس. چۈنكى، كەلگۈسىدىكى كوممۇنىزىم جەمئىيىتىگە بارغاندىمۇ ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، بەلكى تېخىمۇ تەرەققىي قىلىدۇ. لېكىن ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلار ئىشلەپچىقارغۇچىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ تەقسىم قىلىنىدىغانچقا، ئۇ ھەم تەڭ قىممەتتە ئالماشتۇرۇلمايدۇ ھەم توۋار خاراكتېرىنى ئالمايدۇ. شۇڭا يالغۇز ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتىلا بولۇپ، مۇستەقىل ئىقتىسادىي مەنپەئەتكە ئىگە ئوخشىمىغان ئىقتىسادىي گەۋدىلەر مەۋجۇت بولمىسا، ئىجتىمائىي ئەمگەك بىلەن قىسمەن ئەمگەكنىڭ زىددىيىتى بولمىسا، ئۇ چاغدىكى ئالماشتۇرۇش بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن ئىقتىسادىي گەۋدىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكىلا ئالماشتۇرۇش بولىدۇ. بەلكى ئوخشىمىغان توۋار ئىشلەپچىقارغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى ئالماشتۇرۇش بولالمايدۇ.

2) سوتسىيالىزم شارائىتىدا ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى ۋە مەھسۇلاتلارغا بولغان ئوخشىمىغان ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى توۋار ئىگىلىكى مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشنىڭ مۇھىم بىر سەۋەبى. كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكنى ئالغاندا، ئۇلار شەك - شۈبھىسىزكى مۇستەقىل توۋار ئىشلەپچىقارغۇچىلاردۇر. مەيلى كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىك بىلەن دۆلەت ئىگىلىكىدىكى مۈلۈكچىلىك ئوتتۇرىسىدا بولسۇن ياكى كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ھەر قايسى كارخانىلار ئوتتۇرىسىدا بولسۇن، ئۇلاردىكى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت يەنى مەھسۇلات ئالماشتۇرۇش مۇناسىۋىتى تەڭ قىممەتتە ئالماشتۇرۇش ئاساسىدىكى توۋار ئىگىلىكى مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت. چۈنكى كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكتىكى كارخانىلار ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلىرىنى ئۆز - ئارا بىر - بىرىگە ئالماشتۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشتا تەڭ قىممەتتە ئالماشتۇرۇشنى ئاساس قىلمىسا يەنى قىممەت قانۇنىيىتىدىن پايدىلانمىسا، ئۇ چاغدا بىر تەرەپنىڭ زىيان تارتىش بەدىلىگە ئىككىنچى بىر تەرەپ پايدىغا ئېرىشىدۇ، ئۇ ھالدا زىيان تارتقۇچى تەرەپنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قىزغىنلىقى سۇسلىشىدۇ - دە، خەلق ئىگىلىكىگە زىيان يېتىدۇ. كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىك بىلەن دۆلەت ئىگىلىكىدىكى مۈلۈكچىلىك ئوتتۇرىسىدىكى مەھسۇلات ئالماشتۇرۇشىمۇ ئوخشاشلا تەڭ قىممەتتە ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلىنىلا قوللىنىشقا

بولىدۇ. باشقىچە ئۇسۇلنى قوللۇنۇشقا بولمايدۇ. شۇڭا ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى ۋە مەھسۇلاتلارغا بولغان ئوخشىمىغان ئىگىدارلىق ھوقۇقى سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنىڭ تووار ئىگىلىكى خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولۇشىنىڭ ئوبيېكتىپ ئاساسى.

3) سوتسىيالىزىم تارىخى باسقۇچىدا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققى قىلىپ مەھسۇلاتلارنى ئېھتىياجىغا قاراپ تەقسىم قىلغىدەك مول دەرىجىگە يەتكۈزەلمىگەچكە ئەمگىكىگە قاراپ تەقسىم قىلىش پرىنسىپىنى يولغا قويۇشقا توغرى كېلىدۇ. ئەگەر تەڭ تەقسىماتچىلىق يولغا قويۇلىدىغان بولسا ئەمگەكچىلەرنىڭ ئەمگىكى تېگىشلىك ھەققە تولۇق ئېرىشەلمىگەنلىكتىن، ئەمگەكچىلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى بوغۇپ تاشلايدۇ. سوتسىيالىزىم باسقۇچىدا ئەمگەك يەنىلا ئەمگەكچىلەرنىڭ تىرىكچىلىك ۋاستىسى سۈپىتىدە تۇرىدۇ. سوتسىيالىزىم جەمئىيىتىدە ئەمگەكنىڭ تىرىكچىلىك ۋاستىسى سۈپىتىدە تۇرۇشى سوتسىيالىزىمدا تووار ئىگىلىكى مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ بىۋاستە سەۋەبى، چۈنكى ئەمگەكچىلەر ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى بويىچە ھەر قايسى مۈلۈكچىلىك شەكىللىرىدە ئوخشىمىغان ئەمگەكلەر بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ھەر خىل ئوخشىمىغان مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىدۇ ۋە تۇرمۇشتا ھەر خىل مەھسۇلاتلارغا ئېھتىياجى چۈشىدۇ. ئۆزىنىڭ كۆپىنچە ئېھتىياجىنى بىۋاستە ئۆزلىرى ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلار بىلەن قاندۇرالمايدۇ. بەلكى باشقىلار ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلار بىلەنلا قاندۇرالايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ ئەمگىكى ۋە مەھسۇلاتىنى باشقىلارنىڭ ئەمگىكى ۋە مەھسۇلاتى بىلەن ئۆز-ئارا ئالماشتۇرۇشقا توغرى كېلىدۇ. ئەمگەكچىلەر ئەسلىدە مەلۇم ماددىي مەنپەئەتنى كۆزلىگەن ئاساستا ئەمگەككە قاتنىشىدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئەمگەك قابىلىيىتىدە ھەر خىل پەرقلەر بولغانلىقتىن ئۇلارنىڭ جەمئىيەتكە قوشقان تۆھپىسىدىمۇ پەرقلەر بولىدۇ. بۇ پەرقلەر ئەمگەكچىلەر ئوتتۇرىسىدىكى توپ مەنپەئەتى بىردەكلىكى ئاساسىدىكى ماددىي مەنپەئەت پەرقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ خىل پەرقنى تەڭ مىقداردىكى ئەمگەكنى تەڭ مىقداردىكى ئەمگەككە ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق تەڭشىمىگەندە ھەر قايسى ئەمگەكچىلەرنى ئۆزىنىڭ قابىلىيىتىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشقا قوزغىغىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىجتىمائىيلىشىش جەريانى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن ئىش تەقسىماتى سىستېمىسىدا ھەر بىر ئەمگەكچى بىر خىل مەھسۇلاتنىڭ بىر ياكى بىر نەچچە ئىش ھالقىسىنىلا ئورۇنلايدۇ. بەلكى، مۇستەقىل ھالدا پۈتۈن بىر مەھسۇلاتنى ئىشلىمەيدۇ. مەھسۇلاتنى ئەمگەكچىلەردىن تەشكىل قىلىنغان كارخانا ئىشلەپچىقىرىدۇ. شۇڭا ئەمگەكچىلەر ئوتتۇرىسىدىكى تەڭ مىقداردىكى ئەمگەكنى تەڭ مىقتاردىكى ئەمگەككە ئالماشتۇرۇش ئالدى بىلەن دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار مەھسۇلاتىنىڭ تەڭ قىممەتتە ئالماشتۇرۇلۇشى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. بۇ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ ئۆز-ئارا نىسبى

مۇستەقىل تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچىلار قاتارىدا مۇئامىلە قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇنداقتا ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت تەڭ قىممەتتە تولدۇرۇش ۋە تەڭ قىممەتتە ئالماشتۇرۇش پرىنسىپىغا بويسۇنماسلىقى مۇمكىن ئەمەس. ھالبۇكى، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي مەنپەئەت زىددىيىتىنى پەقەت تەڭ قىممەتتە ئالماشتۇرۇشنى ئاساسىي بەلگە قىلغان تاۋار — پۇل مۇناسىۋىتى ئارقىلىقلا تەڭشەشكە بولىدۇ. شۇڭا سوتسىيالىزمدا تاۋار ئىگىلىكىنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ۋە يولغا قويۇلۇشى ئوبيېكتىپ مۇقەررەرلىككە ئىگە بولىدۇ. لېكىن بەزى كىشىلەر سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە، ئەمگەك كۈچى تاۋار بولمايدۇ. يەر، سۇ، كان بايلىقلىرىمۇ ئومۇمەن سېتىش - سېتىۋېلىش ئوبيېكتى ئەمەس، شۇڭا سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنى تاۋار ئىگىلىكى دەپ قاراشقا بولمايدۇ دەيدۇ. مېنىڭچە، ئەمگەك كۈچىنىڭ تاۋار بولمىغانلىقى، يەر، سۇ، كان بايلىقلىرى قاتارلىقلارنى سېتىش سېتىۋېلىشقا بولىدىغان- بولمايدىغانلىقىغا قاراپلا سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنىڭ تاۋار ئىگىلىكى خۇسۇسىيىتىنى ئىنكار قىلىۋېتىشكە بولمايدۇ. چۈنكى، ئاددىي تاۋار ئىگىلىكىدىمۇ ئەمگەك كۈچى تاۋار بولمىغان. ئەمگەك كۈچىنىڭ تاۋار بولۇشى كاپىتالىستىك تاۋار ئىگىلىكىنىڭلا بەلگىسى. دۆلەت قارمىقىدىكى يەر، سۇ، كان بايلىقلىرىنىڭ سېتىش - سېتىۋېلىشقا بولمايدىغانلىقى، سوتسىيالىزم شارائىتىدا تاۋار - مۇناسىۋىتىنىڭ بەلگىلىك چەكلىمىگە ئۇچرايدىغانلىقىنىڭلا ئالامىتى، ئەمما ئۇنىڭغا قاراپلا ئىجتىمائىي ئىگىلىك پائالىيىتىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنىڭ يەنىلا تاۋار - پۇل مۇناسىۋىتى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقىنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ.

يەنە بەزى كىشىلەر سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنىڭ ئاساسلىق يېتەكچىسى — دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىجارىتى قىممەت قانۇنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىغاچقا، سوتسىيالىزمدا تاۋار ئىشلەپچىقىرىش ۋە تاۋار ئالماشتۇرۇشلا بولىدۇ. لېكىن سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنى بىر خىل تاۋار ئىگىلىكى دېيىشكە بولمايدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇ خىل قاراش ئەمەلىيەتتە ستالىننىڭ «سوۋېت ئىتتىپاقىدا سوتسىيالىزمنىڭ ئىقتىسادىي مەسىلىلىرى» دېگەن كىتاۋىدىكى كۆز قارىشىغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭدا سوتسىيالىزمدا تاۋار ئىشلەپچىقىرىش ۋە تاۋار ئالماشتۇرۇشنىڭ مەۋجۇت بولىدىغانلىقى مۇقىملاشتۇرۇلغان، ئەمما سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنىڭ بىر خىل تاۋار ئىگىلىك ئىكەنلىكى ئېتىراپ قىلىنمىغان. ستالىن ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىنىڭ ئىچكى قىسمىدا مۇئامىلە قىلىنىدىغان ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭمۇ تاۋار بولىدىغانلىقىنى ئىنكار قىلىش بىلەن بىللە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ نىسبىي مۇستەقىل تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلمىغان، ئەلۋەتتە سوتسىيالىستىك تاۋار ئىشلەپچىقىرىش بىلەن تاۋار ئالماشتۇرۇش پەقەت ئىككى خىل ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئوتتۇرىسىدىكى ئىقتىسادىي

ئالاقە ۋە ئاھالىلارنىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ماگىزىنلاردىن ئىستېمال ۋاستىلىرى سېتىۋېلىش دائىرىسىدىلا چەكلەپ قويۇلۇپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ نىسبىي مۇستەقىل تووار ئىشلەپچىقارغۇچى ئىكەنلىكى ئىنكار قىلىنغان ئەھۋالدا، سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنىڭ تووار ئىگىلىك ئىكەنلىكى توغرىسىدا سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. بۇ خىل قاراش نۆۋەتتىكى ئىگىلىك ئىسلاھاتىنىڭ شەكىللىرى ۋە تەلەپلىرىگە ئۇيغۇن ئەمەس. نۆۋەتتە مەيلى يېزا ئىگىلىكى ياكى شەھەرلەردە بولسۇن، سوتسىيالىستىك تووار ئىشلەپچىقىرىش ۋە تووار ئالماشتۇرۇشنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ بويرۇق خاراكتېرىدىكى مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش ۋە مەھسۇلات تەقسىم قىلىش دائىرىسىنى تارايتىپ، ئىقتىسادى ۋاستە ۋە قىممەت پىشاڭىدىن تېخىمۇ كۆپ پايدىلىنىش ئارقىلىق دۆلەت پىلانىنىڭ تەلىۋىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، بازار ئارقىلىق تەڭشەش دائىرىسىنى قەدەممۇ - قەدەم كېڭەيتىش، تارماقلارنىڭ ئايرىش ۋە رايونلارنىڭ قاتماللىرىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، ھەر خىل ئىقتىسادى شەكىللەر ئوتتۇرىسىدىكى ۋە ھەر خىل مۇئامىلە يوللىرىدىن ئۆتىدىغان بازار رىقابىتىنى قانات يايدۇرۇش تەلەپ قىلىنىۋاتىدۇ. بۇ خىل مۇھىم سىياسەت ۋە تەدبىرلەردىن سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنىڭ بىر خىل تووار ئىگىلىكى ئىكەنلىكىنى ئېلىمى ھالدا چۈشەنگىلى بولىدۇ.

ئەمىلى تەجرىبىلەر بىزگە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى سوتسىيالىستىك تووار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشتىن چەتنەپ، تەبىئى ئىگىلىك ئاساسىدا ئېلىپ بېرىشقا مۇمكىن بولمايدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. سوتسىيالىستىك دۆلەتلەر بولۇپمۇ تەرەققى قىلىۋاتقان سوتسىيالىستىك دۆلەتلەر ئىجتىمائى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تېز سۈرئەت بىلەن تەرەققى قىلدۇرماقچى بولىدىكەن، ئۇ ھالدا ئالدى بىلەن تەبىئى ئىگىلىك ئىدىيىسىنىڭ تەسىرلىرىنى ھەقىقى يوسۇندا تۈگىتىشى، سوتسىيالىستىك تووار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرۈشى لازىم. شۇڭا ئېلىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچىدا سوتسىيالىستىك تووار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققى قىلدۇرۇلىشى ئىجتىمائى ئىشلەپچىقىرىش كۈچىنىڭ تەرەققى قىلدۇرۇلىشىدىن ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىدىن دېرەك بېرىدۇ.

## سوتسىيالىستىك تووار ئىگىلىكىنىڭ ئالاھىدىلىكى

سوتسىيالىستىك ئىگىلىك يەنىلا بىر خىل تووار ئىگىلىك، ئەمما ئۇ ئۇششاق تووار ئىگىلىكىگە ۋە كاپىتالىستىك تووار ئىگىلىكىگە ئوخشىمايدىغان، سوتسىيالىزمنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىگە ئىگە بولغان بىر خىل تووار ئىگىلىكىدۇر. پارتىيە مەركىزى كومىتېتىنىڭ ئىقتىسادى تۈزۈلمە ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى قارارىدا

سوتسيالىستىك ئىگىلىك ئۈستىدە توختالغاندا مۇنداق دېيىلگەن: «سوتسيالىستىك جەمىيەتتە ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئاساسىدا پىلانلىق ئىگىلىك يولغا قويۇلغانلىقى ئۈچۈن، كاپىتالىستىك جەمىيەتتىكىگە ئوخشاش ئىشلەپچىقىرىش ھۆكۈمەتسىزلىكىدىن ۋە دەۋرىي خاراكتېرلىك كرىزىستىن ساقلانغىلى بولىدۇ. ئىشلەپچىقىرىشنى خەلقنىڭ كۈندىن-كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان ماددىي، مەدەنىي تۇرمۇش ئېھتىياجىنى ئۈزلۈكسىز قاندۇرۇش مەقسىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرغىلى بولىدۇ، بۇ سوتسيالىستىك ئىگىلىكنىڭ كاپىتالىستىك ئىگىلىكتىن ئەۋزەللىكىنىڭ توپ بەلگىسىنىڭ بىرى».

بۇ، سوتسيالىستىك تۇۋار ئىگىلىكىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە بېرىلگەن ئىلمىي يەكۈن، شۇڭا سوتسيالىستىك تۇۋار ئىگىلىكىنى ئۇششاق تۇۋار ئىگىلىكىگە ياكى كاپىتالىستىك تۇۋار ئىگىلىكىگە ئوخشىمايدىغان، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئاساسىغا قۇرۇلغان، خەلقنىڭ كۈندىن-كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان ماددىي ۋە مەدەنىي تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنى مەقسەت قىلغان پىلانلىق تۇۋار ئىگىلىكى دېيىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى تۆۋەندىكى ئۈچ تەرەپتە ئىپادىلىنىدۇ:

بىرىنچى، سوتسيالىستىك تۇۋار ئىگىلىكى ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئاساسىغا قۇرۇلغان بولغاچقا ئۇ سوتسيالىستىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىنى يەنى سوتسيالىستىك جەمىيەتتىكى ئەمگەكچىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆز-ئارا ھەمكارلىق، باراۋەرلىك ۋە ئۆز-ئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش مۇناسىۋىتىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ، بەلكى ياللانما ئەمگەك تۈزۈمى ئاستىدىكى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىش ۋە ئېكسپلاتاتسىيە قىلىنىشتەك كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىنى گەۋدىلەندۈرمەيدۇ. سوتسيالىزم جەمىيىتىدە ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا ئەمگەكچىلەر ئورتاق ئىگىدارچىلىق قىلغانلىقتىن، ئۇلار ئوتتۇرىسىدا، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا ئىگىدارچىلىق قىلىش جەھەتتىكى پەرقلەر يوقىتىلغان بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ئەمگەك كۈچىمۇ قايتا تۇۋار بولمايدۇ، شۇڭا ئېكسپلاتاتسىيەلىك مۇناسىۋەت يوقىتىلغان بولىدۇ. ئەمگەكچى خەلق ئۆزىگە-ئۆزى خوجا بولۇپ پۈتۈن خەلقنىڭ ماددىي ۋە مەدەنىي تۇرمۇشىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاشنى مەقسەت قىلغان ھالدا ئىشلەپچىقىرىش ئېلىپ بارىدۇ. قىممەت قانۇنىيىتىنى پۈتۈن جەمىيەت دائىرىسىدە ئاڭلىق تەدبىقلايدۇ. شۇڭا سوتسيالىستىك تۇۋار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلدۇرۇلۇشى كاپىتالىزمغا ئېلىپ بارمايدۇ. ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقارمايدۇ. سوتسيالىستىك تۇۋار ئىگىلىكى گەرچە كاپىتالىستىك تۇۋار ئىگىلىكى ۋە ئۇششاق تۇۋار ئىگىلىكىگە ئوخشىمىسىمۇ، ئەمما ئۇ يەنىلا تۇۋار ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، سوتسيالىستىك تۇۋار ئىشلەپچە-

قىرىشتا ئەمگەكنىڭ ئىككى ياقلىمىلىغى بىلەن توۋارنىڭ ئىككى ياقلىمىلىغى مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. شۇڭا ئەمگەكچىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان ئومۇمى مۈلۈكچىلىك ئاساسىدىكى تۈپ مەنپەئەتىنىڭ بىردەكلىكىنى تەكىتلەشتىن باشقا، يەنە ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ ماددى مەنپەئەت پەرقىنى تەكىتلەپ، تەڭ قىممەتتە ئالماشتۇرۇش پىرىنسىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇشقا توغرى كېلىدۇ.

ئىككىنچى، سوتسىيالىستىك توۋار ئىگىلىكى پۈتۈن جەمئىيەت دائىرىسىدە پىلانلىق ئىگىلىكنىڭ يولغا قويۇلۇشى ئالدىنقى شەرت قىلىنغان ھالدا پىلانلىق راۋاجلاندۇرۇلىدىغان، پىلانسىزلىق ياكى ھۆكۈمەتسىزلىكتىن خالى بولغان توۋار ئىگىلىكىدۇر، پۈتۈن ئەمگەكچى خەلقنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلغان دۆلەتنىڭ پروتكول ئىجتىمائى ئىگىلىكنىڭ پىلانلىق ھالدا راۋاجلىنىشىنى تەڭشىشى، ئىشلەپ-چىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان ئومۇمى مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى ئاساس قىلىنغان سوتسىيالىستىك ئىگىلىكتىلا زۆرۈرلىككە ۋە مۇمكىنلىككە ئايلىنالايدۇ. ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان خۇسۇسى مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى ئاساس قىلىنغان ئىگىلىكتە بولسا ئىشقا ئاشۇرۇش مۇمكىن بولمايدۇ. بىر تۇتاش پىلانلىق باشقۇرۇش ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ ۋە پىلانلىق راۋاجلاندۇرىلىدۇ، پىلانسىزلىق، ھۆكۈمەتسىزلىك ۋە كىرىزىستىن ساقلىنالايدۇ.

ئۈچىنچى، سوتسىيالىستىك توۋار ئىگىلىكى جەمئىيەت ۋە خەلقنىڭ كۈندىن-كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان ماددى ۋە مەدەنى تۇرمۇش ئېھتىياجىنى ئۈزلۈكسىز قاندۇرۇشنى مەقسەت قىلغان توۋار ئىگىلىك. سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدە ئەمگەكچى خەلق ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى ئورتاق ئىگەللەيدۇ. ئۇلار ئىجتىمائى ئىگىلىكنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرىدا ئورتاق نىشان — كوممۇنىزىمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن يەنى «ھەركىم قابىلىيىتىگە يارىشا ئىشلەش، ئېھتىياجىغا قاراپ تەقسىم قىلىش» پىرىنسىپىنى يولغا قويىدىغان جەمئىيەتنى قۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ ئەمگەك قىلىدۇ. ئۇ جەمئىيەتكە يېتىش ئۈچۈن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققى قىلدۇرۇپ، ماددى بايلىقلارنى جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئېھتىياجىدىن ئاشقىدەك دەرىجىدە ئىشلەپچىقىرىشقا توغرى كېلىدۇ. لېكىن سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدە بىردىنلا ئۇ سەۋىيىگە يەتكىلى بولمىغاچقا، جەمئىيەت كوممۇنىزمغا يېتىش ئۈچۈن پۈتۈن ئەمگەكچىلەرنى ئۆزىنىڭ ئەقلى ۋە جىسمانى كۈچلىرىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەمگەكچىلەرنى ئالغاندا، ئۇلارنىڭ قابىلىيىتىدە تۈرلۈك پەرقلەر بولىدۇ. بۇ پەرقلەر ئۇلارنىڭ ئەمگەك تۆھپىسىدىكى پەرقلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدە ئەمگەكچىلەردە تېخى ئەمگەكتە ھەق بىلەن ھىساپلاشمايدىغان كوممۇنىزىملىق ئاڭ سەۋىيە تىكلەنمىگەچكە، ئۇلار جەمئىيەتكە قوشقان ئەمگىكىدىكى پەرقلەرنى قىممەت قانۇنىيىتىدىن ئاڭلىق پايدىلىنىپ، توۋار

ئالماشتۇرۇش يولى بىلەن تەڭشەشنى تەلەپ قىلىدۇ. جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئېھتىياجى خىلمۇ-خىل، مۇرەككەپ ۋە كۈندىن-كۈنگە ئۆسۈپ تۇرغاچقا، بۇ خىل ئېھتىياجغا ماسلىشىش ئۈچۈن ئىشلەپچىقىرىشنى داۋاملىق تۈردە راۋاجلاندۇرۇشقا ۋە كېڭەيتىشكە توغرى كېلىدۇ. بۇنى پەقەت ئىشلەپچىقىرىشنى پۈتۈن جەمئىيەت مىقياسىدا پىلانلىق ئېلىپ بېرىش، ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلارغا توۋار ئىگىلىكى شەكلىنى قوللىنىپ، ھەر ساھەدىكى ئەمگەكچىلەرنىڭ ئەمگەك ئاكتىپچانلىقىنى تولۇق قوزغاش ئارقىلىقلا ھەل قىلغىلى بولىدۇ.

سوتسىيالىزمدا پىلانلىق توۋار ئىگىلىكىنىڭ يولغا قويۇلۇشى كارخانىلارنىڭ ھاياتى كۈچىنى جانلاندۇرۇشنىڭ ئوبيېكتىپ ئاساسى.

سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنىڭ توۋار ئىگىلىكى خۇسۇسىيىتىگە ئىگە پىلانلىق توۋار ئىگىلىكى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىپ توۋار ئىگىلىكىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرغاندىلا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە توغرىسىدىكى قارارىنى تولۇق ئىجرا قىلىپ، سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تۈزۈلمىلەرنى مۇكەممەللەشتۈرگىلى بولىدۇ.

نېمە ئۈچۈن سوتسىيالىزمدا پىلانلىق توۋار ئىگىلىكىنى يولغا قويۇشنى سوتسىيالىستىك كارخانىلارنىڭ ھاياتى كۈچىنى جانلاندۇرۇشنىڭ ئوبيېكتىپ ئاساسى دەيمىز؟

بىرىنچىدىن، پىلانلىق توۋار ئىگىلىكىنىڭ يولغا قويۇلۇشى كارخانىلارغا ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ ئوبيېكتىپ ئاساسىنى يارىتىپ بېرىدۇ، قىممەت قانۇنى توۋار ئىگىلىكى بىلەن بىللە مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، ئۇ خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ئاساس قىلىنغان توۋار ئىگىلىكىگە قارىتا ئىستىخىيىلىك ھالدا رول ئوينايدۇ. سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدە ئۇنىڭدىن ئاڭلىق تۈردە پايدىلانغاندا، سوتسىيالىستىك توۋار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشقا، جۈملىدىن كارخانىلارنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە تۈرتكە قىلغىلى بولىدۇ. چۈنكى ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى يۇقىرى كۆتۈرۈش — سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي خىزمەتلەرنىڭ بىر ئاساسىي تەلىپى. ئىقتىسادىي ئۈنۈمنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى ئەڭ ئاز بەدەل سەرپىياتى بىلەن ئەڭ زور ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈلۈشىدىن دېرەك بېرىدۇ. بىزدە ئۆتكەندە كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئالماشتۇرۇشى يۇقىرى دەرىجىدە مەمۇرىي رەھبەرلىك ئورگانلىرىغا مەركەزلەشتۈرۈلۈپ، بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، قىممەت قانۇنىيىتىنىڭ تەلىپىگە ئېغىر ھالدا خىلاپلىق قىلىنغانلىقتىن، ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلارنىڭ تولىسى بازارنىڭ تەڭشىشىدىن ئۆتكۈزۈلمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە كارخانىلار ئىشلەپچىقىرىشتا بەكمۇ ئۆلۈك باشقۇرۇپ، يۇقۇرىنىڭ بەلگىلەپ بەرگەن ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاش ئۈچۈنلا ئىشلەپچىقارغاچقا ئۇلاردا ھېچقانداق بىر ئىچكى

ھەركەتلەندۇرگۈچ كۈچى ۋە تاشقى بېسىم كۈچى بولمىدى. شۇنىڭ بىلەن دائىم دىگىدەك ئىقتىسادى پائالىيەتلىرىنىڭ ئۈنۈمى تۆۋەن، ئىسراپچىلىقى كۆپ، ئىشلەپچىقىرىش بازار ئېھتىياجىغا ماسلىشالماسلىقتەك ئەھۋاللار كۆرۈلدى. نەتىجىدە ئومۇمى مەھسۇلات قىممىتى بويىچە ھىساپلانغان ئۆسۈش يۇقۇرى بولسىمۇ، ئەمەلى تەمىنلىيەلەيدىغان ئاخىرقى مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئۆسۈش سۈرئىتى ئاستا بولۇپ، خەلقنىڭ ئېھتىياجىنى ياخشى قاندۇرالمىدى، ھەتتا بەزىدە خەلق ئىگىلىگىدە نىسبەت بۇزۇلىشنى پەيدا قىلىپ، ئىجتىمائى ئىقتىسادى تۇرمۇشتا ئېغىر تەۋرىنىشلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. تووار ئىگىلىگى يولىغا قويۇلسا، سوتسىيالىستىك كارخانىلار ھەقىقى تۈردە نىسبى مۇستەقىل تووار ئىشلەپچىقارغۇچىلارغا ئايلىنىپ ئۆز ئالدىغا ماددى مەنپەئەتكە ئىگە بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالايدۇ. كارخانىنىڭ ئىقتىسادى ئۈنۈمى قانچە يۇقۇرى بولسا شۇنچە كۆپ ماددى مەنپەئەتكە ئېرىشەلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئۆز كارخانىسىنىڭ ماددى مەنپەئەتىنى كۆزلىگەن ئاساستا قوزغالغان ئىشلەپچىقىرىشتىكى جانلىقلىق ۋە قىزغىنلىقى كارخانىنىڭ ئىچكى ھەركەتلەندۇرگۈچ كۈچىگە ئايلىنىدۇ. ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلىرىنىڭ قىممەت قانۇنىيىتى رولىنىڭ تەسىرىگە ئۇچىرىشى ئۇلارنى بازار رىقابىتىدىن ئىبارەت تاشقى بېسىم كۈچىگە ئۇچرىتىدۇ. بۇ ھال ئۇلارنى ئىچكى ھەركەتلەندۇرگۈچ كۈچى ۋە تاشقى بېسىم كۈچىگە ئىگە قىلىپ كارخانىلارنىڭ ئىقتىسادى ئۈنۈمىنى يۇقۇرى كۆتىرىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

ئىككىنچىدىن، پىلانلىق تووار ئىگىلىگىنىڭ يولغا قويۇلىشى سوتسىيالىستىك كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك تىكلەش ئاكتىپلىقىنى ئۆستۈرىدۇ. تووار ئىگىلىگى يولغا قويۇلسا، كوللىكتىپ ئىگىلىكتىكى كارخانىلار مۇستەقىل تووار ئىشلەپچىقارغۇچىلارغا ئايلىنىپلا قالماستىن، بەلكى دۆلەت ئىگىلىگىدىكى كارخانىلارمۇ نىسبى مۇستەقىل تووار ئىشلەپچىقارغۇچىلارغا ئايلانغاچقا، ئۇلار مەمۇرى ئورگانلارنىڭ بېقىندىلىق ئورنىدىن قۇتۇلۇپ، ئۆز ئالدىغا ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىجارەت ئېلىپ بارىدىغان پايدا-زىيىنىغا ئۆزلىرى مەسئۇل بولىدىغان، مۇستەقىل ۋە نىسبى مۇستەقىل ئىقتىسادى گەۋدىگە ئايلىنىدۇ. كارخانىلارغا بۇ خىل بەلگىلەش ھوقۇقلىرىنىڭ بېرىلىشى مۇقەررەر ھالدا ئۇلارنى ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈشكە، ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك باشقۇرۇشقا مەجبۇر قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن كارخانىلار ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنى ئۆستۈرىدىغان، جەمىيەت ئېھتىياجىنى كۆزلەيدىغان، خەلق ئىگىلىگىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان، ئۆز كارخانىسىنىڭ پايدىسىنى ئۆستۈرىدىغان يېڭىچە ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىجارەت قىلىش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىشنىڭ يوللىرىنى ئىزدىنىشكە ھەقىقى يۇسۇندا كىرىشىدۇ.

ئۈچىنچىدىن، پىلانلىق تووار ئىگىلىگىنىڭ يولغا قويۇلىشى دۆلەت ئىگىلە-

گەندىكى كارخانىلارنىڭ دۆلەتنىڭ «چوڭ قازىنىنىڭ تامغى»نى يېيىشى ۋە ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ كارخانىنىڭ چوڭ قازىنىنىڭ تامغى»نى يېيىش ئادىتىنى تۈگە-تىشنىڭ ئوبيېكتىپ ئاساسى، پىلانلىق تاۋار ئىگىلىكى يولىغا قويۇلسا، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارمۇ نىسبىي مۇستەقىل تاۋار ئىشلەپچىقارغۇچى ۋە تىجارەت قىلغۇچىلارغا ئايلىنىدۇ. ئۇ ۋاقىتتا كارخانىلار دۆلەت پىلانىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۆز كارخانىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىجارەت قىلىش پىلانىنى ئۆزلىرى تۈزەيدۇ. كارخانىنىڭ كىرىم - چىقىمىدا دۆلەت مەسئۇللىقنى ئۈستىگە ئالمايدۇ. بەلكى كارخانىلار ئۆزلىرى مەسئۇل بولىدۇ. كارخانىنى ياخشى باشقۇرۇپ، كۆپرەك پايدىغا ئېرىشەلىسە ئۇ چاغدا ئۆز كارخانىسىنى تېخىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن كۆپرەك مەبلەغ قالدۇرالايدۇ ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆلارنىڭ كارخانا ئەمگىكىگە قوشقان تۆھپىسىنىڭ ئاز كۆپلىكىگە قاراپ ئوخشى-مىغان دەرىجىدە يۇقۇرى كۆتىرەلەيدۇ، شۇڭا پىلانلىق تاۋار ئىگىلىكى يولىغا قويۇلغان شارائىتتا، كارخانا ئىقتىسادى پائالىيەت نەتىجىسىنىڭ يۇقۇرى - تۆۋەن-لىكى بىر تەرەپتىن كارخانىلارنىڭ ماددى مەنپەئەتىگە بېرىپ تاقالسا، يەنە بىر تەرەپتىن كارخانا ئىشچى - خىزمەتچىلىرىنىڭ ماددى مەنپەئەتىگە بېرىپ تاقالغاچقا، ئۇ بۇرۇنقىدەك كارخانىلار پايدا تاپسىمۇ ياكى زىيان تارتسىمۇ ئوخشاش مەنپەئەتكە ئىگە بولىدىغان، ئىشچى - خىزمەتچىلەر كارخانا ئەمگىكىدە كۆپ تۆھپە قوشسىمۇ ياكى ئاز تۆھپە قوشسىمۇ ئوخشاش بولىدىغان پاسسىپ ئادەتلەرنى تۈگىتىپ، كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇشنى ياخشىلىغىلى بولىدۇ.

ئومۇمەن ئالغاندا، سوتسىيالىزمدا ئىجتىمائى ئىش تەقسىماتىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى، ئوخشىمىغان ئىگىلىك شەكىللىرىنىڭ بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى، ئىجتىمائى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تۆۋەنلىكى سەۋەبىدىن ئەمگەكنىڭ ئەمگەك-چىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا يەنىلا تىرىكچىلىكنىڭ ۋاستىسى بولۇپ تۇرۇشى سوتسىيا-لىستىك ئىگىلىكنىڭ تاۋار ئىگىلىكى خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولۇشىنىڭ ئوبيېكتىپ ئاساسى. شۇڭا سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنىڭ ھەم تاۋار ئىگىلىك خۇسۇسىيىتىنى ھەم پىلانلىق ئىگىلىك خۇسۇسىيىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىككى ياقلىملىقنى ئىگە پىلانلىق تاۋار ئىگىلىك ئىكەنلىكىنى توغرا تونۇپ، سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگە-لىكىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇشىمىز لازىم.

# پىلانلىق ئىگىلىك بىلەن تووار ئىگىلىگىنىڭ بىر پۈتۈنلىگى توغرىسىدا

رازاق تۆمۈر

شەھەر نۇقتا قىلىنغان ئىقتىسادى تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدا، سوتسىيالىستىك پىلانلىق ئىگىلىك بىلەن سوتسىيالىستىك تووار ئىگىلىگىنىڭ بىر پۈتۈنلۈك ئىچىدە تۈرىدىغانلىغىغا نىسبەتەن، نەزىرىيە ۋە ئەمەلى خىزمەت ئورۇنلىرىدا ئوخشىمىغان قاراشلار ساقلانماقتا، بەزى يولداشلار: تووار - پۇل مۇناسىۋىتى كاپىتالىزىم جەمئىيىتىدىمۇ مەۋجۇت. مەملىكىتىمىزنىڭ بۈگۈنكى سوتسىيالىزىم باسقۇچىدا ئۇ يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ قالماي، بەلكى يۈكسەك دەرىجىدە راۋاجلاندۇرۇلىۋاتىدۇ. مۇنداقتا، سوتسىيالىزىم جەمئىيىتى بىلەن كاپىتالىزىم جەمئىيىتىنى بىر - بىرىدىن ئېنىق پەرقلەندۇرۇش قىيىن بولىدۇ، دەپ قاراۋاتىدۇ. بۇ خىل قاراش توغرا ئەمەس. بۇ خىل قاراشنىڭ يىلتىزى، بىزنىڭچە، يەنىلا ئىجتىمائى فورماتسىيە بىلەن ئىقتىسادى فورماتسىيەنىڭ پەرقىنى چۈشەنمەي، ئىككىسىنى بىر نەرسە دەپ قاراش، ھەتتا شۇ خىل قاراش بىلەن ھازىرقى رىياللىقنى ئۆلچەشتىن ئىبارەت. شۇڭا سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنىڭ ئومۇمى مۇلاھىزەلىك ئاساسىدىكى پىلانلىق تووار ئىگىلىكى ئىكەنلىگىنى ھەقىقى چۈشىنىش ئۈچۈن ئۇنى يەنىلا ئىجتىمائى فورماتسىيە بىلەن ئىقتىسادى فورماتسىيەنى بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرۈپ قاراش لازىم.

## ئىجتىمائى فورماتسىيە ۋە ئىقتىسادى فورماتسىيە

ئىجتىمائى فورماتسىيە - مەلۇم تارىخى تەرەققىيات باسقۇچىدىكى مۇئەييەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىنى ئاساس قىلغان ئىجتىمائى تۈزۈمنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ، ئىقتىسادى بازىس بىلەن ئۈستقۇرۇلمىنىڭ كونكرېت، تارىخى بىرلىگىدىن ئىبارەت. ئىجتىمائى فورماتسىيەنىڭ ئىچكى مەزمۇنىدىن قارىغاندا، ئۇ، ئىنسانلار تەرەققىيات تارىخىنىڭ ئوخشاش بولمىغان باسقۇچىدىكى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىنىڭ يىغىندىسىدىن تەركىب تاپقان ئىقتىسادى بازىس ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىپ قۇرۇلغان ئۈستقۇرۇلمىنى ئاساس قىلغان ئىجتىمائى تۈزۈمنى كۆرسىتىدىغان بولسا، ئىجتىمائى تۈزۈلمە ئەلۋەتتە، ئىقتىسات، سىياسى، قانۇن، مەدەنىيەت قاتارلىق تۈزۈملەرنىڭ

ئومۇمى نامى ھېساپلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ ئىنسانىيەت تارىخىدا ئۆتكەن ئوخشىمايدىغان
ئىجتىمائى فورماتسىيەلەرنى بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان بىردىن - بىر
ئۆلچەم ھېساپلىنىدۇ. ئىنسانىيەت تارىخى تەرەققى قىلىپ ھازىرغا كەلگىچە بەش
خىل ئىجتىمائى فورماتسىيەنى، يەنى ئىپتىدائى كوممۇنىزىم جەمىيىتى، قۇللۇق
جەمىيەت، فېئوداللىق جەمىيەت، كاپىتالىستىك جەمىيەت ۋە سوتسىيالىستىك جەمىـ
يەتنى بېسىپ ئۆتتى ياكى ئۆتمەكتە، بۇنداق ھەر خىل تىپتىكى ئىجتىمائى فور-
ماتسىيەلەرنىڭ ئىقتىسادى بازىسى بىر - بىرىگە ئوخشاش بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇ-
لارنىڭ ئۈستقۇرۇلمىسىمۇ بىر - بىرىگە ھەرگىز ئوخشاش بولمىغان. شۇڭا ئۇلار
ئىلگىرى كېيىن بارلىققا كېلىپ، مۇستەقىل ئىجتىمائى تۈزۈم سۈپىتىدە ئىنسانىيەت
تارىخى تەرەققىياتىدىن ئورۇن ئالغان. مەسىلەن :ئىپتىدائى كوممۇنا تۈزۈمى ئىپتىدا-
ئى جەمىيەت تۈزۈمىنى تەشكىل قىلغان. قۇل ئىگىدارچىلىق تۈزۈمى، قۇللۇق جەمىيەت
تۈزۈمىنى تەشكىل قىلغان. فېئودال مۇلۇكچىلىك تۈزۈمى فېئودالىق جەمىيەت تۈزۈ-
مىنى تەشكىل قىلغان. كوممۇنىزىمنىڭ ئومۇمى مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى (بۇيەردە كوممۇ-
نىزىم بىلەن سوتسىيالىزىم بىر خىل ئىدىيىۋى سىستىما بولغانلىقى، سوتسىيالىزىم
كوممۇنىزىم جەمىيىتىنىڭ دەسلەپكى ۋە تۆۋەن باسقۇچى بولغانلىقى ئۈچۈن ئىجتىما-
ئى تۈزۈم ياكى ئىجتىمائى فورماتسىيەدە ھامان كوممۇنىزىم جەمىيىتى نەزەردە تۇ-
تۇلىدۇ،) كوممۇنىزىمنىڭ ئىجتىمائى تۈزۈمىنى تەشكىل قىلىدۇ.

ئىقتىسادى فورماتسىيەگە كەلسەك، ئىنسانىيەت جەمىيىتى ھازىرغىچە پەقەت
3 خىل ئىقتىسادى فورماتسىيەنىلا بېسىپ ئۆتتى. ئۇلار، تەبىئى ئىگىلىك فورماتـ
سىيەسى، ئاددى تovار ئىگىلىك فورماتسىيەسى، ئىجتىمائىلاشقان تovار ئىگىلىك
فورماتسىيەسىدىن ئىبارەت. بۇنىڭدىن ئېنىق كۆرىنىپ تۇرۇپتىكى ئىجتىمائى فور-
ماتسىيە بىلەن ئىقتىسادى فورماتسىيە مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، بىر - بىرىگە ئاز-
تولا مۇناسىۋەتلىكتەك تۇرسىمۇ لېكىن، ئىنچىكە تەھلىل قىلىپ كۆرگەندە ئۇلار
تامامەن ئوخشىمايدىغان نەرسە. تovار ئىقتىسادى فورماتسىيەسىنى ئالساق ئۇ قۇل-
لۇق تۈزۈمىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدا بارلىققا كەلگەن بولۇپ، قۇللۇق جەمىيىتى ۋە
فېئوداللىق جەمىيىتىدە ئوخشاشلا مەۋجۇت بولدى. كاپىتالىزىم بولۇپمۇ مونوپول
كاپىتالىزىم باسقۇچىغا كەلگەندە ئۇ يۇكسەك دەرىجىدە راۋاجلىنىپ، تovار ئىشلەپ-
چىقىرىش ۋە تovار ئالماشتۇرۇشنى مەزمۇن قىلغان ئىجتىمائىلاشقان تovار ئىگىلىك
فورماتسىيەسى بولۇپ شەكىللەندى. شۇڭا ئىجتىمائى فورماتسىيە بىلەن ئىقتىسادى
فورماتسىيە بىر - بىرىدىن مۇستەقىل ئۇقۇم ھېساپلىنىدۇ. شۇنداقلا تovار ئىگىلىك
فورماتسىيەسىنىڭ ئۆمرى ئىجتىمائى تۈزۈمنىڭ ئۆمرىدىن كۆپ ئۇزۇن بولىدۇ.
تovار ئىگىلىك فورماتسىيەسىنىڭ ئادەتتىكىچە شەرتى ئىجتىمائى ئىش تەقسىماتى
شۇنداقلا ئوخشاش بولمىغان ئىستىمال قىممەت - قىممەتكە ئىگە مەھسۇلاتلارنىڭ

ئوخشاش بولمىغان مۇلۇك ئىگىلىرىگە تەۋە بولۇشىدىن ئىبارەت. لېكىن ئىجتىمائىيلاشقان توۋار ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش بولسا، ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتىنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى مەخسۇسلاشتۇرۇش ۋە يۈكسەك دەرىجىدىن ئىجتىمائىيلاشتۇرۇشقا مۇھتاج، ھالبۇكى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ يەنىمۇ مەخسۇسلىشىشى ۋە ئىجتىمائىيلىشىشى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا كەڭ يول ئېچىپ بەرسە، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسىنىڭ ئۆسكەنلىكى يەنە كېلىپ مەخسۇسلىشىش ۋە ئىجتىمائىيلىشىشتا ئىپادىلىنىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، توۋار ئىگىلىك فورماتسىيىسى ياكى توۋار ئىشلەپچىقىرىش ۋە توۋار ئالماشتۇرۇشنى راۋاجلاندۇرۇش ھەرگىز ئاتلاپ ئۆتۈپ كەتكىلى بولمايدىغان مۇقەررەر بىر باسقۇچ. شۇڭا سوتسىيالىزم باسقۇچىدا ئۇ يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ئىجتىمائىيلاشقان يىرىك ئىشلەپچىقىرىش، ئۇنىڭ ئۈستىگە «سوتسىيالىزمنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش»① ئىجتىمائىيلاشقان يىرىك ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئەمەلىيەتتە بىر-بىرىنى شەرت قىلىدۇ. بىرى يەنە بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. بۇ ئىككىسى مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىزم باسقۇچىدا توۋار ئىگىلىكىنىڭ راۋاجلاندۇرۇلۇشىنى ئوبيېكتىپ مۇقەررەرلىككە ئىگە قىلىدۇ. شۇڭا ھازىرقى مۇھىم مەسىلە «پىلان تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىشتا، ئەۋۋەل پىلانلىق ئىگىلىك بىلەن توۋار ئىگىلىكىنى قارىمۇ-قارشى قىلىپ قويىدىغان ئەنئەنىۋى نۇقتىئىنەزەرنى بۇزۇپ تاشلاپ، سوتسىيالىستىك پىلانلىق ئىگىلىك قىممەت قانۇنىغا چەزمەن ئاڭلىق ئاساسلىنىدىغان ۋە ئۇنى ئاڭلىق تەدبىقلايدىغان ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك تۈزۈمىدىكى پىلانلىق توۋار ئىگىلىك ئىكەنلىكىنى ئېنىق چۈشىنىش كېرەك»② قاراردا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بۇ نۇقتىئىنەزەر تونۇشىمىزدا چوڭ ئىلگىرىلەشنىڭ بولغانلىقىنى ماركسىستىك ئىقتىساتشۇناسلىق تەتقىقاتىدا زور بۆسۈشنىڭ بولغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك تۈزۈمى ئەمەلىيىتىدىن قارىغاندا ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك تۈزۈمى ئېلىمىزدە خېلى بۇرۇنلا ئورنىتىلدى. سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك تۈزۈمى ئوبيېكتىپ جەھەتتە پىلانلىق ئىگىلىكنىڭ يولغا قويۇلۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ ياكى ئۇ پىلانلىق ئىگىلىكنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ئەۋزەل شارائىت يارىتىپ بېرىدۇ. لېكىن پىلانلىق ئىگىلىك يولغا قويۇلغاندا، توۋار ئىگىلىك پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىش لازىمكى، ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلسا بولمايدۇ. ئەلۋەتتە ئۇ توۋار ئىگىلىك ئاساسىغىلا قۇرۇلۇشى لازىم. پىلانلىق ئىگىلىك دېگەن نېمە؟ پىلانلىق ئىگىلىك - ئىجتىمائىي ئەمگەك ئومۇمىي مىقدارىنى خەلق ئىگىلىكىنىڭ ھەر قايسى ئىشلەپچىقىرىش، ئىگىلىك تارماقلىرىغا نىسبەتەن بويىچە تەقسىم قىلىشنى

ياكى خەلق ئىگىلىگىنىڭ ئىقتىسادى پائالىيىتىنى ئوبيېكتىپ مەۋجۇت بولغان نىسبەت مۇناسىۋىتى بويىچە ماس راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭغا پىلانلىق رەھبەرلىك قىلىش، تەشكىللەش ۋە تەڭشەشنى يولغا قويىدىغان بىر خىل ئىقتىسات باشقۇرۇش تۈزۈمىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ يەردىكى پىلانلىق رەھبەرلىك قىلىش، تەشكىللەش ۋە تەڭشەش قاتارلىق باشقۇرۇش فونكتسىيەلىرى مىڭلىغان - ئون مىڭلىغان ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىگىلىك ئورۇنلىرىنىڭ ئىقتىسادى پائالىيىتىگە، يەنى ئىشلەپچىقىرىش، ئالماشتۇرۇش، تەقسىمات، ئىستىمال، شۇنىڭدەك ئىشلەپچىقىرىش، تەمىنلەش سېتىش قاتارلىق پائالىيەتلىرىگە ئەمەلىلەشتۈرۈلىشى لازىم. بۇنىڭدىكى ئەڭ مۇھىم مەسىلە، ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئىقتىسادى پائالىيەتنىڭ تەبىئى ئىگىلىك ياكى تاۋار ئىگىلىك بولۇشىدىن ئىبارەت. پىلانلىق ئىگىلىك - ئىقتىسات باشقۇرۇشنىڭ بىر خىل تۈزۈمى بولغان ئىكەن، ئۇ ئەلۋەتتە سۇبيېكتىپ نەرسىدىن ئىبارەت. لېكىن ھەر قانداق سۇبيېكتىپ نەرسە يەككە - يىگانە ۋە ھېچقانداق ئاساسسىز مەيدانغا كەلگەن ئەمەس. ئۇمۇ ئوبيېكتىپ ئەمىلىيەتنىڭ مەھسۇلى، يەنىمۇ ئېنىقراق ئېيتساق، سۇبيېكتىپ - ئوبيېكتىپنىڭ كىشىلەرنىڭ ئاڭ سىزىمى ئارقىلىق ئەكس ئېتىشىدىن ئىبارەت. شۇڭا پىلانلىق ئىگىلىك ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەتنىڭ ئىنكاسى ھېساپلىنىدۇ. بۇ يەردىكى «سۇبيېكتىپ» دىگەن سۆز پىلانلىق ئىگىلىكنىڭ كىشىلەرنىڭ بىلىش پائالىيىتى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىغا قارىتىلغان. شۇڭا پىلانلىق رەھبەرلىك قىلىش، تەشكىللەش ۋە تەڭشەشنىڭ مۇكەممەل بولۇش - بولماسلىقى بىزنىڭ ئوبيېكتىپ ئىقتىسادى قانۇنىيەتنى تەدبىقلىشىمىز ۋە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشىمىزنىڭ ئاڭلىقلىق ۋە توغرىلىق دەرىجىسى بىلەن بەلگىلىنىدۇ. ئەگەر پىلانلىق ئىگىلىك تاۋار ئىگىلىگىنىڭ تەلىۋىگە ئويغۇنلىشالمىسا ياكى ئۇنىڭغا توسالغۇ بولسا، ئۇ ھالدا بىز ئوبيېكتىپ ئىقتىسادى قانۇنىيەتكە خىلاپلىق قىلغان بولىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەمىلى خىزمەت جەريانىدا تاۋار ئىگىلىگى بىلەن پىلانلىق ئىگىلىكنى تىرىشىپ ياخشى ۋە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، تاۋار پۇل مۇئامىلىسىنىڭ ئوبيېكتىپ مۇقەررەرلىگى ئارقىلىق پىلانلىق تاۋار ئىگىلىكتىكى پىلاننىڭ سۇبيېكتىپلىقىنى چەكلەشنى، پىلاننىڭ ئومۇملىقى ئارقىلىق نوقۇل تاۋار - پۇل مۇئامىلىسىدىن پايدىلىنىش داۋامىدا بارلىققا كېلىش ئېھتىمالى بولغان ياكى بارلىققا كەلگەن قارغۇلۇق ۋە ھۆكۈمەتسىزلىكنى چەكلەشنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز لازىم. شۇنداق قىلغاندا پىلانلىق ئىگىلىك بىلەن تاۋار ئىگىلىكنىڭ بىرلىگى ھەقىقى يوسۇندا ئەمەلگە ئاشىدۇ. «بىر تۇتاشلىق بىلەن جانلىقلىق ئۆز - ئارا بىرلەشتۈرۈلگەن تۈزۈلمە»③ ئاندىن شەكىللىنىدۇ. كونكرىت خىزمەتتە پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈمى بىلەن تاۋار ئىگىلىكنى قانداق بىرلەشتۈرۈشكە كەلسەك، ئەڭ ئاساسلىقى قىممەت قانۇنى تەدبىقلىنىشى لازىم. چۈنكى «سوتسىيالىستىك پىلانلىق ئىگىلىك قىممەت قانۇنىغا چوقۇم ئاڭلىق ئاساسلىنىشى ۋە تەد-

بىقلىنىشى لازىم»④ شۇڭا مەيلى بۇيرۇق خاراكتېرلىك پىلان ياكى يېتەكچى پىلان بولسۇن ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە قىممەت قانۇنىنى چوقۇم تەدبىقلىنىشى كېرەك. ئۇزۇپ ئېيتىشقا بولۇدىكى، پۈتۈن مەملىكىتىمىز مىقياسىدا قىممەت قانۇنىنىڭ ئاڭلىق تەدبىقلىنىلغان ياكى تەدبىقلىنىلمىغانلىقى سوتسىيالىستىك توۋار ئىگىلىك بىلەن كاپىتالىستىك توۋار ئىگىلىكىنى ئېنىق پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان مۇھىم بەلگە ھېساپلىنىدۇ. بۇ نۇقتىنى چۈشەنگەندىلا، پىلانلىق ئىگىلىك بىلەن توۋار ئىگىلىكىنى قارىمۇ - قارشى قىلىپ قويىدىغان نۇقتىئىنەزەرنى بۇزۇپ تاشلاپ، توۋار ئىگىلىكىنىڭ يەنىلا سوتسىيالىستىك ئىقتىسادى فورماتسىيەگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرغىلى بولىدۇ. نەزەرىيە ساھەسى بىلەن ئەمەلى خىزمەت ئورۇنلىرىدا ئۇزۇندىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بەس مۇنازىرىمۇ ھەل بولىدۇ. شۇنداقلا ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئىسلاھاتقا توغرا يېتەكچىلىك قىلغىلى، ئۇنى كەڭلىككە ۋە چوڭقۇرلۇققا تېخىمۇ پۇختا راۋاجلاندۇرغىلى بولىدۇ.

## سوتسىيالىستىك توۋار ئىگىلىكىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە خاراكتېرى

سوتسىيالىستىك ئىگىلىك يەنىلا توۋار ئىگىلىك، ئەمما ئۇ ئاددى توۋار ئىگىلىكىگە ياكى كاپىتالىستىك توۋار ئىگىلىكىگە ئوخشىمايدىغان سوتسىيالىستىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە توۋار ئىگىلىك. چۈنكى، سوتسىيالىزىمدىكى توۋار ئىگىلىك سوتسىيالىستىك ئومۇمى مۈلۈكچىلىك ئاساسىدا پىلانلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ. كاپىتالىستىك خۇسۇسى مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىدىكى توۋار ئىگىلىكىگە ئوخشاش قارغۇلارچە، ھۆكۈمەتسىز ئېلىپ بېرىلمايدۇ. مانا بۇ، سوتسىيالىستىك توۋار ئىگىلىكىنى باشقا ھەر قانداق توۋار ئىگىلىكىدىن پەرقلەندۈرىدىغان مۇھىم بەلگە. شۇڭا بىز، سوتسىيالىستىك توۋار ئىگىلىك - سوتسىيالىستىك ئومۇمى مۈلۈكچىلىك ئاساسىغا قۇرۇلغان پىلانلىق توۋار ئىگىلىك دىگەن ئىلمى يەكۈننى چىقىرالايمىز. ئۇنىڭ كونكرېت ئالاھىدىلىكلىرى ناھايىتى كۆپ، لېكىن ئۇنىڭ ئىچىدە ئاساسلىقلىرى: بىرىنچى، سوتسىيالىستىك توۋار ئىگىلىك ئومۇمى مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى ئاساسىغا قۇرۇلغاچقا، كاپىتالىستىك خۇسۇسى تۈزۈم پەيدا قىلىدىغان، ئەمگەكچىلەر بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ ئايرىلىشى مەۋجۇت بولمايدۇ. شۇڭا، ئۇ سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىنى يەنى، سوتسىيالىستىك ئەمگەكچىلەرنىڭ ئۆز-ئارا ھەمكارلىق، باراۋەرلىك ۋە ئۆز ئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت مۇناسىۋەتنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. ئۇ ھەرگىزمۇ ياللانما ئەمگەك تۈزۈمى ئاساسىدىكى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنىشتىن ئىبارەت ئىقتىسادى مەنپەئەتتىكى ئانتىگونىيەلىك مۇناسىۋەتنى گەۋدىلەندۈرمەيدۇ. سوتسىيالىزىم شارائىتىدا

ئەزگۈچى سىنىپلار سىرپىتىدە يوقۇتىلغاچقا، ئەمگەكچىلەر ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولىدۇ. ئومۇمى مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىنىڭ ئۆزىگە خاس ئەۋزەللىكى تېخىمۇ جارى قىلدۇرۇلىدۇ.

ئىككىنچى، سوتسىيالىستىك ئومۇمى مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى ئاساسىدىكى تاۋار ئىگىلىكىدە، تاۋار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مەقسىدى، كەڭ ئەمگەكچى خەلقنىڭ كۈن-دىن-كۈنگە ئېشىۋاتقان تۇرمۇش ئېھتىياجىنى ئەڭ زور دەرىجىدە قاندۇرۇش. شۇڭا، پۈتۈن جەمىيەتنىڭ ئورتاق مەنپەئەتى بىلەن ئايرىم مەنپەئەت توغرا بىرلەشتۈرۈلىدۇ. يەنى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ ئومۇمى مۈلۈكچىلىك ئاساسىدىكى تۈپ مەنپەئەت بىرلىكىگە تايىنىپ، ئىشلەپچىقارغۇچىلار ئارا ھەمكارلىقنى قانات يايدۇرۇش، قىسمەن مەنپەئەتنى ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىگە بويسۇندۇرۇش تەلەپ قىلىنغاندىن باشقا، بارلىق ئىقتىسادى پائالىيەتتە، ئوبيېكتىپ مەۋجۇت بولغان مەنپەئەتنىڭ پەرقىنى نەزەرگە ئېلىش، تەڭ قىممەتتە ئالماشتۇرۇش پىرىنسىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، باراۋەر بولۇش، ئۆز-ئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش تەلەپ قىلىنىدۇ. دېمەك، پۈتكۈل جەمىيەتنىڭ يەنى ماكرو ئىقتىساتنىڭ تەرەققىيات نىشانى بىلەن مىكرو ئىقتىساتنىڭ تەرەققىيات نىشانى، ماكرو ئىقتىسادى ئۈنۈم بىلەن مىكرو ئىقتىسادى ئۈنۈم بىرلەشتۈرۈلىدۇ.

ئۈچىنچى، سوتسىيالىستىك تاۋار ئىگىلىكتە پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكىنى پىلانلىق راۋاجلاندۇرۇش بىلەن ھەر قايسى ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرىنىڭ ئىگىلىك پائالىيىتىنى پىلانلىق راۋاجلاندۇرۇش ئورگانىك بىرلەشتۈرۈلىدۇ. ھەر قايسى ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىگىلىك ئورۇنلىرى بىر تەرەپتىن دۆلەت پىلانى يەنە بىر تەرەپتىن بازار ئەھۋالىغا ئاساسەن ئۆزلىرىنىڭ ئىگىلىك پىلانىنى تۈزۈپ يولغا قويىدۇ. شۇڭا، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئېھتىياج، تەمىنلەش بىلەن تەلەپنىڭ مۇناسىۋىتى ئاساسەن تەڭپۇڭلۇققا يۈزلىنىدۇ. شۇڭا، بازارنىڭ رولى كاپىتالىستىك تاۋار ئىگىلىكىگە سېلىشتۇرغاندا تېخىمۇ يۇقۇرى بولىدۇ. ھۆكۈمەتسىز ھالەت بولمايدۇ. سوتسىيالىستىك پىلانلىق تاۋار ئىگىلىك كاپىتالىستىك تاۋار ئىگىلىكىگە ئوخشىمايدىغان ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ سوتسىيالىستىك بازار ئورگانىزمىنى كاپىتالىستىك بازار ئورگانىزمىغا يەنىلا ئوخشىمايدىغان خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە قىلىدۇ. ئۇنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ئاساسلىقى تۆۋەندىكى بىر نەچچە تەرەپتىن كۆرۈلىدۇ.

1. سوتسىيالىستىك بازار ئورگانىزمىنىڭ رول ئويناش ياكى تەسىر كۆرسىتىش دائىرىسى چەكلىك بولىدۇ. چۈنكى ئومۇمى مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى ئەۋەل تاۋار ئالماشتۇرۇشنىڭ دائىرىسىنى چەكلەيدۇ. شۇڭا ئۇ بازار ئورگانىزمىنىڭ رول ئويناش ياكى تەسىر كۆرسىتىش دائىرىسىنىمۇ بەلگىلەيدۇ. كاپىتالىستىك بازاردىكى تاۋار ۋە پۇل مۇناسىۋىتى كاپىتالىزىم جەمىيىتىدە پۈتكۈل ئىقتىسادى تۇرمۇشنىڭ

ھەر قايسى ساھەلىرىگە كىرگەن بولىدۇ. مۇشۇنداق بولغىنى ئۈچۈن، ئەمگەك مەھسۇلاتىلا توۋار بولۇپ قالماستىن، ئەمگەك كۈچىمۇ توۋارغا ئايلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كاپىتالىستىك بازار ئورگانىزمىنىڭ، كاپىتالىستىك توۋار ئىگىلىكىنىڭ ئوينايدىغان رولى ۋە كۆرسىتىدىغان تەسىرىنىڭ تەگدىشى بولمايدۇ. ئۇنىڭ دائىرىسى چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ. لېكىن سوتسىيالىستىك توۋار ئالماشتۇرۇش مۇناسىۋىتى، ئومۇمى مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى بىلەن سوتسىيالىستىك ئەمگەكنى ئالدىنقى شەرت قىلغاچقا، پەقەت ئالماشتۇرغىلى بولىدىغان ئەمگەك مەھسۇلاتلار ئىستېمال قىممىتى ۋە قىممەتتىن تەركىب تاپقان ئەمگەك مەھسۇلاتىلا توۋار ھېساپلىنىدۇ. يەر، ئورمانزارلىق، كان زاپاسلىرى، دەريا - ئېقىنغا ئوخشاش تەبىئى ئامىللار ۋە زاۋۇت، بانكا، تۆمۈر يول قاتارلىق دۆلەت ئىگىلىگىدىكى كارخانىلار ئوبوروت ئوبېكتىسى بولمايدۇ. تېخىمۇ مۇھىمى شۇكى، ئەمگەك كۈچى توۋار ھېساپلانمايدۇ. دۆلەت كاپىتالىزمى يەنى ئالاھىدە ئىقتىسادى رايونلارنىڭ توۋار ئوبوروتىمۇ دۆلەت قانۇنى ۋە مۇناسىۋەتلىك سىياسەت - پىرىنسىپلارنىڭ يار بېرىش دائىرىسىنى شەرت قىلىدۇ. يەنى شۇ دائىرىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ. يەنى بىر تەرەپتىن سوتسىيالىستىك پىلان تۈزۈلمىسى، سوتسىيالىستىك بازار ئورگانىزمىنىڭ دائىرىسىنى بەلگىلەيدۇ. يەنى بۇيرۇق خاراكتېرلىك پىلان دائىرىسى ئىچىدە، بازار ئورگانىزمىنىڭ رول ئويناش، تەسىر كۆرسىتىش دائىرىسى ۋە دەرىجىسى پىلانىنىڭ قاتتىق چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. يېتەكچى پىلانىنىڭ دائىرىسىدە، دۆلەت يەنىلا پىلان ۋە ئىقتىسادى توختام ئارقىلىق بازار ئورگانىزمىنىڭ رول ئويناش يۆنىلىشى، دائىرىسى ۋە شەكلىگە تەسىر كۆرسىتىپ تۇرىدۇ.

2 . سوتسىيالىستىك بازار ئورگانىزمىنىڭ رول ئويناش جەريانى ئاڭلىق جەريان. لېكىن كاپىتالىستىك بازار ئورگانىزمى ئىستىخىيىلىك رول ئوينايدۇ. پىلانلىق توۋار ئىگىلىگىدە، بازار ئورگانىزمىنىڭ رول ئويناش جەريانى پىلانىنىڭ يېتەكچىلىگىدىكى ئاڭلىق تەڭشەش جەريانىدىن ئىبارەت. چۈنكى سوتسىيالىستىك توۋار ئىشلەپچىقىرىش پۈتكۈل جەمئىيەت مىقياسىدىكى ئىجتىمائى ئىش تەقسىماتى ۋە ھەمكارلىق شارائىتىدا ئېلىپ بېرىلغاچقا، ئەمگەكچىلەر ئورتاق ئىقتىسادى نىشانغا ۋە ئىقتىسادى مەنپەئەتكە ئىگە بولىدۇ. سوتسىيالىستىك دۆلەت ئومۇمى تەمىنلەش مىقدارى بىلەن ئومۇمى ئېھتىياج مىقدارىنى ماكرو جەھەتتىن تەڭپۇڭلاشتۇرۇش زۆرۈر ۋە مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، توۋار ئىشلەپچىقارغۇچىلار ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەتنى توغرا يۆنىلىشكە يېتەكلەپ، ئۇنى خەلق ئىگىلىگىنى پىلانلىق راۋاجلاندۇرۇشنىڭ تەلىۋىگە لايىقلاشتۇرىدۇ ۋە خىزمەت قىلدۇرىدۇ. شۇڭا ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئىگىلىك جەھەتتە قارغۇلۇق ۋە ھۆكۈمەتسىزلىك تۈگىتىلىدۇ.

3 . سوتسىيالىستىك بازار ئورگانىزمىنىڭ رول ئويناش نىشانى ئەمگەكچى

خەلقنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئېشىۋاتقان ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن. بازار ئورگانىزمىنىڭ رول ئويناش نىشانىنى، توۋار ئىگىلىكى مەۋجۇت بولۇۋاتقان ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تۈزۈم بەلگىلەيدۇ. كاپىتالىستىك خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ۋە ياللانما ئەمگەك تۈزۈمىدىكى بازار ئورگانىزمىنىڭ رول ئويناش نىشانى - قوشۇمچە قىممەتنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلى - كاپىتالنى جۇغلاشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت. سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈم - سوتسىيالىستىك بىر تۇتاش بازار ئورگانىزمىنىڭ رول ئويناش نىشانىنىڭ - خەلقنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئېشىۋاتقان ماددىي ۋە مەنىۋى ئېھتىياجىنى ئەڭ زور دەرىجىدە قاندۇرۇش ئىكەنلىكىنى بەلگىلىگەن. شۇڭا، ئەمگەك، قىممەت ۋە ئېشىنچا مەھسۇلات بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ۋاستىسى ھېساپلىنىدۇ، خالاس. شۇڭا سوتسىيالىستىك دۆلەت قىممەت قانۇنىغا ئاڭلىق ئاساسلىنىش ۋە ئۇنى ئاڭلىق تەدبىقلاش ئارقىلىق ئىگىلىكنى پىلانلىق، نىسبەتلىك راۋاجلاندۇرۇش مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ دەپ قارايمىز.

يىغىپ ئېيتقاندا، سوتسىيالىستىك پىلانلىق توۋار ئىگىلىك بىلەن ناتۇرال ئىگىلىك (تەبىئىي ئىگىلىكنى كۆرسىتىدۇ) شۇنىڭدەك كاپىتالىستىك توۋار ئىگىلىگىنىڭ ئالاھىدىلىگىنى توغرا تونۇپ، ئۇلارنىڭ چەك - چېگرىسىنى ئېنىق ئايرىش — ئېلىمىزنىڭ پىلان تۈزۈلمىسىنى تەبىئىي ئىگىلىكتىنمۇ شۇنداقلا مەھسۇلات ئىگىلىگىدىكى پىلان تۈزۈلمىسى (مەھسۇلات ئىگىلىگىدىكى پىلان تۈزۈلمىسى توۋار ئىشلەپچىقىرىش ۋە قىممەت قانۇنىنىڭ رولىنى چەكلەيدىغان ئوقۇل پىلانلىق ئىگىلىكنى كۆرسىتىدۇ) دىنمۇ ئۈزۈل - كېسىل خالاس قىلىشقا، ئىلگىركى قېتىپ قالغان يەنى ناتۇرال ئىگىلىك ئاساسىغا قۇرۇلغان پىلان تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىپ، ئىجتىمائىيلاشقان سوتسىيالىستىك توۋار ئىگىلىك ئاساسىغا قۇرۇلغان ۋە قىممەت قانۇنىغا ئاڭلىق ئاساسلىنىدىغان ۋە ئۇنى ئاڭلىق تەدبىقلايدىغان پىلان تۈزۈلمىسىنى بىنا قىلىشقا پايدىلىق. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇ، سوتسىيالىستىك توۋار ئىگىلىگىنىڭ پىلانلىقلىقىنى كۈچەيتىش، توۋار ئىگىلىگىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش داۋامىدا پەيدا بولۇش ئېھتىمالى بولغان ھۆكۈمەتسىزلىك ۋە قارىغۇلۇقتىن خالىي بولۇش، سوتسىيالىستىك توۋار ئىگىلىگىنى پىلانلىق، نىسبەتلىك راۋاجلىنىش ئىزىغا سېلىشقا پايدىلىق.

## ئىزاھلار

①②③④ «مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى ئىسلاھ قىلىش توغرىسىدىكى قارارى»غا قارالسۇن.

⑤⑥ («ئىقتىسادىي تەتقىقات» ژۇرنىلى 1984 - يىل 12 - سان)غا قارالسۇن.

# ئەلىشىر ناۋايى ۋە «سەددى ئىسكەندەر»

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن

بۇنىڭدىن 5 يۈز يىل مۇقەددەم ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاتاغلىق مۇتەپەككۇرى ۋە شائىرى، ئوتتۇرا ئاسىيا چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ مىسلىسىز نادىر ئۆلگىسى، جاھان سەنئەت تارىخىدا تونۇلغان ئەزىمەت ئەدىپ — ئەلىشىر ناۋايى (1441 - 1501) نىڭ «سەددى ئىسكەندەر» ناملىق ئەڭ يىرىك پەلسەپىۋى - ئىجتىمائىي تېماتىك داستانى دۇنياغا كەلدى. «سەددى ئىسكەندەر» داستانىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنى ئۆزەك قىلغان ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتىنىڭ شەرق خەمسىچىلىكىدە شۆھرەتلىك يېڭى ناماياندە تىكلىگەنلىكىنىڭ تەنتەنىسىنى چاكالىدى.

مەلۇمكى، ئەلىشىر ناۋايى ئەينى زاماندىكى خەلقارا شەھەر ھېساپلانغان ھىراتتا ئۇيغۇر زىيالى قاتلىمى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلدى①. «ئىران تۇزلەڭلىكى بىلەن ھىندى دەريالىرى ئارىسىدىكى بىر پۈتۈن رايوننىڭ ئىستراتېگىيىلىك مەركىزى» (ئېنگېلس) ھېساپلانغان، قەدىمقى شەرق - غەرپ مەدەنىيىتىنىڭ ئالمىشىش تۈگۈنلىرىنىڭ بىرى بولغان ئاۋات ھىرات شەھىرىنى 1221 - يىلى چىڭگىزخان قوشۇنلىرى جالالىددىن شاھزادىدىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن پۈتۈنلەي زېمىن سەھنىسىدىن ئۆچۈرۈپ، 40 كىشىلىك خارابىغا ئايلاندۇرغان ئىدى. ھىرات 14 - ئەسىردىن باشلاپ ھەر خىل مىللىي تەركىپتىكى ئاھالىلاردىن قايتا تەشكىل تاپقان يېڭى شەھەر سۈپىتىدە مەيدانغا چىقتى، ئۇيغۇر زىيالىلىرى ۋە ئەمگەكچىلىرى ئۇنىڭ قايتا قەد كۆتىرىشىدە كۆرۈنەرلىك رول ئوينىدى. شاھرۇخ مىرزا (1376 - 1447) دەۋرىدىن باشلاپ ھىرات تېز راۋاجلاندى. 15 - ئەسىردە پۈتۈن ماۋەرەننەھرى ۋە خۇراسان بويىچە تۆمۈرىلەر سۇلالىسىنىڭ سەلتەنەتىنى شويبانىخان دەشتى قىپچاق قوشۇنلىرىنىڭ مۇداخىلىسىدىن قوغداش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئېغىر يۈكى ئاقساق تۆمۈر ئەۋلاتلىرىدىن باشقا، موغۇلىستانلىق يۇنۇسخان، ئەخمەتخان، مەھمۇتخان ئەۋلاتلىرى زىممىسىگە چۈشكەن ئىدى. ئەينى زاماندا شويبانىخان دەشتى قىپچاق قوشۇنلىرى بىلەن بولغان ئاساسىي زىددىيەتتىن باشقا، يەنە ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇر تۈركلىرىنىڭ ئۆز ئىچىدىمۇ مەھەللى ھاكىمىيەت تالىشىشتىن ئىبارەت ئىكـ

كىنچى دەرىجىلىك زىددىيەت ئۈزلۈكسىز داۋام قىلىپ تۇردى. بۇنىڭسىز ناۋايى دەۋرىنىڭ زىددىيەت تارىخىنى ئىزاھلاش ۋە ناۋايىنىڭ بەدىئىي مىراسلىرىدا ئىپادىلىنگەن ئىجتىمائىي غايىسىنى چۈشىنىش مۇمكىن ئەمەس.

ئەلىشىر ناۋايى ئۇلۇغ ئۇيغۇر شائىرى لۇتپى، سەككاكى، ئاتايى، شاھقۇلى ئۇيغۇر شەيخ ئەخمەت سۇخەيلى، جۈملىدىن ئابدۇراخمان جامىنىڭ ئۇستازى ۋە قەيىنى ئاتىسى سەيىدىن قەشقەرى، ئۇنىڭ ئوغلى سۇلتان مالىك قەشقەرى، ئۇنىڭ ئوغلى، ھىرات ۋە سەمەرقەنتنىڭ شەھەر ھاكىمى ئەخمەت خوجابەگ قەشقەرى (ۋافايى)، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ تاغىسى — سەمەرقەند ھاكىمى جانىبەك قەشقەرى ۋە ئۇنىڭ ئىنىسى مۇھەممەت دۇلداي قاتارلىق بىلىملىك كىشىلەر يېتىشىپ چىققان مەدىنى مۇھىتتا ئۆسۈپ يېتىلدى.

شۇنى تەكىتلەش ھاجەتكى، ناۋايىنى يېتىشتۈرگەن ئىدىيەۋى ۋە مەرىپەت مەنبەئەلىرى ئالەمشۇمۇل ئىدى. ئۇ خۇددى ئۆزىنىڭ «مۇنشەئات» ناملىق ئەسىرىنىڭ 87 - پاراگىراپىدا زىكىر قىلغىنىدەك پىفاگور (فىساغۇرس)، ئارستوتىل (ئارستۇ) دىن تاكى ئەبۇنەسىر فارابىگىچە ئۆگەنگەن.

يەنى شۇنىمۇ ئىزاھلاش ھاجەتكى، ناۋايىنىڭ ئىدىيەۋى ۋە بەدىئىي مىراسلىرى پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ، پۈتكۈل تۈركى تىل سىستېمىسىدىكى قېرىنداش خەلقلەرنىڭ ئورتاق مەدىنىيەت دۇردانىسى ھېساپلىنىشى كېرەك. ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ بىلىش ۋە ئىستېتىك پائالىيەت تارىخىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن بىباھا بايلىق.

مەلۇمكى، ئەبۇ نەسىر فارابىنىڭ پەلسەپەۋى رىسالىلىرىدىن باشلانغان، ئەبۇ ئەلى ئىبىنسىنا، ئىبىن تۇفەيىل، ئىبىن بەجە، ئىبىن روشد قاتارلىق شەرق پانتېستلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان غايەت تەسىرلىك گۇمانىستىك ئىدىيەۋى پىكىرلەر ئېقىمىدىن كېيىن، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ دىداكتىك ۋە دىراماتىك پەلسەپەۋى داستانى «قۇتادغۇبىلىك» بىلەن باشلانغان، كەيكاۋۇس، ئەھمەت يۈكنەكى، نىزامىل مۇلىك قاتارلىق بىر قاتار مەرىپەتچىلىك ۋەكىللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان غايىۋى جەمىيەت توغرىسىدىكى خىيالى پىكىرلەر ئېقىمىدىن كېيىن، خەمسىچىلىك ئەنئەنىسى ئۇلۇغ ئەزەربەيجان شائىرى ۋە مۇتەپەككۇرى نىزامى گەنجىۋى (1141 - 1203)نىڭ «پەنج گەنج» (بەش غەزىنە) ناملىق خەمسە داستانىدىن باشلاندى. خەمسىچىلىك ئەينى زاماندا شەرق ئىدىيال تەپەككۇرى بىلەن بەدىئىي بالاغىتىنى ئۆلچەيدىغان چوڭ ئەقىل ۋە ماھارەت بەيگىسى بولۇپ قالغان ئىدى. ناۋايى بۇ ھەقتە:

ئەمەس ئاسان بۇ مەيدان ئىچرە تۇرماق،
نىزامى پەنجىسىگە پەنجە ئۇرماق.②

دەپ يازغان ئىدى. نىزامىدىن كېيىن، ھىندىستانلىق ئۇلۇغ شائىر خىسرەۋ دېھلەۋى (1253 - 1325)، ئوتتۇرا ئاسىيالىق ئۇلۇغ تاجىك شائىرى ئابدۇراخمان جامى (1414 - 1492) بۇ بەيگىگە كىرىپ كەلدى. ئەلىشىر ناۋايى 40 ياشتىن ھالقىغاندىن كېيىنلا بۇ يۈكسەك پەللىگە تەلپۈنگەن ئىدى. ئۇ، ئىككى يىلدىن سەل كۆپرەك ۋاقىت سەرپ قىلىپ، 1482 - 1485 - يىللىرى ئىچىدە 51 مىڭ مىسرالىق 5 پارچە داستانىنى تاماملاپ،جاھان خەمسىچىلىكى مۇنبىرىدە ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئاجايىپ شۆھرەت قازانغان ئەڭ يۇقۇرى شېئىرى غەزنىنىسىنى بەرپا قىلدى.

«خەمسە ناۋايى» ئىچىگە «ھەيراتۇل ئەبرار» (ياخشى كىشىلەرنىڭ ھەيرانلىقىشى)، «پەرھات - شېرىن»، «لەيلى - مەجنۇن»، «سەبئەيى - سەييارە» (يەتتە سەييارە) ۋە «سەددى ئىسكەندەر» قاتارلىق 5 داستان كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ دۇنيا خەمسىچىلىكىنىڭ ئەڭ يۈكسەك چوققىسى ھېساپلىنىدۇ.

ناۋايى «خەمسە»سىنىڭ خەلقچىلىق خۇسۇسىيىتى ھەققىدە سۆزلىگەندە ھەممىدىن ئەۋۋەل، ھەممە ئىشتا ئىنساپ، ئادىمگەرچىلىك، ھەققەت ۋە ئادالەتنىڭ بەرقارارلىق مەسىلىسى دىققەت مەركىزىدە تۇرىدۇ. ئۇنىڭدا، ئىنساندىن ئىبارەت ئۇلۇغ زاتنىڭ قەدىر - قىممىتى، ئۇنىڭ مەنپەئەتلىرى مىزان قىلىپ ئېلىنىدۇ، پادىشانىڭ ئىنساپلىق، ھەققانىيەتچىلىك، خەلقپەرۋەر ئادالەتلىك بولۇشىنى ئەڭ مۇھىم مەسىلە دەپ قارايدۇ. شائىرنىڭ چۈشەنچىسىدە مەملىكەتتىكى زۇلۇم ۋە زورلۇقنى، مۇھتاجلىق ۋە خورلۇقنى پادىشانىڭ ئادالەتلىك سىياسىتى بىلەنلا تەمىن ئېتىشى مۇمكىن. ناۋايىنىڭ بۇ ئەدەبىي قامۇسىدا ئىلگىرى سۈرۈلگەن بۇ غايىۋى تېما، ئۇزاق ئەسىرلەر مابەينىدە، ئالدى بىلەن شەرق فولكلورىدا ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ ئەنئەنىگە ئايلانغان «ئادالەتلىك شاھ» غايىسىنىڭ تېخىمۇ بېيىتىلىشى ۋە مۇئەييەن ئىدىيىۋى سېستىمىغا ئايلىنىشى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

«ئادالەتلىك شاھ»غايىسى ئۇيغۇر فولكلورىدا ۋە كىلاسسىك ئەدەبىياتتا ناھايىتى قەدىمدىن تارتىپ داۋاملىشىپ كەلگەن. فېئودالىزمنىڭ راۋاجلانغان دەۋرىدە (ناۋايى زامانىدا) مەركەزلەشكەن فېئودال ھاكىمىيىتى ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان بىر ۋاقىتتا، گەرچە ئىدىيالىستىك ئۇسۇلدا بولسىمۇ «ئادالەتلىك شاھ» غايىسىنىڭ شۇ يوسۇندا يېتەكچى مەسىلە قىلىپ قويۇلۇشى غايەت مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇ نۇقتىدىن قارىغاندا ناۋايى «خەمسە»سى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئىچىدىكى «سەددى ئىسكەندەر» داستانىدا مىھنەت ئەھلى ئۈچۈن باش قاتۇرىدىغان مېھرى شەپقەتلىك، خەلقنىڭ ھوقۇق ۋە مەنپەئەتلىرىنى ھىمايە قىلغۇچى ئادالەتلىك شاھ ئوبرازىنىڭ يارىتىلىشى ۋە ئۇلار ئارقىلىق مەملىكەت ھۆكۈمدارلىرىنى يۇرتنى ئاۋات، خەلقنى پاراۋان ۋە تېچ ھايات كۆچۈرۈشنى تەمىنلەشكە ئىنساپ بىلەن ئادىل ئىش كۆرۈشكە چاقىرىش تېمىسى ئەلۋەتتە ئىلغار غايە ئىدى.

شۇنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش ھاجەتكى، «سەددى ئىسكەندەر»نىڭ دۇنياغا كېلىشى يالغۇز ناۋايى خەمسەسىنىڭ تۈگەللەنگەنلىكىنى كۆرسەتكۈچى مىقدارى مەنىدىلا دىققەتكە سازاۋەر بولۇپ قالماستىن، ئۇ ئۆزىنىڭ چوڭ ھەجىملىكلىكى، بولۇپمۇ غايىۋى مەزمۇنىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ئوتوپىك ئىدىيىلەر تارىخى ئەنئەنىسىنىڭ تەرەققىياتىغا مەنسۇپ يۈكسەكلىكىنى كۆرسەتكۈچى سۈپەت مەنىدىمۇ ئالاھىدە دىققەتكە سازاۋەر.

ئىسكەندەر ھەققىدە ئىرامىزدىن بۇرۇنلا يۇناندىن خوتەنگىچە بولغان ئارىلىقتىكى خەلقلەرنىڭ توقۇغان تۈرلۈك - تۈمەن رىۋايەتلىرى جاھان كېزىپ يۈرگەن. بۇ رىۋايەتلەر مەشھۇر سەركەردىنىڭ ھەربى يۈرۈشلىرىنى بايان قىلىدىغان يېرىم تارىخى، يېرىم ئەپسانىۋى كىتاپلار بىلەن خەلق ئېپوسلىرىغا مەركەزلەشكەن. ئۇيغۇرلار ئىسكەندەر ھەققىدە ئۆز تۇرمۇشلىرىغا تەدبىقلاپ تۈرلۈك رىۋايەتلەرنى توقۇغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن بىر قىسمى مەھمۇت قەشقىرىنىڭ «دىۋان»ىدا ئەكس ئېتىلگەن. جۈملىدىن، ئالىم «ئۇيغۇر» سۆزى «ئالتۇن قان»نىڭ ئېتىمولوگىيىسى بىلەن سولمى، قوچۇ، جانبالىق، بەشبالىق، يېڭىبالىق قاتارلىق ئۇيغۇر شەھەرلىرىنىڭ بىنا بولۇشى ھەققىدە مەلۇمات بەرگەندە، ئىسكەندەرگە باغلاپ توقۇلغان ئۇيغۇر رىۋايەتلىرىدىن پايدىلانغان. ئەنە شۇ خەلق رىۋايەتلىرى ئەنئەنىۋى ئىسكەندەر تېماتىكىسىغا ئاساس بولغان.

ئىسكەندەر تېماتىكىسى تارىخى شەخس ئالېكساندىر ماكېدونىسكى (مىلادىدىن ئىلگىرى 356 - 323) بىلەن باغلانغان بولۇشىغا قارىماي، ئۇ تارىخى، بەدىئى ۋە غايىۋى ئۈچ تۈرلۈك شەكىلدە داۋام قىلىپ كەلگەن ئىدى. تارىخى تېماتىكا جەھەتتە كىلىتارىخ، ئانىسكىرىت، پىلۇتارىخ ئارىيان قاتارلىقلار ئىسكەندەر ھەققىدە تەزكىرىلەر يېزىشقان ئىدى، بەدىئى تېماتىكا جەھەتتە كاللىسفىن ۋە باشقا ئەدىپلەر بىلەن بىللە خەلق ئىچىدە كۆپلىگەن ۋە بىر - بىرىدىن پەرقلىق رىۋايەت - ئەپسانىلار مەيدانغا كەلدى، «شاھنامە»، «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، «قىسسە سول ئەنبىيا»، جۈملىدىن، نىزامى خەمسىسىدىكى «ئىسكەندەرنامە» بىلەن خىسرەۋ دېھلەۋى خەمسىسىدىكى «ئائىنەئى ئىسكەندەر»، ئابدۇراخمان جامىنىڭ «خىرەتنامەئى ئىسكەندەر» (ئىسكەندەر ئەقىلنامىسى) ئەنە شۇنداق بەدىئى تېماتىكىلىق جەھەتتىن ئىسكەندەر تەسۋىرىگە بېغىشلانغان ئەسەرلەر ئىدى. ئەلىشىر ئۆزىنىڭ «سەددى ئىسكەندەر» ناملىق داستانىنى ئاساسى جەھەتتىن پەلسەپىۋى پىكىر ۋە ئوبرازلىق ۋاستىلار ئارقىلىق غايىۋى جەمىيەت تېماتىكىسى بويىچە ئىشلەپ چىقتى. ناۋايى تەسۋىرىدىكى ئىسكەندەر تارىختا بولۇپ ئۆتكەن ئىسكەندەر ئوبرازىغا ئەمەس، بەلكى غايىۋى جەمىيەتتە بولۇشى لازىم بولغان ئىسكەندەر ئوبرازىغا بېغىشلانغان ئىدى. ئۇ ئۆز پىشۋالىرىدىن پەرقلىق ھالدا تارىخى شەخس ئىسكەن-

دەرنى بەددىئى ۋاستىلار بىلەن غايىۋىلاشتۇرمىدى ۋە ياكى ئۇنى پەيغەمبەر سۈپە- تىدە ئىلاھىلاشتۇرمىدى. بەلكى غايىۋى پەيلاسوپ، دۆلەت باشلىقىنى ئىسكەندەر نامى ئاستىدا بەددىئى ۋاستىلار بىلەن سىزىپ چىقتى. ناۋايى ئۆزىنىڭ «سەددى ئىسكەندەر» داستانىدا پەيلاسوپ، ئالىم ۋە ئادالەتلىك پادىشا ئوبرازىنى بىر گەۋ- دە قىلىپ ئۆزىنىڭ ئىجتىمائى - سىياسى غايىلىرىنى، ئۆز دەۋرىدىكى ئىجتىمائى - سىياسى مەسىلىلەرگە تۇتقان كۆز قاراشلىرىنى، ئۆزىنىڭ بىر پۈتۈن گۇمانىستىك تەشەببۇسلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. مۇنداق قىياپەتتىكى ئىسكەندەر كىچىگىدىن شاھلىق سەلتەنىتى ۋە مال - دۆلەت شۆھرىتىگە ئەمەس، بەلكى بىلىم ۋە ھەقىقەتكە قىزىقىدۇ. ئارستوتىل ۋە ئۇنىڭ دادىسى ناقوماجىس قولىدا تەربىيىلىنىدۇ. ئۇنىڭ دادىسى فەيلاقۇس ۋاپات بولغاندا، تەختكە چىقىشقا قىزىقمايدۇ. ئاخىرى زۆرۈرى- يەت، مەجبۇرىيەت ۋە مەسئۇلىيەت تۈپەيلى ئىختىيارسىز شاھلىق تەختىگە چىقىدۇ. ئۇ، ئەلدە ئاسايىشلىق ۋە زور كۆلەملىك ئىسلاھات ئېلىپ بارىدۇ. زالىم ئەمەل- دارلارنى جازالايدۇ، ئەمەلدىن يىراقلاشتۇرىدۇ. باج - سېلىق، باھا ۋە مىزاننى بىرلىككە كەلتۈرىدۇ، ئالدامچىلىق ۋە ساختىپەزلىككە خاتىمە بېرىدۇ. ئۇ ئادالەت سىۋۋۇلى ۋە نىجاتچى سۈپىتىدە مۇستەبىت داراغا قارشى جەڭلەرگە يۈرۈش قىلى- غاندىمۇ مۇنداق ئادالەت ۋە ئاسايىشلىقنى پۈتۈن يەر يۈزىدە بەرپا قىلىشنى نىيەت قىلىدۇ. ئۇ دارانىڭ جاھانگىرلىك، مۇستەملىكىچىلىك ۋە مۇستەبىتلىككە زىت ھالدا باشقا ئەللەر ۋە خەلقلەرگە ھۆرلۈك ۋە ئاسايىشلىق ئېلىپ كېلىدۇ. ئۇنىڭ چىن خاقانى بىلەن بولغان دوستانە ۋە ئىلتىپاتلىق سۈلھىسى بۇنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرىدۇ.

شۇ نەرسىگە نەزەر سېلىش كېرەككى، ئىسكەندەر تىماتىكىسى ئاستىدا ناۋا- يى ئەينى زامانىنىڭ دۇنياۋى ۋە مەھەللى رېئال ئىجتىمائى ھاياتىغا نىسبەتەن ئۆتكۈر تەنقىت ۋە ئىنقىلاۋى ئىسلاھات پىروگىراممىسىنى بايان قىلىدۇ. ئۇنىڭ قەلىمى بىلەن داستان سەھىپىسىگە تىزىلغان مىسرالار تارىختا كۆرۈلمىگەن ۋە ئەي- نى زامان شارائىتىدىمۇ بولۇشى مۇمكىن بولمىغان ئالەمشۇمۇل ئىنقىلاۋى ئۆزگەر- تىشنىڭ يالقۇنلۇق خىيالى - غايىۋى تەسۋىرىدىن ئىبارەت. ئۇ نوقۇل تۆمۈرىلەر ئەۋلاتلىرى ھۆكۈمرانلىقىدىكى پارچىلىنىپ كېتىۋاتقان ھاكىمىيەتلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ۋە بىر قەدەر تەرەققىپەرۋەر، مەركەزلەشكەن پادىشالىق تۈزۈمىنى ئور- نىتىش بىلەن چەكلەنمىگەن.

ئەلشىر ناۋايىنىڭ مۇنداق ئۆزىگە خاس غايىۋى جەمىيەت ۋە ئادالەتلىك پادىشا توغرىسىدىكى كۆز قارىشى يالغۇز «سەددى ئىسكەندەر» داستانى بىلەن چەكلەنمىگەن. ئۇ بۇ خىل ئىدىيىنى ئۆزىنىڭ «پەرھات - شىرىن» داستانىدا، جۈم- لىدىن، ئۇنىڭ ياشانغان دەۋردە يازغان «لىسسانۇت تەيىر» (قۇشلار تىلىدىن) ۋە

«مەھبۇبۇلقۇلۇپ» (قەلب مەھبۇبى) ناملىق ئەسەرلىرىدە ئىزچىل ئىجتىمائىي ئىدىيە ۋە كەلگۈسى ھەققىدىكى غايە سۈپىتىدە داۋاملىق تەكىتلەپ كەلگەن.

شۇنى ئېتىۋارغا ئېلىش ھاجەتكى، ئەلىشىر ناۋايىنىڭ غايىۋى جەمئىيەت توغرىسىدىكى كۆز قاراشلىرى شەرق ۋە غەرپنىڭ شۇ خىل پىكىر تارىخىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرىغان. ئۇنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ئاتەشپەرەسلىك ئەقىدىلىرىدىكى يورۇقلۇق ئىلاھى ئاخرۇ مازدا بىلەن قاراڭغۇلۇق ئىلاھى ئاخرامان دېۋىنىڭ زىددىيەت ۋە كۈرەشلىرى توغرىسىدىكى ئىدىيىلەر، مازداق ۋە مانى دىنىدىكى ئىجتىمائىي باراۋەرلىك توغرىسىدىكى ئىدىيىلەر، ئوتتۇرا ئەسىر جاھالەتچىلىكىگە قارشى ئىسيانكار پىكىر ۋە شېئىر نامايەندىلىرىنىڭ روھانىيەتلەشتۈرۈلگەن ئالەم بىردەكلىكى ۋە گارمونىيىسى توغرىسىدىكى پانتېئىستىك ئىدىيىلەر، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئەسىر شەرق ئارىستوتىلى دەپ شۆھرەت قازانغان ئەبۇ نەسىر فارابىنىڭ پەزىلەتلىك شەھەر ۋە پەيلاسوپ رەئىس توغرىسىدىكى ئىدىيىسى، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بىلىك خاقان ۋە بىلىم، ئادالەت، سائادەتنى بىرلەشتۈرگەن غايىۋى جەمئىيەت توغرىسىدىكى ئىجتىمائىي ئىدىيىلىرى، لۇتپىنىڭ شاھزادە نەۋرۇز ۋە مەلىكە گۈل ئوبرازىدا گەۋدىلەندۈرگەن ئادالەت ۋە خەلقپەرۋەر پادىشا توغرىسىدىكى ئىدىيىسى ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتكەن. ئەلىشىر ناۋايىنىڭ ھازىرغىچە مەلۇم بولغان ئەدەبىي تەزكىرىلەرگە بېغىشلانغان ئەسەرلىرىدە گەرچە ئەھمەت يۈكنەكى تىلغا ئېلىنغان، يۈسۈپ خاس ھاجىپ تىلغا ئېلىنمىغان بولسىمۇ، «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ ئۇنىڭ پانتېئىستىك دۇنيا قارىشى ۋە گۇمانىستىك ئىجتىمائىي قاراشلىرىغا كۆرسەتكەن تەسىرلىرىنى ئىنكار قىلىش مۇمكىن ئەمەس. مەھمۇت قەشقىرىنىڭ «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»ىدىكى ئىسكەندەرنىڭ خاقانى چىن بىلەن ئىززەت - ئىكراملىق سۈلھىلەشكەنلىكى توغرىسىدىكى بايان «سەددى ئىسكەندەر»دە ئەينەن شېئىرى شەكىل بىلەن ئىپادىلەنگەن. ناۋايىنىڭ غايىۋى جەمئىيەت قاراشلىرىدا فارابىنىڭ سالماقلىق تەسىر كۆرسەتكەنلىكى تولىمۇ روشەن. بىز بۇ تەسىرنى ناۋايىنىڭ قەدىمقى گرېك مەدەنىيىتىگە، گرېك پەلسەپىسىگە، بولۇپمۇ ئالاھىدە پەرقلىق ھالدا ئارىستوتىل قاراشلىرىغا بولغان ئالاھىدە ھۆرمىتىدىن كۆرۈۋالالايمىز. ناۋايى «پەرھات - شېرىن» داستانىدا پەرھاتنى ھېكمەت غەزىنىسى بولغان يونانىستانغا (گرېتسىيىگە) تەلپۈندۈرىدۇ ۋە ئۇنى ئىسكەندەر تىلىسىمىنى (پەلسەپەۋى غەزىنىسىنى) ئېچىشتا سوقرات ھېكىم بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرىدۇ. بۇ، گرېك پەلسەپىسىنى سوقراتتىن باشلاپ ئۆگىنىش، پلاتوننى بېسىپ ئۆتۈش ۋە ئارىستوتىلدا ۋايىغا يەتكۈزۈش توغرىسىدىكى فارابى قاراشلىرى بىلەن بىردەك بولغان. ئەگەر «پەرھات - شېرىن» داستانىدا چىن خاقانىنىڭ شاھزادىسى پەرھات ئىشقى - مۇھەببەت پىداكارلىقى رىشتىسىدىن يىگانە ھالدا شەرقتىن غەرپكە سەپەر قىلىپ، جاھالەتلىك شاھ خىسراۋ تەرىپىدىن پاجىئەگە ئۇچرى-

غان ۋە بۇ شەخسى پاجىئە ناۋايى تەرىپىدىن تارىخى ۋە ئىنسانى پاجىئە دەرىـ
جىسىگە كۆتىرىلىپ ئىزاھلانغان بولسا، «سەددى ئىسكەندەر» داستانىدا يۇنان شاھـ
زادىسى ئىسكەندەر ئادالەت ۋە ئاسايىشلىق مەجبۇرىيىتى رىشتىسىدىن كۈچلۈك قوـ
شۇن بىلەن غەرپتىن شەرققە يۈرۈش قىلىپ، جاھالەتلىك شاھ دارا ئۈستىدىن ئاـ
لەمشۇمۇل زەپەر تەنتەنىسىگە ئېرىشىدۇ. بۇ جەريان باشتىن ئاخىر ئىسكەندەرنىڭ
«ئىسكەندەر تىلسىمى»نى ئاچقانلىغى بىلەن، باشقىچە ئېيتقاندا ئارستوتىلنى داھى
ۋە نامايەندە قىلغان گرىك پەلسەپسى بويىچە ئىش قىلغانلىغى بىلەن يورىتىلغان.
ناۋايىغا بۇ جەھەتتە ھېچكىم - مەيلى نىزامى، مەيلى خىسراۋ دىھلىۋى، مەيلى
جامى، مەيلى موغۇل غەزىنە خانىنى ئۆلگىلىك پادىشا سۈپىتىدە تەسۋىرلىگەن
«رەۋزەتى خۇلد» ناملىق ئەسەرنىڭ ئاپتورى مەجىت خەۋاپى تەڭ كېلەلمىگەن.
ئەلشىر ناۋايىنىڭ ئىجتىمائى ئىدىيىلىرى ئىدىيالىستىك ۋە خىيالى - ئۇتوپىك
خاراكتىرىدە بولۇشىغا قارىماي، ئۇ كۈچلۈك گۇمانىستىك روھ بىلەن سۇغۇرۇلغان
بولۇپ، كۈچلۈك مەرىپەتچىلىك تەسىرىگە ئىگە ئىدى.
بىز «سەددى ئىسكەندەر»نىڭ 5 يۈز يىللىغىنى خاتىرلىگىنىمىزدە ئەلشىر
ناۋايىنىڭ ئەدىبىيات جەھەتتە، شېئىرى ماھارەت جەھەتتە ئۆسۈپ يېتىلىشىنى بىلىم
ۋە ھىكمەت جەھەتتە ئۆسۈپ يېتىلىش بىلەن بىرلەشتۈرگەنلىگىدىن قاتتىق تەسىرلىـ
نىمىز. ئەدىبىيات - سەنئەت تارىخى شۇنى تەكرار ئىسپاتلىدىكى، بەدىئى ئىجادىـ
يەتتە كۆرۈنەرلىك ئىلگىرىلەش، يېڭىلىق يارىتىش ۋە ھەتتا تارىخى خاراكتىرلىك
ئۆلمەس يادىكار قالدۇرۇش ئۈچۈن نوقۇل قەلەم - سىياغا يۆلىنىش كۇپايە قىلمايـ
دۇ. ئۇ ئېقىل ۋە بىلىشتە «ئىسكەندەر تىلسىمى» نى ئېچىشنى تەلەپ قىلىدۇ.
ئېنگېلس: «بىرەر مىللەت ئىلىم - پەننىڭ ئەڭ يۇقۇرى پەللىسىدە تۇرۇشنى خالايـ
دىكەن، بىر دەقىقىمۇ نەزىرىيىۋى تەپەككۇردىن ئايرىلىپ كېتەلمەيدۇ.»③ دەپ ناـ
ھايىتى توغرا ئېيتقان. بۇ سۆز ئوبرازلىق تەپەككۇر ساھەسىدىمۇ، بىر پۈتۈن مىللەت
ۋە ئۇنىڭ ھەر بىر ئەزاسى ئۈچۈنمۇ ئوخشاشلا ھەقىقەت.
بىز «سەددى ئىسكەندەر»نىڭ 5 يۈز يىللىغىنى خاتىرلىگىنىمىزدە، ئەلشىر
ناۋايىنىڭكىدەك ئالەمشۇمۇل تارىخى خاراكتىرلىك بەدىئى ئەسەرلەرنى نوقۇل تىل -
ئەدىبىيات نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلىش ۋە تەھلىل قىلىشنىڭ يېتەرسىز بولىدىغانـ
لىغىنى، بۇنداق ئەسەرلەرنى كۆپ جەھەتتە تەتقىق قىلىش ۋە سېلىشتۇرۇپ تەتقىق
قىلىش، بولۇپمۇ مۇتەپەككۇرانە پىكىرلەرنى پەلسەپە ۋە ئىجتىمائى ئىدىيىلەر
نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلىش، ئىزاھلاش لازىملىغىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلىمىز.
ناۋايىشۇناسلىق - نۇقۇل ئەدىبىياتشۇناسلىق، ئەدىبىيات تارىخشۇناسلىغىنىڭ بىر ساھەـ
سى، دەپ قارالماسلىغى لازىم، ئىنسانىيەتنىڭ بىلىش تارىخى شۇ نەرسىنى داۋامـ
لىق ئىسپاتلىماقتىكى، ئىلىم - پەن ۋە ئەدىبىيات - سەنئەت تەتقىقاتى ئەگەر ھەـ

قىقەتكە يېقىنلىشىشنى ئىستەيدىكەن، ئۇ مېتودولوگىيە جەھەتتە ئومۇمىيۈزلۈك تەتقىقات سىستېما بويىچە تەتقىقات، سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىشقا يەنىمۇ يۈزلىنىشى لازىم.

ئىزاھلار:

① بۇ ھەقتە ئاۋايىنىڭ زامانىدىشى، سۇلتان سەئىد خاننىڭ (1490 - 1560) بىر نەۋرە ئاكىسى زۇھرىدىن مۇھەممەت بابۇر (1484 - 1530)نىڭ ئانا جەمەت بىر نەۋرە ئىنىسى مىرزا مۇھەممەت ھەيدەر (1500 - 1551) 1542 - 1546 - يىللىرى يازغان مەشھۇر «تارىخى رەشىدى» ناملىق ئەسىرىدە بىۋاستە مەلۇمات بېرىدۇ. مىرزا ھەيدەر دادىسى مۇھەممەت ھۈسەيىن كورگان شەيبانىخانغا قارشى جەڭدە ھالاك بولغاندىن كېيىن، بابۇر شاھنىڭ يېنىدا تۇرغان ۋە كېيىنچە سۇلتان سەئىدخان ھوزۇرىدا قەشقەردە پائالىيەت ئېلىپ بارغان ئىدى. «تارىخى رەشىدى»نىڭ 2 - كىتاۋىدا مىرزا ھەيدەر «نەسلى بەيەز بەخشىيانى ئۇيغۇر ئەست. پەدەرى ئورا كىچىكنە بەخشى مىگۇفتەند. مەردى بۇد ئەلئەررىسم» (ئۇنىڭ ئەسلى ئۇيغۇر باخشىلىرىدىن ئىدى. ئۇنىڭ ئاتىسىنى كىچىك باخشى دەپ ئاتايتتى. ئادەتتىكى كىشىلەردىن ئىدى) دەپ يېزىپ قالدۇرغان.

② «پەنجە» سۆزى قوش مەنىدە بولۇپ، قولغا قول ياندۇرۇش ۋە بەش كىتابقا بەش كىتاب بىلەن تاقابىل تۇرۇش دېگەننى ئىپادىلەيتتى.

③ ئېنگىلس: «تەبىئەت دىيالېكتىكىسى» خەنزۇچە 1961 - يىل نەشرى، 24 - بەت.

# قىرغىز خەلق ئەدەبىياتىدىكى زور ھەجىملىك مەشھۇر داستان - «ماناس»

ئېرسىبەك ئابىقان

يېقىندا «شىنجاڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىق قىلىش جەمئىيىتى» تەرەپىدىن «ماناس» ئېپوسىنىڭ 1- قىسمىدىن بىر كىتاب، 2- قىسمىدىن بىر كىتاب كۆپ تىراژدا نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى. بۇ بىزنى «ماناس» تەتقىقاتى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىدى. دۆلىتىمىز ۋە خەلقارادا مەشھۇر بولغان، بۇ داستان چەتئەللەردە خېلى بۇرۇنلا تەتقىق قىلىنىشقا باشلانغان ۋە ئوخشىمىغان كۆز قاراشلارمۇ ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىدى.

بىرىنچى قېتىم روسىيە ئالىمى رادلوۋ 1886- يىلى، ئىسسىق كۆل ئەتراپىغا كەلگەندە بىرقىسمىنى كۆچۈرۈۋېلىپ نەشر قىلدۇرغان ئىدى. لېكىن ئۇ، قىرغىز تىلىنى تولۇق بىلمىگەچكە نەشر قىلدۇرغان كىتاب چوڭ تەسىر قوزغىيالمىدى (چۈنكى ئۇ قىرغىزتىلىنى روس ھەرپىدە خاتىرىلىگەن ئىدى). كېيىن گېرمانىيە، ئىتالىيە، رومىنىيە، توركىيە ئالىملىرىمۇ قىسقىچە نۇسخىلىرىدىن پارچىلار نەشرقىلغان ۋە قوشۇمچە ماقالىلارنى يازغان ئىدى. ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋىدىن كېيىن، سوۋېت قىرغىزستانىدىن مەخسۇس ئادەم ئۇيۇشتۇرۇلۇپ «ماناس» داستانىنى رەتلەپ 1961- يىلى «ماناس»، «سەمەتەي»، «سەيتەك» قاتارلىق 3 ئەۋلات ۋەقەلىكى سۆزلەنگەن 4 چوڭ كىتاب نەشر قىلىندى. ئۇلارنىڭ شۇ چاغدىكى يىغىپ توپلىغىنى 500 مىڭ مىسرا بولۇپ 11 ۋارىيانتى ئىچىدىن تاللاپ، سۈپەتلىك جايلارنى بىرىكتۈرگەن.

دۆلىتىمىزدە بىرىنچى قېتىم «سەمەتەي» قىسمىنىڭ «كوكەتاينىڭ ئاشى» دېگەن بىر بابى خەنزۇچە «تيانشان» ئەدەبىياتى ژورنىلىدا ئېلان قىلىنغان ئىدى. 1961- يىلىدىن باشلاپ مەركىزى مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى بىرلىكتە خىزمەت گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ، دەسلەپكى قەدەمدە يىغىش، توپلاش خىزمىتىنى باشلىدى ۋە بىرنەچچە ماناسچىلارنى تەكلىپ قىلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئاقچى ناھىيىسىدىن بولغان يۇسۇپ مامايىنىڭ بىلىدىغىنى تولۇغراق بولۇپ، ئۇ، «ماناس» ئېپوسىنى 8 ئەۋلات-

قا يەتكوزدى. هازىر بىزدە نەشىرگە تەييارلىنىۋاتقان نۇسخىسى مانا شۇ يۈسۈپ مامايىنىڭ ئېيتىپ بېرىشى بويىچە رەتلەنگەن نۇسخا.

«ماناس» ئېپوسى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەسىلىلەر ئىنتايىن مول ۋە مۇرەككەپ نۇرغۇن تارىخى ۋەقەلەرگە چېتىلىدىغان بولغاچقا، ئۇنى تەتقىق قىلىش جەھەتتە بىرمۇنچە ئوخشىمىغان كۆز قاراشلار مەۋجۇت. مەيلى قانداق بولمىسۇن بۇ ئېپوس قىرغىز خەلقىنىڭ ئېنسىكلوپېدىيىسى دېگەن قاراش ئاساسلىغراق. ئۇنىڭدىن قىرغىزلارنىڭ كۆچكەن جايلىرى، تارىخى ئىزلىرى، تىلى، پىسخولوگىيىسى، گوزەللىك كۆزقارىشى ۋە دىنى قاراشلىرى قاتارلىق مەسىلىلەرنى كۆرگىلى بولىدۇ.

«ماناس» - قىرغىز خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا ساقلانغان زور ھەجىمدىكى داستان. ئۇ تارىخ ئەمەس، لېكىن تارىختا بولۇپ ئۆتكەن پاكىتلار، ئۇنىڭدا ئەكس ئەتكەن. چۈنكى ئۇزاق زامانلارغىچە ئۆز تارىخىدا يېزىق خاتىرىسى بولمىغان بىر مىللەت ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن كەچۈرمىشلىرى كۆپ ھاللاردا شۇ مىللەتنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتى ئارقىلىق بەدىئى شەكىلدە ئىپادىلىنىدۇ. تارىخ ئالدى بىلەن يازما تارىخى خاتىرىلەرنى ئاساس قىلىدۇ، شۇنىڭدەك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغىمۇ كۆڭۈل بۆلىدۇ. «ماناس» ئېپوسى ئەدەبى قىممەتكە ئىگە بولۇشتىن باشقا يەنە ئىلمى قىممەتكىمۇ ئىگە.

ئاتاغلىق تارىخچى سىماچىيەننىڭ ئەسلىمىلىرىدە، بۇندىن 2 مىڭ يىل ئىلگىرى قىرغىزلارنىڭ يەنسەي دەرياسى بويىدا ئىكەنلىگى يېزىلغان. «يەنسەي» دېگەن سۆز تۈركى تىلىنىڭ قىرغىز شىۋىسىدە «ئېنى (0 ئە)- ئانا»، «سەي - دەريا» ياكى «ئانا دەريا» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. شۇۋاقىتتىكى قىرغىزلارنى قارا قىرغىزلار دەپ ئاتايتتى. بۇ ئۇلارنىڭ قۇللۇق دەۋرىدىن فېئوداللىق دەۋرگە ئۆتكەن ۋاقتى بولۇپ، ئۇلار تەبىئى شارايىتى ياخشى، ئورمانزار، توقايلىق ۋە ئېگىز تاغلار ئارىسىدىكى ئوتلاقلاردا ياشىغانلىغى ئۈچۈن، مال - چارۋىچىلىغى تېزلا كۆپەيگەن. قىرغىزلار شۇ ۋاقىتتىلا ناخشا ئېيتىش، قومۇز چېلىشنى ئۆزلىرىنىڭ مەنىۋى ئوزۇغى قىلغان. ئۇلار ئۆلگەن ئادەملەر ئۈچۈن قايغۇرۇش، سېغىنىش ۋە ئەسلەش خاراكتېرىدىكى قوشاقلارنى ئېيتاتتى. كېيىن باتۇرلۇق - قەھرىمانلىق توغرىسىدىمۇ قوشاقلار توقۇيدىغان بولدى. ھەتتا مەشھۇر سەركەردىلەر ۋە باتۇرلارنىڭ تارىختا ئۆتكەن ئىش - ئىزلىرىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىنمۇ ئۇلارنى قوشاققا قوشاتتى. مەشھۇر «ماناس» داستانىمۇ ئەنە شۇنداق ئىجتىمائى شارائىتتا مەيدانغا كەلگەن. «ماناس» داستانى دەسلەپتە ئادەتتە بىر نەچچە باتۇرلارنىلا مەدھىيىلىگەن ۋەقەلىك، شېئىر ياكى داستان شەكلىدە مەيدانغا چىققان بولسىمۇ، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قىرغىزلارنىڭ ياشىغان يەرلىرى، ھەركەت

قىلغان جايلىرى ۋە بېشىدىن ئۆتكۈزگەن تارىخى تەغدىرىگە ئائىت بايانلار قوشۇلۇپ بارغانسېرى چوڭايغان، شۇنداقلا كىچىك قوشاق، كىچىك داستانلارنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىپ، ئەسىرلەر ئۆتىشى بىلەن ھازىرقى «ماناس» دىن ئىبارەت چوڭ تىپتىكى داستانغا ئايلانغان. بۇ، قىرغىز مىللىتىنى شەكىللەندۈرۈش ۋە ئىجتىمائى تۇرمۇشنى يۈكسەلدۈرۈشتە خېلى ئىجابى رول ئوينىغان.

داستاننىڭ دەسلەپكى قۇرۇلمىسى «ماناس» قاچان پەيدا بولغان؟

بۇ مەسىلىگە جاۋاپ بېرىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن «ماناس» ئىپوسىدا بايان قىلىنغان ۋەقەلەر قايسى دەۋرنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى چوشىنىشكە توغرا كېلىدۇ. چەتئەل ۋە ئېلىمىزدىكى ھازىرقى تەتقىقاتچىلار بۇھەقتە مۇنداق 3 خىل قاراشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ:

1. قىرغىزلار يەنسەي دەرياسى بويىدا ياشىغان دەۋردە پەيدا بولغان دېگەن قاراش. ئۇلار بۇ خىل قاراشنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن داستاندىكى يەر ئىسىملىرى، شامان دىنىغا ئائىت ۋەقەلىكلەرنى ئاساس قىلىدۇ. بۇ خىل قاراشتىكىلەرنىڭ بەزىلىرى، مەسىلەن: قازاقستاننىڭ مەشھۇر يازغۇچىسى مۇختار ئەۋدەزوۋ داستان تىلىدىكى ئارخائىزىم (كونىرىغان سۆز) لەرنىڭ كۆپلىگىنىمۇ بىر تۈرلۈك ئاساس سۈپىتىدە كۆرسىتىدۇ. يۇقۇرقى قاراش بويىچە ئېيتقاندا «ماناس» نى 7-، 9- ئەسىرلەر ئارىلىقىدا مەيدانغا كەلگەن دەپ قاراشقا بولىدۇ.

2. قىرغىزلار ئالتايغا كېلىپ ياشىغان ۋاقىتتا پەيدا بولغان دېگەن قاراش. بۇ خىل قاراشتىكىلەر: داستاندا «9-، 11- ئەسىردە قىرغىزلار ئېلىپ بارغان كەڭ-كۆلەملىك سوقۇش ۋەقەلىرى بايان قىلىنغان» لىقىنى ① دەلىل كۆرسىتىدۇ. دەرۋەقە شۇ مەزگىللەردە قىرغىزلار بىلەن قالماقلار، كۆك تۈركلەر ۋە قىتانلار (قاراختايلار) ئوتتۇرىسىدا ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۇرۇشلار يۈز بەرگەن. ئۇرۇش مەيدانى ھازىرقى تاشقى موڭغۇل يايلاقلىرىدا، ھەتتا شەرقى - شىمال ئۆلكىلەرگىچە بارغان. داستاندا بۇ خىل تارىخى ۋەقەلىكلەر خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. (ب. يونسالىيېۋ)

3. جۇنغارلار دەۋرىدە پەيدا بولغان دېگەن قاراش. بۇ خىل قاراش بويىچە بولغاندا داستاننىڭ مەيدانغا كەلگەن ۋاقتى پەقەت 16 -، 18- ئەسىرلەرگە توغرا كېلىدۇ. ي. ل. كېلموۋىچ بۇ خىل قاراشنى ئىسپاتلاشتا داستاندا ئىسلام دىنىغا ئائىت مەزمۇنلارنىڭ كۆپ قېتىم تىلغا ئېلىنغانلىقىنى ۋە ئالتاي، تيانشان تاغلىرىدىكى ھازىرقى يەر ئىسىملىرى تىلغا ئېلىنغانلىقىنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىدۇ.

ك. پ. پېتروۋنىڭ «15- ئەسىردىن 18- ئەسىرگىچە بولغان قىرغىزلارنىڭ

---

① 1958- يىلى فرونزىدا نەشر قىلىنغان «ماناس» نىڭ باش سۆزىگە قارالسۇن.

فېئوداللىق مۇناسىۋىتى ھەققىدە» دېگەن كىتاۋىدا، قىرغىزلارنىڭ باشقىلار تەردىدىن (ھەسەنخان تەردىدىن) چۇدەرياسى بىلەن تالاس دەرياسىغا قوغلىنىپ تاشلانغانلىقى يېزىلغان. دەرۋەقە داستاندا بۇ ۋەقەگە ئائىت پاكىتلارمۇ بايان قىلىنغان. بىراق، شۇنى ئەستە تۇتۇش كېرەككى 200 مىڭ مىسرا (قىرغىزستاندا رەتلەنگىنى 500 مىڭ مىسرا) دىن تەشكىل تاپقان بۇ چوڭ داستاندا بارلىق قىرغىزلارنىڭ بارغان يېرى، ئۆتكەن تاغلىرى، بېشىدىن كەچۈرگەن كەچۈرمىشلىرى، ئۆرپ - ئادىتى، مەدەنىيىتى، تارىخى، دىنى - ئېتىقادى قاتارلىق نۇرغۇن مەسىلىلەر بايان قىلىنغان، بىر نەچچە ئەۋلات باتۇرلارنىڭ ئوبرازى يارىتىلغان.

«ماناس» ئېپوسى قىرغىزستاندا 3 ئەۋلات 4 چوڭ كىتاپ بولۇپ 1958-يىلى نەشردىن چىققان. ئەنگلىيە، تۈركىيە، فرانسىيە، غەربىي گېرمانىيە قاتارلىق مەملىكەتلەردە ئېلان قىلىنغانلىرى «ماناس» نىڭ ئايرىم بۆلەكلىرى بىلەنلا چەكلەنگەن. بۇندىن باشقا «ماناس» داستانى ھەققىدە چەتئەللەردە بۇنىڭدىن 150 يىل بۇرۇنلا يازما ماتېرىياللار نەشر قىلىنغانلىقى ياكى خەۋەر، ماقالىلار ئېلان قىلىنغانلىقى مەلۇم. ماركس «ئىلىئادا»، «ئودىسسا» داستانلىرىنى ماختىغاندا دۇنيادا تېخى «ماناس» داستانىنىڭ يازما نۇسخىسى يوق ئىدى. ئېلىمىزدىكى ماناسچى يۈسۈپ ماماي «ماناس» نى 8 ئەۋلاتقىچە بىلىسىمۇ، لېكىن كېيىنكى 5 ئەۋلات ھازىرغىچە تەتقىق قىلىنمىدى. «ماناس» ئېپوسى ئۇيغۇر ۋە قازاق خەلق داستانلىرىغا قارىغاندا ھەجىم جەھەتتە تېخىمۇ چوڭ، ئۇنىڭدا بايان قىلىنغان تارىخى مەلۇماتلار تېخىمۇ مول.

«ماناس» ئېپوسىنى تۇنجى قېتىم 1860- يىلى رۇس ئالىمى ئا. پ. رادلوۋ تېكەسكە كېلىپ خەلق ئىچىدىن بىر قىسمىنى يېزىۋالغان ۋە «ماناس» دېگەن بىر خەلق ئېپوسى بار ئىكەن دېگەن مەلۇماتنى بىرىنچى قېتىم يېزىپ قالدۇرغان. كېيىن قازاق ئېكسپېدىتسىيىچىسى چوقان ۋەلىخانوف قەشقەرگە كېتىۋاتقان سەپىرىدە «ماناس» نىڭ بىر قىسمىنى كۆچۈرۈۋالغان. بەزى مەلۇماتلارغا قارىغاندا فىرانسىيىدىمۇ بۇ ئېپوسنىڭ بىر قىسىم تېكىستى نەشر قىلىنغان. لېكىن بۇ ئىككى خىل نۇسخىنىڭ مەزمۇنى بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ. ۋەلىخانوف نۇسخىسىدا «خىتايغا قارشى» دېگەن ئۇقۇم گەۋدىلەندۈرۈلگەن. فرانسۇز نۇسخىسىدا بولسا، «ئاق پادىشاغا قارشى» ئۇقۇمى گەۋدىلەندۈرۈلگەن. بۇنىڭدىن شۇنداق پەرەز قىلىش مۇمكىنكى ئەينى يىللاردا «ماناس» نى ئېيتقۇچىلار ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ سۇبيېكتىپ ئارزۇسىنى سىڭدۈرۋەتكەن. لېكىن «ماناس» نىڭ ئەسلى روھى قىرغىزلارنىڭ يەنىسەيدىن ئالتاي، تىيانشان، تالاس، ئىسسىق كۆلگە كۆچۈش جەريانىدىكى تارىخى ۋەقەلىكلىرىنى بەدىئىي شەكىلدە ساقلاپ قالغان تارىخى ئەسلىمىسىدۇر.

ئىپوسنىڭ قايسى ۋارىيانتى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، قىرغىزلارنىڭ ئاساسى تارىخى سەھنىسى ۋە بىر قەدەر ھەل قىلغۇچ ئىجتىمائىي ھەركەتلەر ئېلىپ بارغان ۋاقتىنى ھىساپقا ئالساق، ئەڭ ئالدى بىلەن «ماناس» دىگەن بۇ بەددىئى ئوبرازنى قىرغىزلار ئالتايغا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن پەيدا بولغان دىيىشكە بولىدۇ. يۇسۇپ ماماينىڭ ھازىر ئېيتىۋاتقان ۋارىيانتىدىمۇ بۇ مەزمۇن ئىپادىلىنىدۇ.

شۇۋاقىتتىكى شەرقى شىمالدىن چىققان كۆچمەن چارۋىچى خەلقلەر - قىتانلار (كىدانلار) جۇڭگونى ئىگەللەپ ئالغاندىن كېيىن تاكى غەرپكە يۈرۈش قىلىپ كەلگەندە قىرغىزلار قاتتىق قىرغىنچىلىققا ئۇچرايدۇ، شۇنىڭ بىلەن قىرغىزلار تەرەپ - تەرەپكە تاراپ يوقۇلۇشقا يۈز تۇتىدۇ. مانا شۇنداق چوڭ تارىخى ئاپەت، زور بۇرۇلۇش دەۋرىدە ماناس خەلقنى باشلاپ ئۇرۇش قىلىپ، ئالا تاغ تەرەپكە چېكىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن قىتانلار بىلەن بولغان ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئۇرۇشلارنى ئېلىپ بارىدۇ. داستاندا بىر نەچچە قېتىم تىلغا ئېلىنغان «بېيجىڭغا بېسىپ كىردۇق» دىگەن مىسرالار كېيىن ئۆزگەرتىپ ئېيتىلغان. ھازىرقى جىمسار (بېشبالىق) قىتانلار جۇنغار ئويمانلىغىنى ئىگەللەپ تۇرغان ۋاقىتتا «بېيتىڭ» دەپ ئاتىلىپ مەركەز قىلىنغان ئىدى. 10- ئەسىردە قىتانلار، قىرغىزلارنى پۈتۈنلەي قىرغىنچىلىققا ئۇچرۇتۇپ، ئۆزلىرىگە بېقىندۇرۇۋېلىشقا ئازقالغان. بۇ بەختسىزلىكتىن قوتۇلۇش ئۈچۈن ماناس، سەممەتەي، سەيتەك قاتارلىقلار قىرغىزلارنى بىر يەرگە جەم قىلىپ، باشقا ئۇيغۇر، قازاق، تۈركەچ، تاتار قاتارلىق 60 نەچچە مىللەت ۋە قەبىلىلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىدۇ. شۇچاغدىكى مىللەتلەردىن ھازىرغىچىلىك ساقلىنىپ قالغانلىرى ئىنتايىن ئاز، كۆپ قىسمى ئۇرۇش جەريانىدا تۈگەپ كەتكەن ياكى بىر - بىرىگە سىڭىشىپ كەتكەن. مەسىلەن: موغۇلدۇر، قىتاي دىگەن قەبىلىلەر ھازىرقى قىرغىزلاردىمۇ بار.

قىرغىزلار قىتانلار كېلىشتىن بۇرۇن، يەنى 8-، 9- ئەسىرلەردە يەنىسەيدىكى باشقا قەبىلىلەر بىلەن بولغان چوڭ ئۇرۇشتا (ئاۋالقى كۆك توركلەر بىلەن بولغان ئۇرۇشلاردا) بىر چوڭ كۆچمەن مەملىكەت قۇرغان ئىدى. لېكىن قىتانلار قىرغىزلارنى ئېسىدىن كەتكۈسىز توردە پارچىلىۋەتتى. مۇشۇنداق چوڭ ۋەقەلىك ئىپوسدا ئەسىردىن - ئەسىرگىچە ئورۇن ئالماي قالمىغان. ماناس بىر مۆچەلگە توشمىغان ۋاقىتتا، ئالتايغا ئېقىپ بارغان قىرغىزلار باشپانا تاپالماي ماناسنى ئۆزىگە تىرەك قىلغان. ياش ئۆسمۈر تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يېرىگە قايتىپ بېرىشنى ئارزۇ قىلىپ مۇنداق دەپ ناخشا ئېيتقان:

ئازاپ چەككەن قىرغىزلارغا،
كۆرىدىغان كۈن بارمىدۇ؟!

ئىچىدىغان سۇ بارمىدۇ؟!
بېشىمىزغا تۇتىدىغان،
مۇساپىر بولغان بۇ يۇرتتا،
بالا ماناس ئۆزى باردۇر!

قىرغىزلارغا باش بولغان ماناس ئالتايدىكى قەبىلىلىرىنى بىرلەشتۈرگەندىن كېيىن، بىر چوڭ قوشۇن ئويۇشتۇرۇپ، بوۋىسى باتۇر قوشاينىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئالاۋكەرنىڭ ئەسكەرلىرىنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، ھەممە ئاھالىلارنى ئاتا-بوۋىسىنىڭ ئۆز يۇرتى بولغان ئالا تاققا ئېلىپ كەلگەن ئىدى. ماناسنىڭ باتۇرلۇق ئىشلىرى، ئالاتاققا كەلگەن قىرغىزلارغا قولىنى سوزغان دۈشمەنلەر بىلەن ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىدە سۈرەتلەنگەن. شۇجەڭلەردە تۇتۇلغانلارنىڭ كىم ئىكەنلىكى داستاندا ئالاھىدە سۆرەتلەنگەن. شۇۋاقىتتىكى ئۇرۇشلاردا كىشىلەر بىر-بىرىنى يۇتۇۋەتكىدەك نەپرەت بىلەن ئېلىشقان، دادىسى بالىسىنى تونۇمايدىغان ۋاقىت ئىدى. ئايرىم-ئايرىم بولۇپ كەتكەن قەبىلىلەرنى بىرلەشتۈرگەن، خەلقنىڭ بېشىغا كۈن چۈشۈپ، تاغلار ئۈگتەي-توگتەي بولىۋاتقان چاغلاردا ئەڭ كۈچلۈك باتۇرلارنى باشلاپ، مەيدانغا چىققان (داستاندا ئېيتىلغان گەۋدىلىك ئوبراز) ماناسنىڭ ئۆزى ئىدى. شۇۋاقىتتا قالماق، ئوراڭخاي موڭغۇل قەبىلىلىرىمۇ قىرغىزلارغا خېلى ۋەيرانچىلىق سالغان ئىدى. بۇ ۋەقەلىكتىن، شۇۋاقىتتىكى ئۇرۇشلار ياكى ئۇنىڭدىن كېيىنكى موڭغۇللار ۋە جۇنغارلار بىلەن بولغان ئۇرۇش (1455-يىللىقچىلىك سوزۇلغان) لارنى بىلگىلى بولىدۇ. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەلۋەتتە يازما شەكىلدە ساقلىنىپ قالغان تارىخى مەلۇماتلارغا ئوخشىمايدۇ، لېكىن خەلق ماناسچىلىرى تارىختىكى باتۇرلارنى مەدھىلىگەن چاغدا، ئۇلارنىڭ چىن باتۇر ئىكەنلىكىنى، خاراكتېرىنى، ئۇرۇش بولغان جايلارنىڭ يەر ئىسىملىرىنى ساقلاپ قېلىشقا تىرىشقان. شۇنداقلا ماناسچىلار شۇ دەۋرگە بولغان ئۆزىنىڭ قارىشىنىمۇ سىڭدۈرۈۋەتكەن. بىر ماناسچى ئۆلۈپ ئۇنى داۋاملاشتۇرغۇچى يەنە بىر ماناسچى ئوتتۇرىغا چىقىدىغان دەۋر توختىمىغانلىقتىن، ئۇلار ئۆزى كۆرگەن بەزى يېڭى ئۆزگىرىشلەرنى كىرگۈزۈۋېلىشتىن خالى بولالمىغان. ھەتتا «ماناس» نى سۆزلىگۈچىلەر كۆز ئالدىدا ئاڭلاپ ئولتۇرغان كىشىلەرنىڭ ھېسسىياتى، نىمىنى ياخشى كۆرىدىغانلىغىنى، نىمىگە قارشى ئىكەنلىگىنى ھېس قىلغانلىقتىن، شۇلارنىڭ تەلۋىنىنىمۇ داستان مەزمۇنىغا سىڭدۈرۈۋەتكەن. «ماناس» تا قىرغىزلارنىڭ بۇرۇنقى دىنى قاراشلىرى شامان دىنىدىن باشلاپ كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى زەمبىرەك بىلەن ئۇرۇشىدىغان دەۋرلەرگىچە بولغان مەلۇماتلارنىمۇ كۆرگىلى بولىدۇ. بۇنىڭدىن «ماناس» ۋەقەلىگىنىڭ بىر دەۋردە پەيدا بولمىغانلىغىنى، كەم بولغاندا ئۇ، 500 - 700

يىللىق دەۋرىنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز.

«ماناس» نى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم مەسىلە ئۇنىڭ تۈپ ۋەقەلىكى قايسى، قوشۇمچىلىرى قايسى ئىكەنلىكىنى ئايرىۋېلىشتىن ئىبارەت. بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن «ماناس» نىڭ ھەر خىل ۋارىيانتلىرىنى تولۇق يىغىۋېلىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىنچىكىلەپ تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىدا «ماناس» نىڭ 13 ۋارىيانتى تولۇق بولمىغان (رادلوۋ بىلەن ۋەلىخانوپ ئىككىسى ئىشلىگەن) ھالەتتە بولۇپ، بىر نەچچە قېتىم رەتلىنىپ 1958- يىلى 4 كىتاپ قىلىپ نەشر قىلىنغان ئىدى. بىزدە ھازىر ئاقساقال يۈسۈپ ماماي ئېيتقان ھەجمى بىر قەدەر ئۇزۇن بولغان بىرلا ۋارىيانتى بار. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە قانچە ۋارىيانتى بارلىقى ھازىرغىچە بىزگە مەلۇم ئەمەس. قىرغىزلارنىڭ تارىخىنى ساقلاپ قېلىشتا پاكىتلار كۆپ بولىسىمۇ، لېكىن ماناس، قوسوي، سەمەتەي، سەيتەك، چۇباپ، كولچورو، قانىكەي، ئايچۈرەككە ئوخشاش باتۇرلارنىڭ تارىخىمۇ ئەھمىيەتلىك سەۋەپلەرنىڭ بىرى. بۇنىڭدا ئېيتىلغان باتۇرلارنىڭ ئىسىملىرىنى گەرچە تارىخى مەلۇماتلاردىن ئۇچرىتالمىساقمۇ، لېكىن ئۇلارنى رېئال تۇرمۇشتا ئۆتكەن باتۇرلارنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى شەكلىدە پىششىقلاپ ئىشلەنگەن بەدىئىي ئوبرازى دېيىشكە بولىدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا شۇنداق چوڭ ھەجىملىك ئېپوستىكى ۋەقەلەر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا شۇنچە ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان قانداق ساقلىنىپ قالدى دېگەن مەسىلە بار:

ئا. پ، رادلوۋ: «ماناس» داستانى - قىرغىز خەلقىنىڭ گەپدان، قوشاقچى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدىغان ئەسەر، ئەقىل - پاراسەتلىك قىرغىزلار ئادەتتە سۆزلىگەندىمۇ قاپىيەلەشتۈرۈپ، شېئىرغا ئايلاندۇرۇپ كېتەلەيدۇ»① دېگەن ئىدى.

ھەر قايسى بىر ماناسچى ئۆز ۋاقتىدا ئاتاغلىق شائىر (ئىرچى) بولۇش بىلەن بىللە يەنە جەمئىيەتنىڭ ئۆزگىرىشلىرىگە بىۋاستە پىكىر يۈرگۈزەلەيدىغان ئۆز زامانىنىڭ خەلق سەنئەتكارى ئىدى دېيىش مۇمكىن. ئۇلار ۋەقەلىكلەرنى ئېسىدە ساقلاپ قالغاندىن باشقا، يەنە ۋەقەلىكلەرگە باھا بېرەلەيدىغان، ۋەقەلىكلەرنى ئىخچاملاپ شېئىرغا ئايلاندۇرۇپ ئېيتالايدىغان كىشىلەر ئىدى. ئۇلار بۈگۈن بىر ئۆيدە بىر ۋەقەنى بىر خىل رېتىم ۋە بىر تۈرلۈك قېلىپتا ئېيتسا، ئەتىسى يەنە بىر ئۆيدە شۇ ۋەقەلىكنى باشقىچە رىتىم ۋە باشقىچە ئوبرازلىق سۆزلەر بىلەن ئېيتقان، شۇڭىدەك ھەر قايسى چوڭ ماناسچىلار ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەنلەردىن تەلىم ۋە تەسىر ئالىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار، ئۇلار ئالدى بىلەن يادلاپ

① 1958- يىلى فرونزىدا نەشر قىلىنغان «ماناس» نىڭ باش سۆزىگە قارالسۇن.

ئاندىن تەكرار - تەكرار ئېيتىشقا باشلىغان. شۇ ئارقىلىق ۋەقەلىك كۈندىن - كۈنگە كۆپەيگەن ۋە مۇكەممەللىشىپ بارغان.

ماناسچىلار «ماناس» نى ئېيتقان چاغلىرىدا ئاڭلىغۇچىلارنىڭ قايسى جايلىرىنى قارشى ئالىدىغان، قايسى جايلىرىنى ئانچە ياقتۇرۇپ كەتمەيدىغانلىقىنى پەملەپ شۇنداق جايلىرىنى كۆپەيتىپ بېيىتقان، يۇقۇرى كۆتەرگەن، بەزى جايلىرىنى قىسقىراق ئېيتقان. ئۇلار باتۇرلارنىڭ سوقۇشقا كىرگەنلىكىنى ئېيتقاندا، خۇددى ئۆزلىرىمۇ قوللىرىغا نەيزە تۇتۇپ جەڭگە كىرگەندەك، كۆزلىرى قىزىرىپ، رەڭگى - رويى باشقىچە بولۇپ كېتىشىدۇ، ئاڭلىغۇچىلارمۇ ئالاھىدە ھاياجانلىنىدۇ. مەسىلەن:

قايىپچىنىڭ قارا ئۆڭكۈر،
غايىپ بولدى سەمتەي.
قارىسا كۆزگە چېلىقماس،
قەيەردە ئىكەنلىكى ئېلىنمەي.

شۇ چاغلاردا گۈلچورو،
چارە تاپالماي غەش بولدى
ئىككى كۆزىدىن ئاققان ياش،
مەيدىسىدە سۇ بولدى.

ئۇڭ پىشمىنى تايىنىپ،
ۋاي دادىكام دەپ يىغلاپ.
سول پىشمىنى تايىنىپ،
جان دادىكام دەپ يىغلاپ.

سەندىن قالغان ئاي پالتىنى،
ئىگىز كۆتۈرۈپ كىم چاپار.
تارقاپ كەتكەن قىرغىزنى،
يېتىم قىلماي كىم باشلار.

دېگەن يەرلىرىنى ئاڭلىغاندا، ئولتۇرغانلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ كېتىشىپ، ماناسچىنى تەسىرلەندۈرۈۋېتىدۇ.

«ماناس» نىڭ «سەيتەك» دېگەن پارچىسىدا قانچۇرىنىڭ بۇزۇق ئىكەنلىكى، تاشقى دۈشمەنلەردىنمۇ بەك خەۋپلىك بولىدىغانلىقى، ئاساسى قەھرىمانلار تىلىدىن مۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ:

تاغدىن قويچى تاشلىغاندەك،
توشۇپ كېتەرمىكەنسەن.
ئاچكۆز غاجىلىغان كاللىدەك،
بۇلاپ قالارمىكەنسەن.
قول - پۇتىدىن ئايرىلغان،
يىلاندەك قالارمىكەنسەن.
يال - قۇيرۇغىدىن ئايرىلغان،
قۇلۇندەك قالارمىكەنسەن.

بۇ جايلارنى ئولتۇرغانلار ئاڭلىغاندا، باتۇرنىڭ كۆڭلى، ئارمىنى بىلەن بىر بولۇپ قايغۇرۇشىدۇ. «ماناس» نى ئېيتقۇچىلارنىڭ ئاۋازى، ھېسسياتىمۇ شۇنى بەلگىلەيدۇ.

ئۇزاقتىن بېرى ساقلىنىپ، ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان «ماناس» ئېپوسى يالغۇز قىرغىزلارنىڭ شېئىرى شەكلىدە يېزىلغان تارىخى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ھازىرقى سۆز بىلەن ئېيتقاندا ئۇنى يەنە سەھنە تىياتىرى (دىراما)، دېيىشكە بولىدۇ. ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن ھەر بىر ۋەقەلىك، ھەر بىر باتۇر مەيلى دۈشمەن ياكى ئۆز تەرەپنىڭ باتۇرلىرى بولسۇن، ھەممىسى ئۆز ئەينى سۆزلەتلەنگەن. شۇڭا، يادلىغاندا ئىسىدە ئوڭاي قالىدىغان، شېئىرى رىتىمگە ئىگە سۆزلەر تاللانغان. «ماناس» نى بىركىچە ئېيتسىمۇ ئاڭلىغانلار قانداق بولمىسۇن خېلى كۆپ جاي-لىرىنى ئېسىدە ساقلاپ قالالايدۇ. دېمەك، ماناسچىلار ئاددى قوشاقچىلار ئەمەس، بەلكى تاللانتلىق شائىر ۋە تىل ئۇستىلىرى. شۇنداقلا قىزىقارلىق ھەركەتلەرنى ماسلاشتۇرۇپ جانلاندۇرالايدىغان قابىلىيەتلىك ئارتىسلەر دەپ ئېيتىشقىمۇ بولىدۇ. شۇنداقلا ئۇلار يەنە ۋەقەلىكنىڭ ئۆزگىرىشىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان مۇزىكىنىمۇ ماسلاشتۇرغان. شۇڭا ئاڭلىغۇچىلار تۇرلۇك گۈزەل كۆرۈنۈشلەر ۋە ئېنىق ئۇقۇم بېرەلەيدىغان كۆپلىگەن قەھرىمانلارنىڭ قىياپەتلىرىنى كۆرەلەيدۇ. يەنە كىشىنى تەسىرلەندۇرەلەيدىغان قوشاقلار ئارقىلىق يەر، سۇ، تاغ، ھايۋاناتلارنىڭ ھەر خىل كۆرۈنۈشىنى تەسەۋۋۇر قىلدۇرۇپ، كىشىلەرنىڭ نازۇك ھىس - تۇيغۇلىرىنى ئويغۇتالايدۇ.

مەسىلەن:

ئاي بىلەن كۈننىڭ،
يۇرۇغىدىن پۈتكەندەك.
ئاي ئالدىدا بۇلۇتنىڭ،
سالقىنىدىن پۈتكەندەك.

ئالتۇن بىلەن كۈمۈشنىڭ،
نەق ئۆزىدىن پۈتكەندەك.
ئاسمان بىلەن يېرىڭنىڭ،
نەق ئۆزىدىن پۈتكەندەك.
... ... ... ... ... ...
ئەل بېشىغا كۈن تۇغسا،
ئەل ياراتقان ئەركىلەر.
... ... ... ... ... ...
ئۇقمۇشلاردىن ئۇققان سۆز،
ئۇلۇغلاردىن قالغان سۆز.
ئاتىمىزدىن - بالىمىزغا،
مىراس بولۇپ قالغان سۆز.
X · X · X · X
بۇرۇنقىلار گەپ ئېيتقان،
باتۇر مۇشۇ دەپ ئېيتقان.
باشقىلارمۇ گەپ ئېيتقان،
ئارسلان مۇشۇ دەپ ئېيتقان.
بۇرۇندىن قالغان بۇ گەپنى،
ئېيتىپ كەلسەك بىز ئەمدى،
ئايلىنىپ نۇرغۇن يىل ئۆتتى،
كۆپكۆك تۆمۈر كېيىنگەن،
ياۋدىگەندە يۈگۈرگەن.
«ماناس» تەك باتۇر ئەر ئۆتكەن.
زامان، زامان، زاماندىن،
يولۋاستەك سۈرلۈك ئەر ئۆتتى.
ئەر ئۆتمىسە كىم ئۆتتى؟
نۇرغۇنلىغان ئەسىر ئۆتتى!

مۇشۇنداق سۆزلەر بىلەن مەدھىيلەنگەن «ماناس» داستانىنى يالغۇز ياشانغان كىشىلەرلا ئەمەس، بەلكى ياشلارمۇ تاڭ ئاتقىچە زېرىكمەي ئولتۇرۇپ، قىزىقىپ ئاڭلايدۇ، باتۇرلارنىڭ ئىشلىرىدىن تەسىرلىنىپ يىغلىشىدۇ، بەزى قىزىقارلىق ۋەقەلىكلەرنى ئېيتقاندا ھەممىسى كۈلىشىدۇ. تالانتلىق ئاقىنلار تەرىپىدىن ئېيتىلغان «ماناس» يالغۇز قىرغىزلارنىلا ئەمەس، بەلكى باشقا مىللەت كىشىلىرى-

نىمۇ قىزىقتۇرالايدۇ.

داستاننىڭ قىزىقارلىق بولۇشى يالغۇز ۋەقەلىكلەرگىلا باغلىق ئەمەس، ئاقىنلارنىڭ ئېيتىش ماھارىتىمۇ زۆرۈر شەرت. لېكىن شۇ ۋەقەلىكلەر ئوبرازلىق تىل، رېتىملىق شېئىرى مىسرالار ۋە ھەر تۈرلۈك گۈزەل ئىپادىلەش ۋاستىلىرى ئارقىلىق سۈرەتلەنمىسە، رىياللىق بىلەن غايە بىر - بىرىگە سىڭىشىپ كەتمىسە، ئۇچاغدا ئۇ ئادەتتىكى بىر نەرسە بولۇپ قالىدۇ. «ماناس» داستانىدىكى بۇ ئالاھىدىلىك ئۇنىڭ ئۆمۈرىنى ئۇزارتىش جەھەتتە چوڭ رول ئوينىغان. مەسىلەن: سەمەتەينىڭ سادىق چۆرىسى قانچىرونىڭ سەمەتەيگە ئاسىيلىق قىلىش ۋەقەلىكىنى سۆزلەپ بېرىشتە يۈز بەرگەن ۋەقەنى ئەينەن ئېيتىپ بەرمەستىن، تۆۋەندىكىدەك سۆزلەر بىلەن قىسقىچە كۆرسىتىپ ئۆتكەن:

قىزىل - قىزىل قىرمىزنى،
قاتتىق توتسام بولمايدۇ.
ئۇ ئەمچەك سۈتى بەرگەن،
بىزگىمۇ ياخشى پەيلى يوق.
يېشىل ئالا تال - يىپەك،
يېنىدىن يىرتسام بۆلۈنمەيدۇ.
ئۇ يېقىنلاپ كىرسە «ياخشى بالاڭ»،
جان قويغىدەك ئەلپازى يوق.

دەپ ئۇنىڭ يامان نىيىتىنى ئىخچاملاپ تەسۋىرلەپ بەرگەن.

يەنە «ماناس» داستانىدا سېلىشتۇرمىلار ئۆز لايىغىدا بېرىلگەن. كىشىلەر ئۇنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئېسىدە قالدۇرۇشتىن باشقا ئۇنى ئاسانلا يادلاپ ئالالايدۇ. داستاندىكى سېلىشتۇرۇلۇش - ئۇنىڭ تۈزۈلىشىگە بىنائەن كەڭرى ۋە قىسقا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. بىر قەدەر كەڭرى سېلىشتۇرمىلار كۆپىنچە قەھرىمان يېڭىدىن مەيدانغا چىقىرىلىپ، باشلانغاندىلا تونۇشتۇرۇلىدۇ. بۇنىڭدىكى سەۋەپ ئۇلارنى ئىمكان قەدەر تولۇغراق تونۇشتۇرۇش ۋە ئاڭلىغۇچىلاردا بىر قەدەر ئېنىق تۇيغۇ پەيدا قىلىش ئۈچۈندۇر. مەسىلەن: سەيتەكنى سۈرەتلىگەندە ئۇنىڭ تاشقى كۆرۈنىشى، دادىسى سەمەتەي بىلەن ئوخشاپ كېتىدىغانلىغى ئۈچۈن ئىخچام سېلىشتۇرمىلار ئارقىلىق ۋەقەلىك ۋە قەھرىماننىڭ شۇ چاغدىكى مۇرەككەپ ئىجتىمائى تۇرمۇش بىلەن بولغان باغلىنىشىنى سۈرەتلەش بىلەنلا چەكلىنىدۇ.

كۈلچورىنى باغلايدىغان ۋاقىتتا ئۇنىڭ تاشقى كۆرۈنىشىنى مۇنداق

سۆرەتلىگەن:

كۇلچورىنى قارىساڭ،
ئاغزىدىكى ئىلبى.
غاردىن چىققان شاھالدەك،
قەست قىلغاننى يىگىدەك.

گوركىي: «ئېغىز ئەدەبىيات ۋە يازما ئەدەبىيات يالغۇزلا تىل ۋە ۋەقەلىك تەرەققىياتىدا ئالاھىدە بولۇپ قالماستىن، ئىدىيىۋى مەزمۇنى ھەققىدە يىغىنچاقلانغان بولۇشى كېرەك، شۇڭلاشقا فولكلورنى بىلمىگەن يازغۇچىنىڭ ئۆزى ياخشى يازغۇچى ئەمەس. چەكسىز بايلىق خەلق ئەسەرلىرىدە. ھەقىقى يازغاچى بولۇشنى ئويلىغان ئادەم ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى چوڭقۇر ئۆگىنىشى كېرەك» دىگەن ئىدى.

پارتىيە مىللى سىياسىتىنىڭ پارلاق نۇرى ئاستىدا قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە يېتىشىپ چىقتى، چەتئەلدە بولسا، خېلى نۇرغۇنلىغان ئاقىن ۋە يازغۇچىلىرىمىز كەڭ تونۇلغان يازغۇچىلارمۇ بار. مەسىلەن: چىڭگىز ئايتىماتوفنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇغان كىشى ئۇنىڭ ھەقىقى تۈردە خەلق ئارىسىدىكى داستان ۋە سانجىرغا، ئۇلامىشىدىن كۆپ خەۋەردار ئىكەنلىكىنى بىلگىنى بولىدۇ.

داستاننى قىرغىزلارنىڭ نۇرغۇنلىغان ئەۋلاتلىرىغىچە يەتكۈزۈپ كەلگەن ماناسچىلار، مىللى قايىدە - يوسۇن ھىساپلىنىدىغان توي، نەزىرچىراق، ئاممىۋى چوڭ سورۇنلاردا ئالاھىدە ھۆرمەت بىلەن قارشى ئېلىنىدۇ. شۇڭلاشقا باشقىلارمۇ ماناسچى بولۇشنى ئارزو قىلىدۇ. شۇنداق بولغانلىقتىن ئۇلار قىرغىز خەلقىنىڭ ئەۋلاتتىن-ئەۋلاتقىچە مىراس بولۇپ كەلگەن بۇ گۆھەرىنى ساقلاپ قېلىشتى. مۇنداق ماناسچىلارنىڭ گەرچە كۆپلىرىنىڭ ئىسمى يوقالغان بولسىمۇ، ئۇلار خەلق ئۈچۈن ئۆچمەس ئەمگەك قالدۇرۇشتى. يېزىغى يوق كۆچمەن خەلقتە مۇنداق چوڭ ئېپوسنىڭ مەيدانغا كېلىپ ھازىرغىچە ساقلىنىپ قېلىشى، ئەمگەكچى خەلقنىڭ مەنىۋى ئوزۇقتا نەقەدەر تەشنا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

# نىزامىل مۇلك ۋە «سىياسەتنامە»

شىرىن قۇربان

نىزامىل مۇلك ـ سەلجۇقىلار سۇلالىسىنىڭ سۇلتانلىرى ئالىپ ئارسلان، مالىك شاھ ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردە ئاتاغلىق سىياسىيون، تارىخشۇناس ۋە ئوردا ۋەزىرى بولغان. ئۇنىڭ تولۇق نامى ئەبۇ ھەسەن ئەلى ئىبنى ئىسھاق بولۇپ، «نىزامىل مۇلك» ئۇنىڭ لەقىمى. بۇنىڭ مەنىسى «ئەل باشقۇرغۇچى»، «مۇلك سورىغۇچى» دېگەندىن ئىبارەت.

نىزامىل مۇلك نەۋقىران چېغىدا ئىراننىڭ نىشاپۇر شەھرىدىكى ئەينى زاماننىڭ كاتتا ئۆلىماسى، ئىمامى مۇۋەپپەقىددىن بىننى ئابدۇللەتىپ دېگەن كىشىدە بىلىم تەھسىل قىلغان. مەشھۇر ئالىم، رۇبائىچىلىق پىرى ئۆمەر ھەييام ۋە ئىسمايىلە پەيلاسوپى ھەسەن ساباھىلار ئۇنىڭ ساۋاقداشلىرى، ھەمسايىلىرى ئىدى.

نىزامىل مۇلك ئەتىراپلىق بىلىمگە، كۈچلۈك باشقۇرۇش سەنئىتىگە ۋە يۈكسەك ئابرويغا ئىگە بولغانلىقتىن، ئوردىنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ، تېزلا ۋەزىرلىك مەرتىۋىسىگە ئېرىشكەن. ئۇ ئۇدا ئىككى پادىشاغا ۋەزىرلىك قىلىش جەريانىدا، ئۆز قابىلىيىتىنى تولۇق نامايەن قىلغانلىقى ئۈچۈن، شۆھرەت ـ مەرتىۋىسى ھەسسىلەپ ئاشقان.

ئەينى زاماندا سەلجۇقىلار خانلىقىنىڭ تېررىتورىيىسى غەرپتە ئوتتۇرا يەر دېڭىزى قىرغىقىغىچە، شەرقتە ھىمالايە تاغلىرىغىچە باراتتى. قاراخانىلار سۇلالىسى ۋە خارەزىم شاھلىقى دائىرىسىمۇ ئۇنىڭغا قاراشلىق ئىدى. سەلجۇقىلار خانلىقى يۈرگۈزگەن بىر قاتار ئىجتىمائى سىياسى تۈزۈملەر پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا كەڭ ۋە چوڭقۇر تەسىر قوزغىغان. شۇڭا نىزامىل مۇلكنىڭ «سىياسەتنامە» ناملىق ئەسىرى مۇشۇ دەۋرنىڭ ئومۇمى ئەھۋالىدىن ئونىۋېرسال مەلۇمات بېرىدىغان كاتتا تارىخى ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. ئۇ سەلجۇقىلار خانلىقىنىڭ پۈتكۈل قىياپىتىنى تەتقىق قىلىش جەھەتتىلا ئەمەس، بەلكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىجتىمائى، ئىقتىسادى، سىياسى تۈزۈمى، دىنى ئېتىقادى، مەدەنىيىتى ۋە تۇرمۇش ئادەتلىرى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىش جەھەتتىمۇ مۇھىم تارىخى ماتېرىياللار قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ.

نىزامىل مۇلك ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىلدە، سامانىلار سۇلالىسى

(874 - 999)نىڭ دۆلەت باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئۆرنەك قىلىپ، يەرلىك ھاكىمىيەتچىلىككە قارشى تۇرۇپ، ھوقۇق مەركەزلەشكەن ھاكىمىيەتنى بەرپا قىلغان. ئۇنىڭ بۇ تەدبىرى ئەينى ۋاقىتتا ئىجتىمائىي ئىقتىسات ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە بەلگىلىك ئىجابىي رول ئوينىغان.

«سىياسەتنامە»نىڭ يېزىلىش سەۋەبى ۋە جەريانى توغرىسىدا مۇنداق رىۋايەت بار: ھىجرىيىنىڭ 484 - يىلى (مىلادى 1091 - 1092 - يىللىرى) سۇلتان مالىك شاھ ئوردىدىكى ئالىي دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنى ۋە دانىشمەنلەرنى چاقىرىپ، ئۇلارغا دۆلەتنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى، ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر، بۇرۇنقى پادىشالار ۋە ھازىرقى زاماندىكى پادىشالارنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش تەدبىر - چارىلىرى، تەجرىبىلىرى، ئەلنى باشقۇرۇشنىڭ قانۇن - پەرمانلىرى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك ئىشلار توغرىسىدا بىردىن كىتاپ يېزىپ چىقىشنى خىتاپ قىلغان، ئوردا ئەمەلدارلىرى، قازى، دانىشمەنلەر شاھنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئاساسەن ھەر بىرى بىردىن كىتاپ يېزىپ چىقىپ، ئۇنى سۇلتانغا تەقدىم قىلغاندا، يېزىلغان كىتاپلار ئىچىدىن نىزامىل مۇلكىنىڭ «سىياسەتنامە» ناملىق كىتاۋى سۇلتانغا ياققان. شاھ كىتاپنى كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن، نىزامىل مۇلكنى چاقىرىپ ئۇنىڭغا: «كىتاپ دەل ئويلىغىنىمدەك يېزىلىپتۇ، مەن بەك خۇرسەن بولدۇم، يەنە بىر قېتىم تولۇقلاپ چىق، مەن ئۇنى ئۆزەمگە دەستۇر قىلىپ، شۇ بويىچە ئىش ئېلىپ بارىمەن» دىگەن. مەلۇماتلارغا قارىغاندا، «سىياسەتنامە» دەسلەپتە 39 باپلىق بولۇپ، نىسبەتەن ئاددى ۋە ئىخچام يېزىلغان ئىكەن، سۇلتاننىڭ يولىيورۇقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، نىزامىل مۇلك قايتا قەلەم تەۋرىتىپ، ئاۋالقى باپلارنى تولۇقلاپ يېزىشتىن سىرت، يەنە 11 باپ يېڭى مەزمۇننى قوشقان. مىلادى 1092 - يىللىرى نىزامىل مۇلك ئىسپاھاندىن باغداتقا بېرىش ھارپىسىدا، «سىياسەتنامە»نىڭ ئاخىرقى پۈتكەن نۇسخىسىنى سۇلتان كۇتۇپخانىسىنىڭ كاتىۋى ئەلمەغىبرىبىگە تاپشۇرۇپ، ئۇنىڭدىن سۇلتانغا بېرىشنى تاپىلىغان. نىزامىل مۇلك باغدات سەپىرىدە بەختكە قارشى سۇيىقەستكە ئۇچرىغان، بۇ مەزگىلدە ۋەزىيەت قالايمىقانلىشىپ كەتكەنلىكتىن، كۇتۇپخانە كاتىۋى مىلك تەستە پۈتكەن «سىياسەتنامە»نى سۇلتانغا بېرىشكە پېتىنالمىغان. نىزامىل مۇلك ۋاپات بولۇپ ئارىدىن 14 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، يەنى مالىك سۇلتاننىڭ ئوغلى شاھزادە مۇھەممەت تەختكە چىققاندىن كېيىن، كىتاپ ئۇنىڭغا تاپشۇرۇلغان ۋە نەشر قىلدۇرۇلغان.

«سىياسەتنامە» مۇقەددىمە ۋە خاتىمىدىن باشقا 50 بابقا بۆلۈنگەن بولۇپ، مۇقەددىمىسى بىلەن خاتىمىسىدە ئاپتورنىڭ ھاياتى، پائالىيىتى، «سىياسەتنامە»نىڭ يېزىلىش سەۋەبى، جەريانى، كىتاپنىڭ مۇندەرىجىسى، قىسقىچە مەزمۇنى ۋە ئاپتورغا بېغىشلانغان مەدھىيە شېئىرلىرى بېرىلگەن. 50 باپنىڭ ھەر بىرىدە، جەمىيەت ۋە

ئەل باشقۇرۇشقا ئائىت بىر قاتار مۇستەقىل مەزمۇن ۋە ئاپتورنىڭ كۆز قارىشى بايان قىلىنغان. كىتاپ مەزمۇن ۋە قۇرۇلما جەھەتتىن مۇكەممەل مەنتىقىلىققا ئىگە بولۇپ، سىياسى ئىقتىسات، ھەربى ئىشلار دىپلوماتىيە، دىن، مەدىنىيەت، ئۆرپ-ئادەت قاتارلىق ئىنتايىن كەڭ مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئاپتور ئۆزىنىڭ جەمىيەت ۋە ھاكىمىيەت توغرىسىدىكى قارىشىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن مول ماتىرىياللارنى ئىشلەتكەندىن باشقا، تارىخى ھېكايىلار، رىۋايەت توغرىسىدىكى رىۋايەت، ھېكمەتلەردىن كۆپ نەقىل كەلتۈرۈپ، ئۆز ئەسىرىنىڭ مەزمۇنى ۋە تەسىر كۈچىنى كۈچەيتكەن.

سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىمى ۋ. ن. زاخودېرا «سىياسەتنامە»نى تۇرلەر بويىچە 175 ئابزاسقا ئايرىپ چىققان. ئۇ كىتاپنىڭ يېزىلىش سەۋەبى، جەريانى ۋە ئونىۋېرسال مەزمۇنىنى 6 ئابزاسقا، ئاساسى نەزىرىيە قىسمىنى 73 ئابزاسقا، نەقلىيات ۋە ئاساسى نەزىرىيە يەشمە مىساللىرىنى 96 ئابزاسقا بۆلگەن.

«سىياسەتنامە» دە ئاببासىلار خەلىپىلىگى، غەزنەۋىلەر سۇلالىسى، سەلجۇقىلار سۇلالىسى ۋە دىنى توقۇنۇشلار بايان قىلىنغاندىن سىرت، قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ تارىخى ۋە رىيال ئەھۋالىمۇ كۆپ ئورۇن ئالغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە لىياۋ، سۇڭ خاندانلىقلىرىغا ئائىت خاتىرىلەر (مۇھىمى سودا ئالاقىسى جەھەتتە)مۇ كىتاپتىن مۇناسىپ ئورۇن ئالغان.

«سىياسەتنامە» دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن، خېلى كەڭ تارقالغان XIII ئەسىردە يېزىلغان ئەسەرلەر، ئۇنىڭدىن كۆپ ماتىرىياللارنى ئالغان. مەسىلەن: ئىبىن ئىسپان دىيارنىڭ «نەبەرىستان يىلنامىلىرى»، زاكارىيە كازىۋىنىنىڭ جۇغ-راپىيە ئەسەرلىرىدە بۇ نۇقتا گەۋدىلىك كۆرۈلىدۇ. كېيىنكى چاغلاردىمۇ نۇرغۇن يازغۇچىلار «سىياسەتنامە»نى مۇھىم ماتىرىيال مەنبەسى قىلىپ بەھىر ئالغان.

XVII ئەسىرگە كەلگەندە، ئاتاغلىق كاتولوگىك ھاجى ئارىف «سىياسەتنامە» نى كىتاپلار كاتولوگىگە كىرگۈزۈپ، ئۇنىڭغا يۇقۇرى باھا بەرگەن. ياۋرۇپا «سىياسەتنامە»دىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ناھايىتى قىزىققان. فرانسىيە شەرقشۇناسى دېبېلۇ XVII ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا «سىياسەتنامە»نى تەپسىلى تونۇشتۇرغان، كېيىنىرەك «سىياسەتنامە»نىڭ بىر قىسىم شەرق نۇسخىلىرى ياۋرۇپاغا كىرىشكە باشلى-غان، «سىياسەتنامە» 1881 - يىلى بىرىتانىيە مۇزېيى نەشرقىلغان پارس تىل - يېزىقىدىكى قول يازمىلار كاتولوگىنىڭ ئىككىنچى قىسمىغا كىرگۈزۈلگەن. 1891 - يىلى ك. سېھىفېر «سىياسەتنامە»نىڭ 1091 - يىلىدىكى ئەڭ دەسلەپكى قول يازما نۇسخىسىنى ژورنالدا ئېلان قىلغان، ھەمدە 1893 - يىلى ئۇ بىرىتانىيە مۇزېيى ۋە بېرلىن مۇزېيىدا ساقلانغان قول يازما نۇسخىسىغا ئاساسەن، ئۇنى فرانسۇزچىغا تەرجىمە قىلغان. ئەسلى نۇسخىسى بىلەن فرانسۇزچە تەرجىمىسىنىڭ ئېلان قىلىنىشى بىلەن تەڭ «سىياسەت-

نامە» دۇنيا ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ دىققەت ئېتىۋارىنى قوزغىغان. ئې. بىروۋېل 1906 - يىلى نەشر قىلغان «پارس ئەدەبىياتى تارىخى» دىگەن كىتاۋىنىڭ ئىككىنچى قىسمىدا «سىياسەتنامە»نى تىلغا ئېلىپ: «بۇ كىتاپ ھازىر پارس تىلىدا يېزىلغان نەسرى ئەسەرلەر ئىچىدە ئەڭ قىممەتلىك، ئەڭ قىزىقارلىق كىتاپتۇر» دەپ يۇقۇرى باھا بەرگەن. 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ، ھەر قايسى ئەل ئالىملىرى «سىياسەتنامە»دىكى ماتىرىياللاردىن كەڭ پايدىلىنىپ، ئوتتۇرا ئاسىياشۇناسلىق تەتقىقاتىنى قانات يايدۇرغان. ئا. كىرىستېنسىن «ساسانىلار تارىخى»دا، بارتولد «توركىستان» ناملىق ئەسىرىدىمۇ «سىياسەتنامە»دىن كەڭ ماتىرىيال ئالغان. بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىجتىمائى تۈزۈمىنى تەتقىق قىلغۇچىلار «سىياسەتنامە»دىن بىرىنچى قول ماتىرىيالغا ئېرىشىپ كەلگەن. شۇڭا بۇ كىتاپ كىشىلەرنى بارغانسېرى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن رۇس، ئىنگىلىس تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىشقا باشلىغان.

1949 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى ۋ. ن. زاخۇلېرانىڭ تەرجىمىسى ۋە يەشمىسى بويىچە «سىياسەتنامە»نى نەشر قىلدى. بۇنىڭدا تەرجىمان ك. سېھىفېرنىڭ كۆچۈرۈلمە نۇسخىسىنى ئاساس قىلغاندىن باشقا يەنە 1934 - يىلى تېھراندا نەشر قىلىنغان نۇسخىسى، سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرق - شۇناسلىق تەتقىقات ئىنىستىتوتىدىكى كۆچۈرۈلمە نۇسخىسى ۋە لېنىنگىرات دۆلەتلىك كوتۇپخانىسىدا ساقلانغان يەنە بىر خىل قول يازما نۇسخىسى قاتارلىقلاردىنمۇ پايدىلانغان، زۆرۈر يەرلەرگە تەپسىلى دەلىللەش، ئىزاھلاش ئېلىپ بارغان ھەمدە تەتقىقات خاراكتىرلىك ئۇزۇن مۇقەددىمە يازغان. 1960 - يىلى ن. داركې «سىياسەتنامە»نى ئىنگلىسچىغا تەرجىمە قىلىپ، لوندۇندا نەشر قىلدۇردى ھەمدە ئۇنى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى مائارىپ ئورگىنى ئۇيۇشتۇرغان «دۇنيادىكى مەشھۇر ئەسەرلەر پارس كىتاپلىرى» ئىچىگە كىرگۈزدى.

«سىياسەتنامە» بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئوتتۇرا ئاسىياشۇناسلىق تەتقىقاتىدا قىممەتلىك كىلاسسىك تارىخى ئەسەرلەرنىڭ بىرى ھىساپلىنىدۇ.

# تۈركىيە بۇرژۇئا ئىنقىلاۋى ۋە مۇستاپا كامال

م. روزىيوف

## 1

تېرىتورىيىسى ئاسىيا، ياۋرۇپا ۋە ئافرىقا قىتئەلىرىگە تۇتاشقان ئوسمان فېئودال ئىمپېرىيىسى XIX - ئەسىرنىڭ ئاخىرى بولۇپمۇ XX - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ھەر جەھەتتىن زاۋاللىققا يۈز تۇتتى. بالقان يېرىم ئارىلى ۋەقەسى تۈپەيلىدىن 1914 - يىلى پارتلىغان بىرىنچى دۇنيا جاھانگىرلىك ئۇرۇشىغا تۈركىيەمۇ قاتناشتى. ئۇرۇش جەريانىدا تۈركىيە گەرچە گېرمانىيىنىڭ ئىتتىپاقچىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان بولسىمۇ، لېكىن، ماھىيەتتە گېرمانىيىنىڭ يېرىم مۇستەملىكىسىگە ئايلىنىپ قالغان ئىدى. شۇڭا تۈركىيە - «ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر» دەپ ئاتالغان گېرمانىيە، ئاۋىستىرىيە - ۋېنگىرىيە قاتارلىق جاھانگىرلىك گۇرۇھى تەرىپىدە تۇرۇپ «ئانتانتا» دەپ ئاتالغان ئەنگلىيە، فىرانسىيە، رۇسىيە، ئىتالىيىدىن ئىبارەت جاھانگىرلارغا قارشى ئۇرۇشقا قاتناشتى. بۇ ئۇرۇش ئىككىلا تەرەپ ئۈچۈن ئېيتقاندا ھەم جاھانگىرلىك ھەم ئادالەتسىزلىك ئۇرۇش ئىدى. لېكىن باشقا جاھانگىر دۆلەتلەرگە قارىغاندا تۈركىيە ئاجىز ئىدى. شۇڭا تۈركىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ كەڭ تېرىتورىيىلىرىنى ئاللىقاچان بۆلۈشۈپ ئېلىشقا كىرىشكەن «ئانتانتا» دۆلەتلىرى 1915 - يىلى 3 - ئايدا تۈركىيەنى بۆلۈۋېلىش توغرىسىدا مەخپىي كېلىشىم تۈزۈشكەن ئىدى. ئۇلار تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ 1916 - يىلى 4 - ئايدا تۈركىيىنىڭ ئاسىيا قىتئەسىدىكى تېرىتورىيىسىنى بۆلۈۋېلىش توغرىسىدا يەنە بىر مەخپىي كېلىشىم تۈزۈپ: ئىستامبول بىلەن ئاناتولىيىنىڭ بىر قىسمىنى رۇسىيىگە، پەلەستىن بىلەن مىسوپوتامىيىنى ئەنگلىيىگە، سۇرىيە ۋە ئاناتولىيىنىڭ ئوتتۇرا جەنۇبىي قىسمىنى فرانسىيىگە، تۈركىيىنىڭ ئەتراپىدىكى 12 ئارالنى ئىتالىيىگە بۆلۈپ بەرمەكچى بولۇشى — ئاخىرقى ھېساپتا تۈركىيىنى مىللىي كىرىزىسكە ئېلىپ كەلدى ۋە ئۇنىڭ تەقدىرى بارغانسېرى خەۋپكە قاراپ يۈزلەندى.

بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى تۈركىيە ئۈچۈن ئىككى ئېغىر ئاقىۋەت ئېلىپ كەلدى: بىرى، 1918 - يىلى 10 - ئاينىڭ 30 - كۈنىدىكى ئۇرۇش توختۇتۇش

«مۇدىرس كېلىشىمى» بولۇپ، بۇ ماھىيەتتە تۈركىيىنىڭ بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولغانلىقىنى كۆرسەتتى. كېلىشىم بويىچە تۈركىيىنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن ئەڭ زۆرۈر بولغان دەردانېل بوغۇزى ۋە فوسفور بوغۇزى ئانتانتا دۆلەتلىرىنىڭ ئەركىن باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلىپ، تۈركىيە ئارمىيىسى تارقىتىۋېتىلدى ۋە پۈتۈن ھەربىي پاراخوتلار بىلەن ھەربىي ئىسكىلاتلار ئانتانتا دۆلەتلىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا بېرىلدى. بۇ كېلىشىمنىڭ ئەڭ قەبىھ يېرى شۇكى، زۆرۈر تېپىلغاندا ئانتانتا دۆلەتلىرى تۈركىيىنىڭ بارلىق مۇھىم ھەربىي بازىلىرىنى ئىگىلەيدۇ ۋە تۈركىيىدە بىر يۈز 7 مىڭدىن كۆپرەك ئەسكەر تۇرغۇزىدۇ دېگەن بەلگىلىمە بولدى.

كېلىشىمدىن كېيىنلا ئانتانتا دۆلەتلىرىنىڭ 60 دىن ئارتۇق ھەربىي پارخودى دەردانېل ۋە فوسفور بوغازلىرىغا كېلىپ ئورۇنلاشتى. ئەنگلىيە قوشۇنلىرى ئىستامبۇل، ئۇرفا، موسول ..... قاتارلىق شەھەرلەرنى ئىگەللىدى. بۇنىڭ بىلەن ئەنگلىيە جاھانگىرلىگى بىر تەرەپتىن يېڭىلا دۇنياغا كەلگەن سوۋېت ھاكىمىيىتىگە قارشى بازا قۇرماقچى بولغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن شەرقتىكى ھىندىستان، ئافغانىستان، ئىراقتىن ئىبارەت مۇستەملىكىلىرىگە تۈركىيىنى قوشۇۋالماقچى بولدى. خۇسۇسەن، تۈركىيىنىڭ ئاناتولى رايونىدا باش كۆتىرىپ چىقىۋاتقان مىللى ئازاتلىق ھەركىتىنى باستۇرۇۋېتىش ئۈچۈن ئەنگلىيە 1919 - يىلى گىرىتسىيىنى قۇترىتىپ تۈركىيىگە تاجاۋۇز قىلدۇرۇپ، تۈركىيىنىڭ مىللى كىرىزىسىنى يەنىمۇ ئېغىرلاشتۇردى.

يەنە بىرى 1920 - يىلى 8 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىكى «سەۋىر» كېلىشىمىنىڭ ئىمزالىنىشى بولۇپ، بۇ كېلىشىمگە ئاساسەن تۈركىيىنىڭ بېقىندى يەرلىرىدىن سۈرىيە، لىۋان پەلەستىن، ئىراق قاتارلىق جايلارنى، ئىستامبولدىن باشقا ياۋروپا قىسمىنى، ئىسمىر ئۆلكىسىنى، ئاناتولىنىڭ شەرقى ۋە جەنۇبى قىسمىنى، دېڭىز ياقىسىدىكى ئارالارنى ـ ئەنگلىيە، فىرانسىيە، ئىتالىيە، گىرىتسىيىلەر بۆلۇشۇۋالدى. شۇنداق قىلىپ ئوسمان ئىمپېرىيىسى تېررىتورىيىسىنىڭ $\frac{4}{5}$ قىسمى قولدىن كەتتى. بۇ كېلىشىمدە يەنە، تۈركىيىنىڭ پەقەت 50 مىڭ ئەسكىرى بولىدۇ. ئارتىللېرىيە (توپچى قىسىم) ۋە ئېغىر قۇراللىق قوشۇنى بولمايدۇ، ئاۋىئاتسىيىسى چەكلىنىدۇ، پەقەت ئادەتتىكى 6 پاراخوتلا ساقلىنىپ قالىدۇ دەپ بەلگىلەندى. شۇنىڭ ئۈچۈن «سەۋىر» كېلىشىمى تۈركىيە ئۈچۈن ئەڭ ياۋۇز كېلىشىم بولۇپ، تۈركىيە خەلقىنى چەكسىز ھاقارەت ۋە مۇسىبەتكە سالدى. «سەۋىر» كېلىشىمگە ئىمزا قويۇلغان 8 - ئاينىڭ 10 - كۈنى پۈتۈن تۈركىيە خەلقى ماتەمگە چۆمۈپ مەملىكەتنىڭ ھەممە يېرىدە شۇ كۈنى چىقىدىغان گېزىتلەرگە قارا ماتەم سىزىقى

سىزىلدى، ئۆيۈن - تىياتىرلار توختىتىلدى، دۇكانلار تاقالدى، مۇسۇلمانلار نامازلىرىدا خۇداغا نالە قىلىشتى ........

تۈركىيىنىڭ سىياسى جەھەتتىكى مىللى كىرىزىسى، ئىقتىسادىي كىرىزىس بىلەن گىرەلىشىپ ئەسلىدىكى مىللى كىرىزىسنىڭ سالمىقىنى يەنىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى. مەسىلەن: بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا 2 مىليون قاۋۇل ياشلارنىڭ ئەسكەرگە ئېلىنىشى بىلەن دېخانچىلىقنىڭ ھەممە ئېغىر ئەمگەكلىرى ئاياللار، قىزىلار ۋە باللارغا قالغان ئىدى. ئەر - ئاياللار، قىزلار ۋە باللار ئۆزلىرى ساپان سۆرەپ دېخانچىلىق قىلىشتى. بۇ ھال دېخانچىلىق مەھسۇلاتىنى كېمەيتىۋەتتى. 1917 - يىلقى ئاشلىق تېرىلغۇسى 1913 - يىلغا قارىغاندا بىر يېرىم ھەسسە كېمىيىپ كەتتى؛ تۈركىيىنىڭ دۇنياغا مەشھور تاماكا، پاختا ۋە مېۋە ئىشلەپچىقىرىشى 1913 - يىلدىكىدىن 50 — 70 پىرسەنت ئازىيىپ كەتتى؛ 1914 — 1917 - يىللار ئارىلىقىدا چارۋا ماللىرى 45 مىليون تۇياقتىن 19 مىليون تۇياققا چۈشۈپ قالدى؛ 1913 — 1918 - يىللاردا بولكىنىڭ باھاسى 50 ھەسسە، گۆشنىڭ باھاسى 20 ھەسسە، گۈرۈچنىڭ باھاسى 30 ھەسسە، سېرىق مايىنىڭ باھاسى 25 ھەسسە ئۆرلەپ كەتتى ①. دېمەك، 1918 - يىللىرى تۈركىيىنى ئاچارچىلىق، نامراتلىق قاپلاپ، خەلق يېرىم ئاچ - يېرىم توق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى.

بۇنىڭدىن باشقا يەنە، بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا تۈركىيىلىكلەردىن 50 مىڭ كىشى ئۆلۈپ، 4 يۈز مىڭ كىشى يارىدار بولدى. دوختۇرخانىدا ياتقان، پانا ئىزدەپ چىقىپ كەتكەن ۋە ئىزسىز يوقالغانلار بىر مىليون 560 مىڭ كىشى بولۇپ، بۇنىڭغا ئاچلىق ۋە كېسەلدىن ئۆلگەنلەرنى قوشقاندا 2 مىليون 5 يۈز مىڭ كىشى چىقىمدار بولدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى مىللى كىرىزىس ۋە ئىقتىسادى كىرىزىس بىلەن قوشۇلۇپ تۈرك خەلقىنى بالايى - قازا گىرداۋىغا كەلتۈرۈپ قويدى. بۇ مەزگىل تۈركىيىدە تۈرك مىللىتى بىلەن چەتئەل جاھانگىرلىرى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت، ئەڭ چوڭ زىددىيەتكە ئايلىنىپ قالغان ئىدى. تۈرك خەلقىنى چەتئەلنىڭ مۇنقەرزىدىن قۇتۇلدۇرۇش، مىللى مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش تۈركىيە خەلقىنىڭ ئالدىدىكى ئەڭ زور ۋەزىپىلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. بۇنداق ھالقىلىق پەيتتە، چەتئەل جاھانگىرلىرىنى تۈركىيىدىن قوراللىق قوغلاپ چىقىرىپ، ۋەتەننىڭ مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈشتەك بۇ ئۇلۇغ، مۇشكۇل ۋەزىپىنى كىم ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك؟

بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە تۈركىيە ئىشچىلىرى ئاران 60 - 70 مىڭ ئەتراپىدا بولۇپ، سانائەت ئىشچىلىرى يوق دېيەرلىك ئىدى بولغانلىقىمۇ

① يىلق شۈجى ھەۋستاپا كامال ئىنقىلاۋى ۋە كامالىزىم توغرىسىدا»، 6 - بەت.

ئۇلار، چەتئەل جاھانگىرلىرى ئىگەللىۋالغان دېڭىز ياقىسىدىكى شەھەرلەرگە جاي-
لاشقان بولۇپ، سىياسى ۋە تەشكىلى جەھەتتە ھەم ئاجىز ھەم پىشمىغان ئىدى.
تۈركىيە كوممۇنىستىك پارتىيىسى گەرچە 1920 - يىللاردا قۇرۇلغان بولسىمۇ لې-
كىن خەلق ئىچىدە ئىناۋىتى تۆۋەن ئىدى. يېزىلاردا، چەتئەل جاھانگىرلىرى ۋە
فېئوداللارنىڭ ئىزىشىگە قارشى دېھقانلارنىڭ قوراللىق كۆرەشلىرى خېلى بۇرۇنلا
باشلانغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ قوراللىق كۆرەشلىرى تارقاق، تەشكىللىنىشچانلىقى
ئاجىز ۋە ئورتاق نىشانغا ئىگە ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، تۈركىيە خەلقىنى
قوراللاندۇرۇپ، ئۇلارغا يېتەكچىلىك قىلىپ، چەتئەل جاھانگىرلىرىنى تۈركىيىدىن
قوغلاپ چىقىرىپ مىللى مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ ۋەزىپىنى
تۈركىيە ئىشچىلار سىنىپى ئۈستىگە ئالالمايتتى. لېنىننىڭ: «غەرب بۇرژۇئازىيىسى ئال-
لىقاچان چىرىكلەشتى، ئۇنىڭ ئالدىدا ئۇلارنى گۆرگە تىققۇچى پرولېتارىيات تۇ-
رۇپتۇ، ئاسىيا - ئافرىقىدا بولسا، ھەقىقەتكە، كۆرەشچانلىققا ۋە ئۇزۇل - كېسىل دې-
موكراتىزىمغا ۋەكىللىك قىلالايدىغان بۇرژۇئازىيە سىنىپى تېخى بار ......» ①
دېگىنىدەك، تۈركىيە مىللى بۇرژۇئازىيىسى شۇ تارىخى شارائىتتا تۈركىيە جەمىي-
تىنىڭ ئىلغار كۈچىگە ۋەكىللىك قىلالاتتى. شۇڭا بۇ ۋەزىپىنى پەقەت، ئەمدىلا
باش كۆتۈرۈپ گۈللىنىۋاتقان، ئىقتىسادى جەھەتتىن كۈچىيىپ، سىياسى جەھەتتىن
جانلىنىپ، تەشكىلى جەھەتتىن مۇستەھكەملىنىۋاتقان ۋە ئاناتولىيە بۇرژۇئازىيىسىنى
ئاساس قىلغان تۈركىيە بۇرژۇئازىيىسىلا ئۈستىگە ئالالايتتى. چۈنكى بىرىنچى دۇن-
يا ئۇرۇشىدا چەتئەللەردىن تۈركىيىگە ئىمپورت قىلىنىۋاتقان ئىستىمال بويۇملىرى
تامامەن توختاپ قالغىنى ئۈچۈن، تۈركىيە مىللى بۇرژۇئازىيىسى، ئالدى بىلەن
ئاناتولىيىنىڭ سودا بۇرژۇئازىيىسىنى ئاساس قىلغان مىللى بۇرژۇئازىيە تۈرلۈك
يەرلىك سانائەتلەرنى قۇرۇپ ۋە تەرەققى قىلدۇرۇپ ئىقتىسادى ۋە سىياسى جە-
ھەتتىن كۈچىيىشكە باشلىدى. شۇنداق بولغىنى ئۈچۈن تۈركىيىنىڭ سىياسى، ئىق-
تىسادى مەركىزى بىيروكرات بۇرژۇئازىيىنىڭ ئۇۋىسى بولغان ئىستامبۇلدىن ئاناتو-
لىيىگە كۆچتى. يىغىپ ئېيتقاندا، تۈركىيە مىللى بۇرژۇئازىيىسى سىياسى، ئىقتىسا-
دى جەھەتتىن زورىيىپ جاھانگىرلىككە قارشى مىللى مۇستەقىللىق بايرىقىنى
ئىگىز كۆتەرگىنى ئۈچۈن، تۈركىيە مىللى ئازاتلىق كۆرىشىنىڭ رەھبەرلىك ۋەزى-
پىسى شۇلارنىڭ قولىغا چۈشتى. ماركس: «ھەر بىر ئىجتىمائى دەۋرنىڭ ھەممىسىدە
ئۆزىگە خاس ئۇلۇق ئەربابى بولۇشى كېرەك، ئەگەر مۇنداق ئەرباپ بولمىسا،
دىمەك مۇنداق ئەرباپنى يارىتىش شەرت» ② دېگىنىدەك، تۈركىيىنىڭ شۇ چاغ-

① لېنىن «تاللانما ئەسەرلىرى» 2- توم 425 - بەت.
② «ماركس ئېنگېلس توپلاملىرى» 1 - توم 450 - بەت.

دىكى ئىجتىمائى دەۋرىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ۋە تۈركدۆلىتىنى مىللى كىرىزىستىن قۇتۇلدۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىدىغان بىر ئۇلۇق ئەرباپ لازىم ئىدى. مانا شۇنداق تارىخى شارائىت تۈركىيە جەمىيىتىدە بۇرژۇئا ئىنقىلاپچىسى مۇستاپا كامالنى يېتىشتۈردى.

## 2

مۇستاپا كامال 1881 - يىلى تۈركىيىنىڭ سالانىك شەھرىدىكى كىچىك سودا بۇرژۇئازىيىسى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ يەتتە يېشىدىلا ئاتىسىدىن ئايرىلىپ ئانا تەربىيىسىدە بولغان. كىچىكىدىلا ھەربىيلىككە خوشتار بولغاچقا، باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ 12 يېشىدا ئانىسىدىن يوشۇرۇن ھالدا تولۇقسىز ھەربى مەكتەپكە كىرگەن، ئارقىدىنلا ئىستامبولدىكى ھەربى ئوفىتسېرلار ئىنستىتۇتىغا ئىمتىھان بېرىپ ئوقۇشقا كىرگەن. مۇستاپا كامالنىڭ ئوقۇغۇچىلىق دەۋرلىرىدە ماتېماتىكا نەتىجىسى ناھايىتى ياخشى بولۇپ، تارىخ، ئەدەبىيات دەرسلىرىگىمۇ بەك قىزىقاتتى. مۇستاپا كامال بۇ مەكتەپنى گەرچە شاڭۋى (پرۇچىك) ئۇنۋانى بىلەن ياخشى پۈتتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئوقۇشىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى بەزى ساۋاقداشلىرى بىلەن بىللە تۈرك سۇلتانلىقىنىڭ قاراڭغۇ تەرەپلىرىنى ئاشكارىلايدىغان يوشۇرۇن گېزىت چىقىرىشقا قاتناشقىنى ئۈچۈن خىزمەتكە چىقىپ 3 ئايدىن كېيىن قولغا ئېلىنغان ۋە تۈرمىدىن چىقىپ سۈرىيىنىڭ دەمەشىق شەھرىگە ھەربى ۋەزىپىگە ئەۋەتىلگەن. ئۇ بۇ يەردىمۇ بىر بۆلۈم ياش ئوفىتسېر، دوختۇر ۋە زىيالىلار بىلەن بىللە «ۋەتەن ۋە ئەركىنلىك جەمىيىتى» نى قۇرغان. كېيىن، ياش تۈرك پارتىيىسى بىلەن ئالاقىلىشىپ تۇرۇشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن 1907 - يىلى ئۆز يۇرتى سالانىك شەھرىگە قايتىپ كېلىپ 3 - ئارمىيىنىڭ مەسلىھەتچىسى بولغان.

مۇستاپا كامال 1908 - يىلى ياش تۈرك پارتىيىسى قوزغىغان ئىنقىلاپقا ئاكتىپ قاتناشقان. 1909 - يىلى تۈرك سۇلتانى خەمىت II باشچىلىغىدىكى ئەكسىيەتچىلەر ھەربى زاراۋانلىق يۈرگۈزۈپ ياش تۈرك پارتىيىسىنىڭ ئادەملىرىنى تۇتقۇن قىلىشقا باشلىغاندا، مۇستاپا كامال 3 - ئارمىيە ۋە باشقا ئارمىيىنى باشلاپ ئىستامبولغا كېلىپ پادىشا قوشۇنىنى تار - مار كەلتۈرۈش بىلەن ئەنۋەر پاشا باشچىلىغىدىكى ياش تۈرك پارتىيىسىنى يەنە ھاكىمىيەت بېشىغا چىقارغان. بۇ ئىنقىلاپتا، مۇستاپا كامالنىڭ تۆھپىسى ناھايىتى زور بولسىمۇ، لېكىن ئۇ، چەتتە قالدۇرۇلغان. ئۇزۇن ئۆتمەي مۇستاپا كامال بىلەن ئەنۋەر پاشا ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ تۇغۇلغان ۋە بۇ ئىختىلاپ كەسكىنلىشىپ كەتكەنلىكتىن ئاخىرى مۇستاپا

كامال ھەربى ئىشلار بىلەنلا شۇغۇللىنىدىغان، سىياسى ئىشلارغا ئارىلاشمايدىغان بولىۋالغان.

1910 - يىلى مۇستاپا كامال ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكى بىلەن بىللە فرانسىيىگە بېرىپ كەلگەندىن كېيىن سالانىك ھەربى مەكتىۋىنىڭ مۇدىرى بولغان تۈركىيە بىلەن ئىتالىيە ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش پارتلىغاندا شىمالى ئافرىقىدىكى تىرىپولىيىگە ئەۋەتىلگەن. 1912 - 1913 - يىللاردىكى بالقان ئۇرۇشىغا قاتناشقان. 1913 - يىلىنىڭ ئاخىرىسى ئۇ بىر مەزگىل ئىستامبول ھەربى سەنموبوسىدا تۇرۇپ، 1914 - يىلىنىڭ بېشىدا بۇلغارىيىگە بېرىپ تۈركىيە كونسۇلخانىسىنىڭ ھەربى ئەمەلدارى بولۇپ ئىشلىگەن، بۇ چاغدا ئۇ پودپولكوۋنىك دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن.

1914 - يىلى يازدا پارتلىغان بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا تۈركىيە گېرمانىيىگە ئەگىشىپ ئۇرۇشقا قاتناشقانلىقتىن مۇستاپا كامال بۇنىڭغا قەتئى قارشى تۇرغان. ھەمدە ئەنۋەر پاشاغا: تۈركىيە ئۇرۇشقا قاتناشماي بىتەرەپ تۇرۇشى كېرەك ئىدى، «گېرمانىيىنىڭ ئۇرۇشتا غەلىبە قازىنىشىغا مەڭگۈ ئىشەنمەيمەن» دىگەن.

مۇستاپا كامالنىڭ سىياسى جەھەتتە ئەنۋەر پاشا بىلەن ئىختىلاۋى بولسىمۇ، لېكىن ھەربى جەھەتتە ئۇنىڭغا بويسۇناتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ، 1915 - يىلى 4 - ئاينىڭ ئاخىرى بۇيرۇققا بىنائەن ئۆز ئەسكەرلىرىنى دەردانىل بوغۇزىغا ئاپىرىپ ئۆزىگە نىسبەتەن ناھايىتى كۈچلۈك بولغان ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيىسى بىلەن جەڭ قىلغان. ئەنگلىيە بىلەن بۇ جەڭدە مۇستاپا كامال ئەنگلىيىنىڭ 4 ھەربى پاراخودىنى دېڭىزغا غەرق قىلىۋەتكەن. ئۇ، بۇ قېتىملىق جەڭدە غەلىبە قىلغاندىن كېيىن تۈركىيە ۋە ياۋروپادا چوڭ ئابرويغا ئىگە بولغان. بۇ نۆۋەت ئۇنىڭغا تۈركىيىنىڭ شۇ دەۋرىدىكى ھۆرمەت نامى «پاشا» (گېنرال) دىگەن ھەربى ئۇنۋانى بېرىلگەن.

مۇستاپا كامالنىڭ ئابروينىڭ ئۇسۇپ كېتىشىگە چىدىمىغان ئەنۋەر پاشا 1916 - 1917 - يىللىرى مۇستاپا كامالنى كاۋكاز فرونتىغا قوماندان قىلىپ بەلگىلىگەن. ئۇزۇن ئۆتمەيلا سۇرىيە - پەلەستىندىكى 7 - ئارمىيىگە قوماندان قىلىپ ئەۋەتكەن. مۇستاپا كامال بۇ جايدىكى نېمىس قوماندانى فاركىننىڭ مىللى كەمسىتىشىگە نارازى بولۇپ، ئىستامبۇلغا قايتىپ كەلگەن.

مۇستاپا كامال نېمىسلاردىن تۈركىيىگە ھېچقانداق پايدا تەگمەيدىغانلىقىنى ئاللىقاچان سەزگەن ئىدى. مۇشۇ ئىش تۈپەيلىدىن ئەنۋەر پاشا 1917 - يىلى مۇستاپا كامالنى غەرەزلىك ھالدا ھۆكۈمەت ئۆمىكىگە قوشۇپ گېرمانىيە، ئاۋىستىرىيە - ۋېنگىرىيىگە ئەۋەتىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇ، بىر مۇنچە گېرمانىيە، ئاۋىستىرىيە ۋېنگىرىيىلىك قوماندانلار بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇلارنىڭ كۆز قاراشلىرىنى بىلـ

ۋالغاندىن كېيىن: «تۈركىيە ئىزدىن گېرمانىيىدىن قول ئۈزۈشى كېرەك، بۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ ئالدى بىلەن نېمىسپەرەست ئەنۋەر پاشا ھۆكۈمىتىنى تەختتىن چۈشۈرۈش شەرت ....» دېگەن خۇلاسىغا كەلگەن.

تۈركىيىنىڭ 1918 - يىلىنىڭ ئاخىرى ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولۇپ، تەسلىمنامىگە ئىمزا قويۇشى، تېخى ئەمدىلا 10 يىل ھۆكۈم سۈرگەن ياش تۈرك پارتىيىسى سىياسىتىنىڭ ئۈزۈل - كېسىل مەغلۇپ بولۇشى، ئەنۋەر پاشا ھۆكۈمىتىنىڭ تەختتىن چۈشۈشى ① مۇستاپا كامال پەرەزلىرىنىڭ تامامەن توغرىلىقىنى ئىسپاتلىدى. كېلىشىم ئىمزالىنىپ بىر ئايدىن كېيىن مۇستاپا كامال ئىستامبۇلغا قايتىپ كېلىپ ئۇرۇشتا ۋەيران بولغان تۈركىيىنى، ئەنگلىيە بايرىقىنىڭ ئىستامبۇل ئاسمىنىدا لەپىلدەپ تۇرغىنىنى، فرانسىيە - ئىتالىيە قوشۇنلىرىنىڭ تۈرك خەلقىنى ئاياق ئاستى قىلىۋاتقانلىقىنى، تۈركىيىنىڭ يەنىلا جاھانگىرلار ئالدىدا تەقسىم قىلىنىش خەۋپىدە تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ناھايىتى ئازاپلاندى.

1919 - يىلى 5 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئەنگلىيىنىڭ قۇترىتىشى ۋە ياردىمى بىلەن گرېتسىيە ئەسكەرلىرى تۈركىيىگە تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ ئىزمىر ئۆلكىسىنى ۋە باشقا نۇرغۇنلىغان جايلارنى ئىگەللىۋالغانلىقتىن دۆلەتنىڭ پۈتۈنلىگى ۋە مىللەتنىڭ ئازاتلىقى تامامەن خەۋپ ئاستىدا قالدى. بۇ ھاقارەتكە چىدىمىغان مۇستاپا كامال قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، ئوردىدىكى ھەممە ھالاۋەتتىن قول ئۈزۈپ 3 - ۋە 9 - ئارمىيىنى كۆزدىن كۆچۈرۈش بانىسى بىلەن قارا دېڭىز بويىدىكى سامسۇن شەھرىگە كەتتى، بۇ چاغدا ئۇ 39 ياشتا ئىدى.

ئاناتولىيىگە كەلگەن مۇستاپا كامال ھەممە جايلارنى كۆزدىن كۆچۈرگەندىن كېيىن ئانتانتا گۇرۇھىدىكى جاھانگىرلارنىڭ قارا نىيەتلىرىنى پاش قىلدى ۋە ھەر خىل نامدىكى ۋەتەنپەرۋەر تەشكىلاتلارنى قۇردى. بولۇپمۇ تۈركىيىدە تەسىرى چوڭراق بولغان ھەر قايسى جايلاردىكى «ھوقوقنى ھىمايە قىلىش جەمئىيەت» لىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئاكتىپ ھەركەتلەرنى باشلىۋەتتى. مۇستاپا كامالنىڭ 1919 - يىلى 6 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئەرزۇرۇم شەھرىدىن پۈتۈن مەملىكەتكە ئەۋەتكەن «ۋەتەننىڭ پۈتۈنلىگى، مىللەتنىڭ مۇستەقىللىقى خەۋپتە قالدى» دېگەن مەزمۇندىكى 7 ماددىلىق باياناتى، بىر تەرەپتىن ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي جەھەتتىن كۈچىيىپ كېلىۋاتقان ئاناتولىيە مىللىي بۇرژۇئازىيىسىنىڭ تۇنجى خىتاپنامىسى بولغان بولسا، يە بىر تەرەپتىن مۇستاپا كامالنىڭ ئاناتولىيە ۋە پۈتۈن تۈركىيىدىكى ئىناۋىتىنى يەنىمۇ ئۆستۈردى.

ئاناتولىيىدە مۇستاپا كامال ئىناۋىتىنىڭ بارغانسېرى ئۆسۈشى ۋە ھەر قاي-

① ئەنۋەر پاشا گېرمانىيە پاراخودىغا يوشۇرۇنۇپ قېچىپ كەتكەن.

سى جايلاردا ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەركەتلەرنىڭ جانلىنىپ كېتىشى، ئىستامبولدىكى ئەنگلىيە ئەمەلدارلىرى بىلەن قورچاق سۇلتان ھۆكۈمىتىنى ساراسىمىگە سېلىپ قويدى. شۇنىڭ ئۈچۈن 1919 - يىلى يازدا سۇلتان ھۆكۈمىتى بۇيرۇق چىقىرىپ مۇستاپا كامالنى ھەربىي خىزمەتتىن ئېلىپ تاشلىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ ئىستامبولغا قايتىپ كېلىشىنى ئېلان قىلىندۇ. ۋەتەن ۋە مىللەتنىڭ تەقدىرى ئۈچۈن ئالىقاچان بەل باغلىغان مۇستاپا كامال ھېچقانداق ئوڭايسىزلانماي ئۆز خىزمىتىدىن ئىستىپا بېرىدىغانلىقىنى ھەمدە داۋاملىق ئاددىي پۇقرا سۈپىتىدە ئاناتولىيىدە قالىدىغانلىغىنى بىلدۈرۈپ خەت ئەۋەتىدۇ. ئۇنىڭ بۇ خېتى پۈتۈن ئاناتولىيىدە خۇسۇسەن «ھوقۇقنى ھىمايە قىلىش جەمئىيەت» لىرى ئىچىدە مۇستاپا كامالنىڭ ئىناۋىتىنى ئاشۇرىدۇ. 1919 - يىلى 9 - ئايدا شىۋاس شەھىرىدە ئېچىلغان پۈتۈن مەملىكەتلىك «ھوقۇقنى ھىمايە قىلىش جەمئىيىتى» ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى مۇستاپا كامال باشچىلىغىدىكى رەھبەرلىك ئورگىنىنى سايلاپ چىقىپ، مۇستاپا كامالنى «ۋەتەننىڭ ۋەكىلى» دەپ تونىدى. مۇستاپا كامالنىڭ ئاناتولىيىگە كېلىپ بارلىق ئىنقىلاۋىي تەشكىلاتلارنى بىرلەشتۈرۈپ «خەلق جۇمھۇرىيەت پارتىيىسى» قىلىپ قۇرۇپ چىقىشى، تۈركىيە جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا ئىلغار ۋە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، مۇستاپا كامالنىڭ پۈتۈن ھاياتىدا ئۆز ۋەتىنى ئۈچۈن قوشقان تارىخىي تۆھپىسى بولۇپ قالدى.

ئەنگلىيە، فرانسىيە، ئىتالىيە قاتارلىق جاھانگىرلارنىڭ تۈركىيىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا داۋاملىق زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىشى، خۇسۇسەن ئەنگلىيىنىڭ قۇترىتىشى بىلەن گرېتسىيە تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ 1919 - يىلى 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى تۈركىيىگە بېسىپ كىرىپ ئىزمىر قاتارلىق ئۆلكىلەرنى بېسىۋېلىشى ۋە كېيىن مىللىي ئازادلىق ھەركىتىنىڭ بۆشۈكى بولغان ئەنقەرەگە خەۋپ سېلىشى مۇستاپا كامالنى جىددىي تەدبىر قوللىنىشقا ئېلىپ كەلدى. ئاناتولىيىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ھەر خىل قۇراللىق قوشۇنلارنىڭ كۆرەشچانلىقىنىڭ تۆۋەنلىكىنى كۆرگەن مۇستاپا كامال ئۆزىنىڭ ئۇزۇن يىللىق مول ھەربىي تەجرىبىسىگە ئاساسەن مۇنتىزىم ئارمىيە قۇرىدۇ ۋە ئۆزى ئۇنىڭ باش قوماندانى بولىدۇ.

دەسلەپتىكى مىللىي ئازادلىق قۇراللىق كۈچلەر ۋە كېيىن قۇرۇلغان مۇنتىزىم ئارمىيە گرېتسىيە تاجاۋۇزچىلىرى ۋە باشقا جاھانگىرلارغا قارشى ئۇزۇن مۇددەت قۇراللىق كۆرەش ئېلىپ بېرىپ مۇستاپا كامالنىڭ چەۋەر قوماندانلىقى ۋە تۈرك خەلقىنىڭ باتۇرانە كۈرىشى گرېتسىيە تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ 1921 - يىل 1 - ئاي ۋە 3 - ئايدىكى ھۇجۇمىنى تار - مار كەلتۈرۈپ، دۈشمەننى چېكىندۈرىدۇ. بۇ ھەل قىلغۇچ جەڭدە مۇستاپا كامال ناھايىتى ماھىرلىق ۋە باتۇرلۇق بىلەن قوماندانلىق قىلىپ ئۆزلىرىدىن نەچچە ھەسسە كۈچلۈك بولغان دۈشمەننى يېڭەلىگىنى ئۈچۈن خەلق ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئوقۇدى؛ پارلامېنت 1921 - يىلى 9 - ئاينىڭ 19 - كۈنى

ئۇنىڭغا «فاتىيى» ① دېگەن ھۆرمەت نامىنى ۋە مارشال دېگەن ھەربى ئۇنۋانىنى بەردى. مۇستاپا كامال ھەربى جەھەتتىن بىر مەزگىل تەييارلىقنى پۈتتۈرۈۋالغاندىن كېيىن 1922 - يىلى 8 - ئاينىڭ 25 - كۈنى گىرېتسىيە تاجاۋۇزچىلىرىغا قارىتا كۈچلۈك قايتارما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، 22 كۈن قاتتىق جەڭ قىلىش ئارقىلىق دۈشمەننى تۈركىيە تۇپرىقىدىن تامامەن قوغلاپ چىقىرىپ، ئۇلارنىڭ بىر باش قوماندانى بىلەن 40 مىڭ ئەسكىرىنى ئەسىرگە، 200 زەمبىرەك، 3000 پىلىموت، 15 ئايروپىلان ۋە باشقا ھەربى قوراللارنى غەنىيمەت ئالدى. ② قىسقىسى، مۇستاپا كامال رەھبەرلىكىدىكى تۈركىيە مىللى ئازاتلىق قوشۇنى تۆت يىلغا يېقىن جاپالىق كۈرەش ئېلىپ بېرىپ، ئەنگلىيە، فرانسىيە ۋە گىرېتسىيە قاتارلىق جاھانگىرلارنى تۈركىيىدىن تولۇق تازىلاپ چىقىرىپ، ئاخىرى مىللى مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈردى. تۈركىيە سۇلتانى مەھەممەت VI ئەنگلىيە پاراخودىغا يوشۇرۇنۇپ مالتا ئارىلىغا قېچىپ كەتكىنى ئۈچۈن، تۈركىيە پارلامېنتى ئۇنى 1922 - يىلى 11 - ئايدا ۋەتەن خائىنى دەپ ئېلان قىلىش بىلەن بىللە سۇلتانلىق تۈزۈمىنىمۇ بىكار قىلىنغانلىقىنى ئېلان قىلدى.

1923 - يىلى 1 - ئايدا شۋېتسارىيىنىڭ لوزاننا شەھىرىدە ئېچىلغان خەلقارا يىغىندا ئەنگلىيە، فرانسىيە، ئامېرىكا قاتارلىق جاھانگىر دۆلەتلەر ئۆزلىرىنىڭ تۈركىيىدىكى مەغلۇبىيىتىگە تەن بېرىپ، ئۆز ۋاقتىدا تۈركىيىنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئاياق ئاستى قىلغان «سەۋىر» كېلىشىمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا مەجبۇر بولدى ۋە يېڭى تۈركىيىنى «مۇستەقىل دۆلەت» دەپ ئېتىراپ قىلدى.

1923 - يىلى 10 - ئاينىڭ 29 - كۈنى تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى جاكالىنىپ مۇستاپا كامال ئۇنىڭ بىرىنچى پرېزىدېنتى (زۇڭتۇڭى) بولدى. بۇنىڭ بىلەن 600 يىل ھۆكۈم سۈرگەن فېئودال ئوسمان ئىمپېرىيىسى تامامەن ئاياقلىشىپ، تۈركىيە ئىنقىلاۋى يەنى مۇستاپا كامال ئىنقىلاۋىنىڭ بىرىنچى باسقۇچى تولۇق غەلىبىگە ئېرىشتى. ئۇ، پۈتۈن دۇنيادا، خۇسۇسەن شەرقتىكى مۇستەملىكە ۋە يېرىم مۇستەملىكە ئەللىرىدە ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر قوزغىۋەتتى. دۇنيادىكى ئىلغار زاتلار تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىگە، مۇستاپا كامالغا ناھايىتى چوڭقۇر ھۆرمەت بىلدۈردى.

## 3

مۇستاپا كامالنىڭ قوراللىق ئىنقىلاۋى، يەنى ئىنقىلاپنىڭ بىرىنچى باسقۇچى تولۇق غەلىبىگە ئېرىشىپ، تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن دۆلەت

---

① «فاتىيى»، - دايىم غەلىبە قىلغۇچى مەنىسىدە

② ن، جى، گرىتسون «گرىتسىيە - تۈركىيە ئۇرۇشى»، 1940 - يىلى نەشرى، 43 - بەت.

ناھايىتى قالاق، خەلق ناھايىتى نامرات ئىدى. ئۇرۇشتىن كېيىنكى تۈركىيىدە شەھەرلەر خارابىگە، يېزىلار چۆللۈككە ئايلانغان، خەلق ئىنتايىن نادان — مە- دەنىيەتسىز بولۇپ، ئەرلىرى ئۈستىگە ئاق پەردىجە چاپان، باشلىرىغا قىزىل كولا كىيگەن، يالاڭ ئاياق يۈرۈشەتتى؛ ئاياللىرى ئۈستىگە پۈركەنچە ئارتقان، يۈزىگە چۈمپەردە تارتقان، سايلام ھوقۇقىمۇ بولمىغان، تامامەن خوراپاتلىققا پاتقان بور- لۇپ، باللار پەقەت دىنى مەكتەپلەردىلا ئوقۇيتتى، زامانىۋى مەكتەپلەردىيەرلىك يوق ئىدى؛ دىخانلارنىڭ كۈنى ناھايىتى ئېغىر، ئاساسەن يېرىم ئاچ - يېرىم توق ياشايتتى. يىغىپ ئېيتقاندا، تۈركىيە مەيلى ماددىي، مەيلى مەنىۋى جەھەتتە بول- مىسۇن ئوتتۇرا ئەسىر باسقۇچىدا قالغان بولۇپ، فېئودال - خۇراپاتلىق تۈركىيە- نىڭ ھەممە نەرسىسىنى ۋەيران قىلىۋەتكەن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇستاپا كامال بوشلۇقلارنى تولدۇرماي تۇرۇپ، دۆلەتنى تەرەققى قىلدۇرۇشقا ۋە دۆلەتنىڭ مۇس- تەقىللىقىنى مۇستەھكەملەشكە بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ، «ھەقىقى يول، — مەدىنى- يەتلىك يولدۇر» دىگەن قەتئى نىيەتكە كېلىپ ئىنقىلاپنىڭ 2 - باسقۇچى — تۈر- لۈك ئىلغار ئىسلاھاتلارنى باشلىۋەتتى:

1 . 1922 - يىلى (تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇشتىن بىر يىل بۇرۇن) سۇل- تانلىق تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرغان بولسا، 1924 - يىلى «خەلىپە» تۈزۈمىنى ئەمەل- دىن قالدۇرۇپ، تۈركىيە خەلقىنى ئوتتۇرا ئەسىر قاراڭغۇ زۇلمىتىدە تۇتۇپ تۇرغان فېئوداللىق ۋە روھانىلىقتىن ئىبارەت ئىككى جاھىل قورغاننى ئاغدۇرۇپ تاشلايدۇ.

2 . ھۆكۈمەت بىلەن شەرئىيەتنى ئايرىۋېتىپ، ئىسلام دىنى تۈركىيىنىڭ دۆ- لەت دىنى دىگەن بەلگىلىمىنى ئاساسى قانۇندىن چىقىرىۋېتىدۇ. شەرئىيەت بويىچە سوت قىلىشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، بۇرژۇئازىيىنىڭ يېڭى قانۇنىنى ئورنىتىدۇ. كۆپ خوتۇنلۇق تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ، فامىلە قوللۇنۇشنى يولغا قويۇپ، فېئودال ئەمەلدارلىق ئاتالغۇلارنى بىكار قىلىدۇ؛ ئاياللارغا سايلام ھوقۇقى بېرىدۇ؛ پۈركەنچە ئارتىش، چۈمپەردە تارتىشلارنى چەكلەيدۇ.

3 . دىخانلارنىڭ ئۈستىدىكى «ئۇشرى» ① بېجىنى ۋە باجنى كۆتۈرە بېرىش تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ؛ باجغا ئاشلىق تۆلەشنىڭ ئورنىغا پۇل تۆلەشنى يولغا قويىدۇ؛ دىخانلارغا ئاز مىقداردا يەر بۆلۈپ بېرىدۇ؛ سۇ قۇرۇلۇشلىرىنى ياخشىلايدۇ. ئىشسىزلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرىدۇ.

4 . دىنى مەكتەپلەرنى تارقىتىۋېتىپ، يېڭى تىپتىكى مەكتەپلەرنى ئاچىدۇ: ھىجرىيە يىل نامىنى قوللۇنۇشنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، مىلادىيە كالىندارىنى يول- غا قويىدۇ؛ دۇنياۋى ئالاقىلارغا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، جۈمە كۈنى دەم ئېلىشنى

---

① «ئۇشرى» ئەرەبچە سۆز بولۇپ، دىخانلار يىللىق ھوسۇلىنىڭ 1/10 قىسمىنى ھۆكۈمەتكە تاپشۇرۇش بېجى.

يەكشەنبە كۈنى دەم ئېلىشقا ئۆزگەرتىدۇ؛ پۈتۈن مەملىكەت بويىچە كىلوگىرام ئۆل-
چىمىنى يولغا قويىدۇ.

5 . ئەرەپ يېزىقىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، لاتىن يېزىقىنى قوللىنىدۇ؛ تا-
رىخ جەمىيەتلىرىنى قۇرۇپ، تۈرك تارىخىنى تەتقىق قىلىشنى كەڭ يولغا قويىدۇ؛
تىل جەمىيەتلىرىنى قۇرۇپ ۋە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، تۈرك تىلى ئىچىدىن
ئەرەپ، پارس سۆزلىرىنى چىقىرىۋېتىپ؛ تۈرك تىلىنى تېخىمۇ ساپلاشتۇرىدۇ؛
ھەتتا مەسچىتلەردە ئەزان ئېيتقاندا، ناماز ئوقۇغاندا، قۇرئان ئوقۇغاندا تۈرك تى-
لى بىلەن ئوقۇشنى يولغا قويىدۇ.

6 . مۇستاپا كامال ئۆزىنىڭ «سىياسى ۋە ھەربى جەھەتتىكى غەلىبە قانـ
چىلىك زور بولمىسۇن، ئەگەر ئىقتىسادى جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن غەلىبە مۇس-
تەھكەملەنمىسە، غەلىبە قولدىن كېتىدۇ» دىگەن سۆزى بويىچە ئىقتىسادىي جەھەت-
تىمۇ ئىسلاھات يۈرگۈزۈپ: چەتئەل كاپىتالىستلىرىنىڭ قوللىرىدىن تۆمۈر يول،
كۆمۈر كان، پورت ۋە باشقا ئاممىۋى ئىش ئورۇنلىرىنى قايتۇرۇپ ئالىدۇ؛ مىللى
سانائەتنى ئاكتىپ يۆلەپ تۇرغۇزۇپ، مىللى ئىقتىساتنى تەرەققى قىلدۇرىدۇ. «سانائەت
مۇكاپىتى سىياسىتى»نى يۈرگۈزۈپ، زاۋۇت - كارخانە، ئاشخانىلارغا، يېڭىدىن قۇرۇ-
لۇش سالغۇچىلارغا «يەرگە ئىگە بولۇش ھوقۇقى» بېرىلىپ، بەلكى ئۇلاردىن بىر
قانچە يىل سانائەت بېجى ئالمايدىغان قىلىدۇ ......

مۇستاپا كامال يۈرگۈزگەن ئىجتىمائى، مەدىنى ۋە ئىقتىسادى جەھەتلەر-
دىكى ئىسلاھاتلار تۈركىيىنىڭ جەمىيەت تەرەققىياتىغا ئۈيغۇن، كەڭ خەلق ئاممى-
سىنىڭ ھىمايىسىگە ئىگە بولغاچقا، ئۇزۇن ئۆتمەيلا ھەر ساھەدە زور ئۇتۇقلار
قولغا كەلتۈرۈلدى. 5، 6 يىل ئىچىدىلا 60 تىن كۆپ توقۇمچىلىق، يىمەكلىك،
پولات - تۆمۈر تاۋلاش، قەغەزچىلىك، سېمونت، ئەينەكچىلىك زاۋۇتلىرى ئارقا ئار-
قىدىن قۇرۇلدى. 1923 - 1940 - يىللاردا ھەر خىل زاۋۇتلارنىڭ سانى 100
دىن 232گە كۆپەيدى، 1927 - 1940 - يىللاردا تۆمۈر يول قۇرۇلۇشى بىر
ھەسسە كۆپەيدى؛ شىكەر، قەغەز، پاختا، توقۇلما، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى قاتار-
لىق ماللار چەتتىن ئىمپورت قىلىنماي، ئۆزىنى - ئۆزى تەمىنلەيدىغان بولىدى؛
ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش 1923 - 1932 - يىللاردا بىر ھەسسە كۆپەيدى؛ پاختا تېرىش
1924 - يىلقى 70 توننىدىن 1929 - يىلى 377.3 توننىغا كۆپەيدى؛ دۆ-
لەت كىرىمى 1927 - يىلقى 44 مىليارت 486 مىليون لىرادىن، 1940 - يىلى 76
مىليارت 903 مىليۇن لىراغا كۆپەيدى. ①

ئىسلاھات ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن نەتىجىلەر: سىياسى جەھەتتىن تۈركىيە

① لىيالا جى مىلق «مۇستاپا كامال ئىنقىلاۋىغا باھا»، 1979 - يىل، 20 - بەت.

جۇمھۇرىيىتىنىڭ مۇستەقىللىقىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملىگەن بولسا، ئىقتىسادىي جەھەتتىن دۆلەتنى كۈچەيتىپ، خەلق تۇرمۇشىنى خېلى ياخشىلىدى. «غەربىي ئاسىيا كېسەل كۆرپىسى» دەپ ھاقارەتلەنگەن تۈركىيە، رەسمىي مىللىي گۈللىنىش يولىغا قاراپ ماڭدى. تۈركىيە پارلامېنتى 1934 - يىلى 11 - ئاينىڭ 24 - كۈنى مۇستاپا كامالغا «ئاتا تۈرك» ② دېگەن ھۆرمەت نامىنى بەرگەنلىكىنى ئېلان قىلدى.

مۇستاپا كامالدىن ئىبارەت مەشھۇر سىياسەتچى، يۇقىرى ھەربىي سەنئەتكە ئىگە دانا ئەرباپنىڭ بولغانلىقى، تۈركىيە خەلقىنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق يولىدا ئۆلۈمدىن قورقماي باتۇرانە كۆرەش قىلىشى، ياش سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىنتېرناتسىئوناللىق روھ بىلەن، ئۆزىنىڭ ئەڭ مۇشەققەتلىك دەۋرىدىمۇ تۈركىيە مىللىي ئازاتلىق ھەركىتىگە زور كۆلەمدە ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتە ياردەم بېرىشى، شەرق ئەللىرىنىڭ، خۇسۇسەن ھەر قايسى مۇسۇلمان دۆلەت ۋە خەلقلەرنىڭمۇ تۈرلۈك يوللار بىلەن تۈركىيە مىللىي ئازاتلىق كۈرىشىنى قوللاپ-قۇۋۋەتلەپ ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ياردەم بېرىشى نەتىجىسىدە مۇستاپا كامال ئىنقىلابى ئاخىرى تولۇق غەلىبىگە ئېرىشتى.

مۇستاپا كامال ئىنقىلابى زادى قانداق ئىنقىلاب؟ مۇستاپا كامالغا ۋە ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدە ئېلىپ بېرىلغان ئىنقىلابقا باھا بەرگىنىمىزدە، شۇ تارىخىي دەۋرنى ئاساسى ئۆلچەم قىلىپ كونكرېت ئەھۋالنى كونكرېت تەھلىل قىلىشتەك ماركسىزملىق تارىخىي قاراشتا چىڭ تۇرۇشىمىز لازىم. ئەگەر بىز تارىخىي ۋەقەلەرگە تارىخىي نۇقتىئىنەزەر بىلەن قارىماي ۋە ماركسىزىمچە تەھلىل يۈرگۈزمەي، مۇستاپا كامالغا ۋە ئۇ رەھبەرلىك قىلغان ئىنقىلابقا توغرى باھا بەرمىسەك، — ئۇنىڭدىن كېيىنكى سۈن جۇڭسەن، گەندى ۋە سوكارنولارغىمۇ توغرا باھا بېرەلمەيمىز.

بەزى تارىخچىلار مۇستاپا كامال ئىنقىلابىنى «تەساددىپىي بولغان» دەپ قارايدۇ، بۇنداق قاراش ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. مۇستاپا كامال ئىنقىلابىنىڭ چوڭقۇر تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي ئاساسى بار. مەسىلەن: ئوسمان تۈرك ئىمپېرىيىسىنىڭ ئۇزۇندىن بېرى زاۋاللىققا قاراپ يۈزلىنىشى، بولۇپمۇ بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ بېشىدىلا ئۇنىڭ تۈركىيە دۆلىتى ۋە خەلقىگە كۈچلۈك مىللىي كرىزىس ئېلىپ كېلىشى تۈرك خەلقىگە نىسبەتەن ئالدىن-ئالا بېرىلگەن سىگنال ئىدى. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا تۈركىيىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى بىلەن چەتئەل تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ تۈركىيىنىڭ نۇرغۇن جايلىرىنى ئىگەللەپ ئېلىشى، تۈرك دۆلىتى بىلەن تۈرك خەلقىنىڭ تامامەن مۇنقەرز بولۇش خەۋپىنى تۇغدۇرۇپ، ئالدىنقى

② «ئاتا تۈرك» تۈركلەرنىڭ ئاتىسى مەنىسىدە.

يۈز بەرگەن كىرىزىسنى يەنە بىر بالداق ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى. بۇ ئېغىر بالايى ئاپەتنى ئەڭ بۇرۇن تۈرك خەلقىنىڭ ئىسىل پەرزەنتى مۇستاپا كامال سىزىۋال- دى، ھەمدە ئۇنى «بىر مىللەت باشقىلارنىڭ قولluغىدا ياشىغىنىدىن ئۆلگىنى ياخ- شىراق»، «ئۆلسەممۇ مۇستەقىل بولماي قويمايمەن» ① دېگەن قەتئىي نىيەتكە كەلتۈردى. يەنە بىر تەرەپتىن دۇنيا ئۇرۇشى تۈپەيلىدىن ئىقتىسادى ۋە سىياسى جەھەتتىن كۈچىيىپ كېلىۋاتقان ۋە مىللى مۇستەقىللىق تەلىۋىنى ئەڭ كۈچلۈك تۈردە ئوتتۇرىغا قويالىغان تۈركىيە مىللى بۇرژۇئازىيىسى جاھانگىرلىككە قارشى بايراق كۆتۈرۈپ چىقىپ پۈتۈن تۈركىيە مىقياسىدا مىللى ئازاتلىق ئۇرۇشىنى باشلىۋەتتى. بۇ ئىنقىلاپ مۇستاپا كامال رەھبەرلىكىدە تۆت يىلغا يېقىن داۋاملىشىپ تولۇق غەلىبىگە ئېرىشتى. بۇ تارىخى پاكىتلارنىڭ ئالدىدا مۇستاپا كامال ئىنقىلاۋىنى قانداقمۇ تاسادىپى پەيدا بولغان دېگىلى بولسۇن؟

يەنە بەزى كىشىلەر مۇستاپا كامال ئىنقىلاۋىنى ماركسىزىمغا ئۇيغۇن ئەمەس، «ئۆكتەبىر» ئىنقىلاۋىنىڭ روھىغا خىلاپ دېيىشىدۇ، بۇمۇ توغرا ئەمەس. ماركسىزىم بىزگە، ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋىدىن كېيىن مىللى ئازاتلىق ھەركەتنىڭ ئىنقىلاۋىلىغى ۋە ئىلغارلىغى، — بۇ ھەركەتكە پرولېتارىيات رەھبەرلىك قىلدىمۇ - يوق؟ جۇمھۇرىيەت قۇرۇش پىروگىراممىسىنى ئالدىنقى شەرت قىلدىمۇ - يوق؟ دېگەن نەرسە ئاساسى ئۆلچەم بولماي، بەلكى جاھانگىرلىككە قارشىمۇ - يوق دېگەن نەرسە ئاساسى مەزمۇن بولۇپ قالدى دەپ كۆرسىتىدۇ. ئۇنداق بولسا مۇستاپا كامال ئىنقىلاۋىنىڭ خاراكتېرى قانداق ئىدى؟

مۇستاپا كامال ۋەكىللىك قىلغان تۈركىيە مىللى بۇرژۇئازىيىسى مىللى مۇستەقىللىقنى قەتئىي تەلەپ قىلغان كۈندىن تارتىپلا، ئەنگىلىيىدىن ئىبارەت جاھانگىرلارغا قارشى قۇراللىق كۈرەش قىلىشتا قەتئىي چىڭ تۇرۇپ، جاھانگىرلارنى ئۆز تۇپرىغىدىن قوغلاپ چىقىرىپ مۇستەقىل دۆلەت قۇرالىدى. بۇ — مۇستاپا كامال ئىنقىلاۋىنىڭ ئىلغارلىغى بولۇپ، ماركسىزىمغا ئۇيغۇن، ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋىنىڭ روھىغىمۇ مۇۋاپىقلىغىنى تولۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇنى يەنىمۇ كونكرېت قىلىپ چۈشەندۈرسەك، ئىنقىلاپنىڭ پۈتۈن جەريانى مۇنداق ئىككى باسقۇچقا بۆلەنگەن: بىرىنچىسى، — «ھوقۇقنى ھىمايە قىلىش جەمئىيىتى» نىڭ 1919 - يىلى 7 - ئايدىكى ئەرزۇروم يىغىنىدىن باشلاپ تاكى 1923 - يىلى 10 - ئاينىڭ 29 كۈنىدىكى تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلىشىغا قەدەر بولۇپ، بۇ دەۋر — جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ئۇرۇش دەۋرى ئىدى، بۇنى يەنە سىياسى ھوقۇقنى قولغا كەلتۈرۈش دەۋرى دەپ ئاتاشقىمۇ بولاتتى. بۇ دەۋرنىڭ

① «چەتئەل تارىخى بىلىمى» خەنزۇچە [1981] - يىل 5 - سان 32 - بەتلەر.

ۋەزىپىسى تولۇق ئورۇنلاندى. ئىككىنچىسى، — 1923 - يىلى تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن تارتىپ تاكى مۇستاپا كامال ۋاپات بولغىچىلىك بولغان ۋەتەننى گۈللەندۈرۈش دەۋرى بولۇپ، بۇ دەۋر ئۆز ئالدىغا — جاھانگىرلارنىڭ تەسىر كۈچىنى داۋاملىق تازىلاش، سىياسى مۇستەقىللىقنى كۈچەيتىش، ئىقتىسادى مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش، فېئودال - روھانى كۈچلەرگە زەربە بېرىش، يەر ئىنقىلاۋىنى يولغا قويۇش، ئىشچى - دېھقانلار ئاممىسىغا دېموكراتىيە ھوقۇقى بېرىش قاتارلىقلارنى ئۆز ۋەزىپىسى قىلغان ئىدى. كېيىنكى 10 يىللىق كۈرەش نەتىجىسىدە بۇنىڭدىنمۇ ئۇلۇق مۇۋاپىقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، تۈرك خەلقىنىڭ دۇنيادىكى ئورنىنى يۇقۇرى كۆتەردى. دىمەك، مۇستاپا كامال ئىنقىلاۋىنىڭ ھەممىسىگىلا جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ مەزمۇن باشتىن ئاخىر سىڭىپ كەتكەن ئىدى.

بىرىنچى ۋە ئىككىنچى باسقۇچلۇق ئىنقىلاپ جەريانىدا، كامالىزىم ئىدىيىسىمۇ شەكىللىنىپ چىقتى. كامالىزىم ئىدىيىسىنىڭ ئاساسى روھى — چەتئەل جاھانگىرلىرىنى قوغلاپ چىقىرىش، تۈركىيىنى يېرىم فېئودال، يېرىم مۇستەملىكە ھالىتىدىن ۋە روھانىلار ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان قالاق ئوتتۇرا ئەسىر جەمىيىتىدىن خالاس قىلىپ، مۇستەقىل ئۆزىگە - ئۆزى خوجا بولىدىغان بۇرژۇئا ھاكىمىيىتى قۇرۇپ چىقىش ئىدى. بۇنداق ئارزۇ ۋە مەقسەت تۈركىيىنىڭ تارىخى تەرەققىياتىدا، تۈرك خەلقىنىڭ ئارزۇسىغا تامامەن ئۇيغۇن بولۇپ، يىغىپ ئېيتقاندا جاھانگىرلىككە فېئودالىزىمغا قارشى ئىلغار ئىدىيە ئىدى. كېيىن بۇ ئىلغار ئىدىيە، تۈركىيە مىللى بۇرژۇئازىيىسىنىڭ تۈركىيە ئىنقىلاۋىغا رەھبەرلىك قىلىدىغان ئىدىيىسى بولۇپ قالدى. دىمەك، مۇستاپا كامال ۋە تۈركىيە مىللى بۇرژۇئازىيىسى رەھبەرلىك قىلغان تۈركىيە ئىنقىلاۋى جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇشنى ئۆزلىرىنىڭ ئاساسى مەقسىدى ئۇنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرگەن ئىكەن، ئۇ نىمە ئۈچۈن ماركسىزىمغا ئۇيغۇن بولمىسۇن؟ ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋىنىڭ روھىغا خىلاپ بولسۇن؟ بۇ يەردە شۇنى ئېنىق ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، مۇستاپا كامال ئىنقىلاۋىنى ماركسىزىمغا ئۇيغۇن ئەمەس دەپ قارىغان كىشىلەرنىڭ ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋىدىن كېيىن مىللى ئازاتلىق ھەركىتىنىڭ ماركسىزىمغا ئۇيغۇن بولغان ئاساسى مەزمۇنىدىن خەۋەرسىز ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. يەنە بەزى تارىخچىلار، مۇستاپا كامال ئىنقىلاۋىنى ئاياغلاشمىغان ئىنقىلاپ دەپ قارايدۇ، بۇنىمۇ پۈتۈنلەي توغرا قاراش دېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى، مۇستاپا كامال جاھانگىرلارنى قوغلاپ چىقىرىپ، مۇستەقىل دۆلەت قۇرغاندىن كېيىن، يەنىلا مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى سىياسى دۈشمەنلەر بىلەن فېئودال - روھانى كۈچلەرنىڭ خىلمۇ - خىل ئۇسۇللار بىلەن قارشى چىقىشى ۋە ئار-

(ئاخىرى 97 - بەتتە)

# قارا شەھەر دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىن قېزىۋې-لىنغان قەدىمقى دەۋرگە ئائىت قەۋرىلەر توغرىسىدا

غېنى

قارا شەھەر دەرياسى غەربتىن شەرققە قاراپ ئېقىپ باغراش كۆلىگە قويۇ-لىدىغان قەدىمقى دەريا. بۇ دەريانىڭ شىمالى تەرىپى يەنى قارا مودون رايونىدا 1983-يىلى مەركىزى مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنىڭ تەستىقى بىلەن، جۇڭگو ئىجتىمائى پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئىنستىتۇتى ۋە بايىنغولىن ئوب-لاستلىق ئاسارە-ئەتىقىلەرنى باشقۇرۇش ئورنى بىرلىكتە ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ئېلىپ باردى.

1-جۇغراپىيىلىك تۈزۈلىشى: قارا شەھەر دەرياسىنىڭ ئومۇمى ئۇزۇنلىغى 450 كىلومېتىردىن ئارتۇق. دەريانىڭ باش تەرىپىنىڭ كەڭلىگى 60 مېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، ئاخىرقى يەنى تۈزلەڭلىكتىكى كەڭلىگى 300-150 مېتىر كېلىدۇ. دەريانىڭ تاغدىن چىقىش ئېغىزى قارا مودون دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ، شىما-لى قارا مودون ۋە جەنۇبى قارا مودون دەپ ئىككىگە بۆلىنىدۇ. زاراتلىق شىمالى قارا مودوننىڭ تاغ باغرىدىكى سايغا جايلاشقان بولۇپ، ئۈچكە بۆلىنىدۇ.

بىرىنچى زاراتلىق ئاساسلىق زاراتلىق بولۇپ، بۇنىڭ شەرقىي شىمالىدىن 3 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى جايدا ئىككىنچى زاراتلىق، شەرق تەرىپىدىن 1.5 كىلومېتىر ئارىلىقتىكى جايدا 3-زاراتلىق بار. بۇ زاراتلىقلارنىڭ غەربىي جەنۇپ تەرىپىدە (دەريا بويىدا) قەدىمقى ئارزىنىز شەھرى خارابىسى بولۇپ، شەھەرنىڭ شىمالدىن جەنۇپقا كەڭلىگى 250 مېتىر، شەرقتىن غەرپكە ئۇزۇنلىغى 350 مې-تىر كېلىدۇ. شەھەرنىڭ ئىچىدىكى ئىچكى سېپىل شىمالدىن جەنۇپقا 60 مېتىر، شەرقتىن غەرپكە 80 مېتىر كېلىدۇ. سېپىلنىڭ دەرۋازىسى شەرققە قارىتىپ ئېچىلغان. بۇ شەھەردىن غەرپكە قاراپ تاغ بويلاپ 10 كىلومېتىر ماڭغاندا جەنۇبىي قارا مودون قەدىمقى شەھرى بار. يەنە جەنۇپقا قاراپ 30 كىلومېتىر ماڭغاندا خورا (ئۈزۈنچىغ) بۇددا ئىبادەتخانىسى خارابىسى بار. يەنە جەنۇپقا

قاراپ 35 كىلومېتىر ماڭغاندا شىكشىن مىلك ئۆيى بار. دىمەك، بۇ ئىزلار بىلەن، بۇ قەدىمقى زاراتلىقلار ئەمىلىيەتتە مۇناسىۋەتلىكتۇر.

2. زاراتلىقتىكى قەۋرىلەرنىڭ سانى ۋە تۈزۈلۈشى.

(1) قەۋرە سانى:

1 - نومۇرلۇق زاراتلىقتا 300 قەۋرە بار، قېزىلغىنى 100؛ 2 - نومۇرلۇق زاراتلىقتا 100 قەۋرە بار، قېزىلغىنى 28؛ 3 - نومۇرلۇق زاراتلىقتا 50 دىن ئارتۇق قەۋرە بار، قېزىلغىنى 12.

1983 - 1984 - يىللىرى قېزىلغان قەۋرە جەمئى 140 بولۇپ، بۇ، شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە تارىخىدا دائىرىسى ناھايىتى كەڭ، ۋاقتى ئۇزۇن، ئەھمىيىتى ئىنتايىن زور بىر قېتىملىق قېزىش ھېساپلىنىدۇ.

(2) قەۋرىلەرنىڭ شەكلى: قەۋرىلەر، يەنى تىك ئويۇپ، تۆت ئەتراپىنى تاش بىلەن قوپۇرۇپ ئۈستىنى تاش بىلەن ياپقان، ئاستى كەڭ، ئۈستى بارغانچە تارلاشقان بولۇپ، تونۇر شەكلىگە ئوخشايدۇ. قەۋرىلەرنىڭ چوڭ كىچىكلىكى ئوخشاش ئەمەس، چوڭلىرىنىڭ ئۇزۇنلىقى 2 مېتىر، كەڭلىكى ۋە چوڭقۇرلىقى 1.5 مېتىر كېلىدۇ. قەۋرىنىڭ ئۈستىنى يېپىشقا ياپىلاق، سىلىق، يوغان تاشلار تاللانغان. قەۋرىلەرنىڭ ئايرىمىسى ناھايىتى ئېنىق، ھەر بىر قەۋرىنىڭ ئەتراپىغا يۇمىلاق، ئۇزۇنچاق تاشلار تىزىلىپ چەمبەر شەكلىدە دائىرە ھاسىل قىلىنغان. بۇ تاشلارنىڭ يېرىمى يەرگە پاتۇرۇلغان. قەۋرىنىڭ ئۈستىگە تاش دۆۋىلەپ قويۇلغان بولۇپ، بۇ تاشلارنىڭ سانى ئوخشاش ئەمەس. ئەڭ كۆپلىرىدە 50 - 60 دانە، ئوتتۇرا ھاللىرىدا 15 - 30 دانە، بەزىلىرىدە بىر تالمۇ تاش يوق. ئۈستىدە تاش يوق قەۋرىلەرگە كىچىك باللار ۋە ئاياللار قويۇلغان بولۇشى مۇمكىن.

3. دەپنە قىلىش ئالاھىدىلىكى: جەسەتلەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ بېشى غەرپكە، بەزىلىرىنىڭ شەرققە قارىتىپ قويۇلغان. ئەڭ كۆپ دەپنە قىلىنغان يەرلىكتە 5 ئادەمنىڭ، ئەڭ ئازلىرىدا ئىككى ئادەمنىڭ جەسىدى بار.

1 - نومۇرلۇق زاراتلىقتىكى A - 2. نومۇرلۇق قەۋرىگە 5 ئادەم دەپنە قىلىنغان. بۇلارنىڭ ئىككىسى ئوڭدا ياتقۇزۇلغان بولۇپ، بېشى غەرپ تەرەپكە قارىتىلغان. قەۋرىنىڭ غەرپ تەرىپىدىكى بۆلۈكنىڭ ئوڭ تەرىپىگە بىر ئادەمنىڭ سۆڭىكى دۆۋىلەپ قويۇلغان. سول تەرەپ بۆلۈكىگە بىر ئادەمنىڭ سۆڭىكى دۆۋىلەپ قويۇلغان. شەرق تەرىپىدە بىر ياغاچ تەگنىنىڭ ئىچىگە بىر ئادەمنىڭ بېشى قويۇلغان. بۆلۈكىدىكى ئادەم سۆڭەكلىرىنىڭ ۋاقتى ئۇزۇنراق بولۇپ، باشقا جايدىن يۆتكەپ ئەكىلىپ بىرگە كۆمگەنلىكى ئېنىق. قەۋرە ئىچىدىكى ئىككى ئادەمنىڭ بىرى ئەر، بىرى ئايال بولۇپ، ئەرنىڭ داس سۆڭىكىگە بىر دانە ئوقيا ئوقى سانچىلغان پېتى تۇرۇپ قالغان. ئوقنىڭ سېپى ياغاچ، ئۇچى مىس بولۇپ،

سېپى چىرىپ كەتكەن. قەۋرە ئىچىدە ئىككى دانە ساپال داڭقان، بىر دانە ساپال كورا، بىر دانە ساپال تۇتقۇچلۇق قەدەھ، بىر دانە ياغاچ تەڭنە قاتارلىق نەرسىلەر بار. بۇ سايمانلارغا ھەرە چىشى شەكلىدە نەقىش ئىشلەنگەن، ساپاللارنىڭ رەڭگى قىزغۇچ كەلگەن، داڭقانلار ئوتقا قويۇلغان بولغاچقا، ھەممە يېرى قۇرۇم بولۇپ كەتكەن. قەۋرە ئۈستى 4 پارچە چوڭ ياپىلاق تاش بىلەن يېپىلىپ، 93 دانە تاش چەمبەر شەكلىدە تىزىلغان، قەۋرە ئۈستىگە 9 دانە چوڭ تاش دۆۋىلەپ قويۇلغان.

2-نومۇرلۇق زاراتلىقتىكى 4-B. نومۇرلۇق قەۋرىنىڭ ئومۇمى تۈزۈلۈشى 1-نومۇرلۇق زاراتلىقتىكى قەۋرىلەرگە ئوخشايدۇ. بۇ قەۋرىگە بىر ئادەم دەپنە قىلىنغان بولۇپ، بېشى غەرپ تەرەپكە قارىتىلغان جەسەت تالدىن توقۇلغان بورىنىڭ ئۈستىگە ئوڭدا ياتقۇزۇلغان. جەسەتنىڭ ئوڭ تەرىپىگە بىر ئادەمنىڭ سۆڭىكى دۆۋىلەپ قويۇلغان. سول تەرىپىگە قويۇلغان بىر ياغاچ لېگەنگە بىر قوينىڭ بېشى، بىر دانە مىستىن ئىشلەنگەن پىچاق قويۇلغان. پىچاقنىڭ ئۇزۇنلىغى سېپى بىلەن قوشۇلۇپ 20 سانتىمېتىر، كەڭلىگى 1.5 سانتىمېتىر بولۇپ، تۇتقۇچى ئۆزىدىن چىقىرىلغان. قەۋرە ئىچىدە يەنە بىر دانە ساپال داڭقان، بىر دانە قەدەھ بار. قەۋرىنىڭ ئۈستى 3 دانە چوڭ ياپىلاق تاش بىلەن يېپىلغان بولۇپ، ئەتراپىغا 27 دانە تاش چەمبەر شەكلىدە تىزىلغان. قەۋرە ئۈستىگە 12 دانە تاش دۆۋىلەپ قويۇلغان. قەۋرىنىڭ چەمبەر ھاسىل قىلىنغان دائىرىسىنىڭ غەرپ تەرىپىدە چوڭقۇرلىغى 40 سانتىمېتىر، دىئامېتىرى 60 سانتىمېتىر كېلىدىغان بىر ئورەكنىڭ ئىچىگە بىر ئاتنىڭ بېشى كۆمۈلگەن، ئۈستى ياپىلاق تاش بىلەن يېپىپ قويۇلغان.

3-نومۇرلۇق زاراتلىقتىكى 1-C. نومۇرلۇق قەۋرىگە بىر جەسەت قويۇلغان بولۇپ، جەسەت ئوڭدا ياتقۇزۇلغان، جەسەتنىڭ ئوڭ تەرىپىدە بىر ئاتنىڭ باش سۆڭىگى بار. جەسەتنىڭ كۆكرەك سۆڭىگىگە ئۇچى تۆمۈردىن ياسالغان بىر ئوق سانچىلغىلىق پېتى تۇرۇپ قالغان. بۇ جەسەت بىلەن بىرگە كۆمۈلگەن بۇيۇملار 4 دانە داڭقان، 3 دانە ساپال كورا، 2 دانە قەدەھ، 1 دانە ياغاچ لېگەن، بىر دانە مىس پىچاق قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. قەۋرىنىڭ ئۈستى 4 پارچە ياپىلاق تاش بىلەن يېپىلغان، قەۋرە ئەتراپىغا 41 دانە تاش چەمبەر شەكلىدە تىزىلغان. ئۈستىگە 51 دانە تاش دۆۋىلەپ قويۇلغان. قەۋرىنىڭ شىمال تەرىپىگە (چەمبەرنىڭ ئىچىگە) بىر دانە كىچىك ئورەك كولىنىپ ئىچىگە بىر كالىنىڭ باش سۆڭىگى كۆمۈلگەن.

دېمەك 3 زاراتلىقنىڭ ئومۇمى ئەھۋالى ئوخشايدۇ، بىراق 3-نومۇرلۇق زاراتلىق تۈزلەڭلىككە جايلاشقان بولۇپ بۇ زاراتلىقتىكى 1-C. نومۇرلۇق قەۋرىدىن تۆمۈر ئوقيا بېشى چىققاندىن باشقا، 140 قەۋرىدىن تۆمۈرگە ئائىت ھېچ

قانداق نەرسە چىقمىدى. شۇڭلاشقا بۇ 3 - نومۇرلۇق زاراتلىقنىڭ ۋاقتى 1 - 2 - نومۇرلۇق زاراتلىققا قارىغاندا كېيىنرەك، بولسا كېرەك، دەپ پەرەز قىلىش مۇمكىن.

مەركىزى ئارخېئولوگىيە ئىنستىتۇتى بېيجىڭدا خىمىيىلىك ئۇسۇل بىلەن تەكشۈرۈش ئارقىلىق دەسلەپكى قەدەمدە 1 - نومۇرلۇق زاراتلىقتىكى جەسەتلەرنىڭ دەپنە قىلىنغان ۋاقتىنى 2800 يىل بۇرۇن كۆمۈلگەن دەپ پەرەز قىلدى. 3 - نومۇرلۇق زاراتلىق 1 - C. نومۇرلۇق قەۋرىدىن چىققان بىر دانە ئوقنىڭ ئۇچى ئۈچ زاراتلىقتىن چىققان بىردىن - بىر تۆمۈر بولۇپ، بۇ ئوقنى دۈشمەن تەرەپ ئاتقان بولۇشى مۇمكىن. بۇ، ئارخېئولوگىيە ساھەسىدىكى تەتقىقاتچىلارنىڭ تەتقىق قىلىشىنى كۈتۈپ تۇرماقتا.

---

(بېشى 93 - بەتتە)

لىشىشىدىن قورقماي، جاھانگىرلارنىڭ قالدۇق كۈچلىرى بىلەن فېئودال - روھانىيلارغا تۇرلۇك ئىسلاھاتلار ئارقىلىق كۈچلۈك زەربە بېرىپ، تەرەققىياتقا يول ئېچىپ، ئاجايىپ زور ئۇتۇقلارنى قولغا كەلتۈردى. لېكىن ئۇ ئۆز دەۋرى ۋە سىنپى خۇسۇسىيىتىگە خاس بەزى خاتالىقلاردىن خالى بولالمىدى. مەسىلەن: مۇستاپا كامال ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە جاھانگىرلىككە ۋە فېئودالىزىمغا قارشى كۈرەشنى بوشاشتۇرۇپ قويدى؛ ياش سوۋېت ئىتتىپاقىنى يېقىندىن قوللىيالمىدى؛ دېھقانلارنىڭ يەر مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلالمىدى؛ ئىشچى - دېھقانلارغا بولغان دېموكراتىيىنى قىسىپ قويدى. بۇ ئەھۋاللار مۇستاپا كامالنىڭ خاتالىقى بولۇپ، بۇرژۇئازىيىنىڭ ۋەكىلى بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇنداق خاتالىقلاردىن ئەلۋەتتە خالى بولالمايتتى. فېئودال - پومىششىكلار سىنپىدىن بۇرژۇئازىيە ئىنقىلاۋىنىڭ نەتىجىلىرىنى تەلەپ قىلغىلى بولمىغىنىدەك، بۇرژۇئازىيە ئىنقىلاپچىلىرىدىنمۇ پرولېتارىيات ئىنقىلاۋىنىڭ نەتىجىلىرىنى تەلەپ قىلىش تولىمۇ ئارتۇقچە ئىدى. شۇڭا مۇستاپا كامال ئىنقىلاۋىنىڭ بەزى خاتالىق ۋە يېتەرسىزلىكلىرىنى ئارتۇقچە كۆپتۈرۈۋېتىپ ئۇنىڭ يېگىرمە نەچچە يىللىق ئىنقىلاۋىدىكى ئۇلۇق ۋە ئاجايىپ نەتىجىلىرىنى يوققا چىقىرىۋېتىش — ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتەك ماركسىزىملىق تارىخى كۆز قاراشقا ئۇيغۇن بولماستىن، بەلكى تارىخنى بۇرمىلاش ياكى مۇبالىغە قىلىشتىن ئىبارەت.

يېقىنقى ئېيتقاندا، مۇستاپا كامال ئىنقىلاۋى مەيلى كۈرەش دائىرىسى، ئىنقىلاپنىڭ مەزمۇنى ۋە قولغا كەلتۈرگەن ئۇلۇق نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا بولمىسۇن، شەرق ئەللىرى ئىچىدىكى بۇرژۇئا ئىنقىلاپلىرىنىڭ ئىچىدە ئالاھىدە بىر ئۈلگە دېيىشكە بولىدۇ.

# يەنە مىللىي مۇناسىۋەت تارىخى تەتقىقاتىدىكى بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا

ۋېڭ دۇجيەن

تەھرىر ئىلاۋىسى:

1984 - يىلى 12 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىن 27 - كۈنىگىچە، گۇاڭجۇ شەھىرىدە، جۇڭگو قەدىمقى مىللىي مۇناسىۋەت تارىخى ساھەسى بويىچە بىر ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلدى. يىغىن ۋاقتىدا، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ مەسلىھەتچىسى، جۇڭگو مىللەتلەر تارىخى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ لىشىجاڭى، پرافېسسور ۋېڭ دۇجيەن كۆز ئالدىمىزدىكى مىللىي مۇناسىۋەت تارىخى تەتقىقاتىدىكى بىر قانچە مەسىلىلەر توغرىسىدا ئىككى قېتىم سۆز قىلدى، ئاپتورنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن، ئەنە شۇ ئىككى قېتىملىق سۆزنى ئومۇملاشتۇرۇپ رەتلەپ چىقتۇق. بۇنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى تۆۋەندىكىچە.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى، بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەت بولۇپ، ئۇنىڭدا مىللىي مۇناسىۋەت ئاللىقاچان باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق ۋە ئۆز-ئارا ياردەملىشىش ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ يېڭى دەۋرىگە كىرىپ بولدى. بىراق تارىخنى ئۈزۈپ قويغىلى بولمايدۇ، قەدىمقى مىللىي مۇناسىۋەتنى تەتقىق قىلىش، يەنىلا بىزدەك تارىخچىلار ئالدىدىكى مۇھىم ۋەزىپىلەردىن بىرى. ئازاتلىقتىن كېيىن، بۇ جەھەتتە خېلى كۆپ تەتقىقات ماقالىلىرى يېزىلدى. مۇشۇ يېقىنقى يىللار ئىچىدە مەملىكەتلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ سىياسەت تەتقىقات ئىشخانىسى ۋە گەنسۇ ئۆلكىلىك مىللەتلەرنى تەتقىق قىلىش جەمئىيىتى تەرىپىدىن ئايرىم-ئايرىم تۈزۈلۈپ نەشر قىلىنغان ماقالىلار توپلىمى (1)، بۇ ساھەدىكى سەۋىيە ۋە ساقلانغان مەسىلىلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەردى. 1981 - يىلى 6 - ئايدا، بېيجىڭدە بىرىنچى قېتىملىق جۇڭگو مىللىي مۇناسىۋەت تارىخى

تەتقىقات ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئېچىلغان ئىدى. يىغىندا، ئىككى مەسىلە نۇقتىلىق مۇزاكىرە قىلىنغان: بۇنىڭ بىرى، تارىختىكى جۇڭگونى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟ ئىككىنچىسى، تارىختىكى مىللى مۇناسىۋەتنىڭ ئاساسى ئېقىمى نىمە؟ مۇزاكىرە ئارقىلىق، بۇ ئىككى مەسىلە ئۈستىدىكى تونۇش بىر قەدەر بىرلىككە كەلگەن. بۇ قېتىمقى جۇڭگو قەدىمقى مىللى مۇناسىۋەت تارىخى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا، تارىختىكى مىللىي ئۇرۇشلار، مىللىي قەھرىمانلار ۋە ئۇلارنىڭ ۋەتەنپەرلىك مەسىلىسى مۇھاكىمە قىلىنماقچى. بۇلارنىڭ ھەممىسى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، تەتقىقاتچىلار دىققەت قىلىپ كېلىۋاتقان مەسىلە. شۇنداقلا ناھايىتى رىئال ئەھمىيەتكە ئىگە مەسىلە.

دۆلىتىمىز قۇرۇلغان ٣٥ يىلدىن بۇيان، مىللەتلەر تارىخى ۋە مىللى مۇناسىۋەت تارىخى ئۈستىدىكى تەتقىقات ناھايىتى زور نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. بىر مۇنچە كونا كۆز قاراشلار تۈزىتىلدى. تارىختىكى باراۋەرسىز مىللى مۇناسىۋەتنى باراۋەرلىك پوزىتسىيە بىلەن تەتقىق قىلىش، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ۋەتەن قۇرۇلۇشىغا قوشقان تۆھپىلىرىنى ئېتىراپ قىلىشتىن ئىبارەت ئىككى نۇقتا دەل شۇ كونا كۆز قاراشلارنى بۇزۇپ تاشلاش ئارقىلىق ئېرىشكەن يېڭىچە كۆز قاراشتۇر. بۇنىڭ ئۆزى مىللەتلەر تارىخى تەتقىقاتىنىڭ ئىلمىي جەھەتتە خېلى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

تارىختىكى مىللى مۇناسىۋەت، باراۋەرلىك مۇناسىۋەت ئەمەس. بىراق، بۈگۈنكى كۈندە، ئەنە شۇ باراۋەرسىز مۇناسىۋەتنى بىزنىڭ باراۋەرلىك پوزىتسىيەسىدە تەتقىق قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، تەتقىقات خىزمىتىدە فېئوداللىق ئەنئەنىۋى كۆز قاراش بىلەن چوڭ خەنزۇچىلىق ئىدىيىسىنى يېڭىش كېرەك. شۇنداقلا تار مىللەتچىلىك ئىدىيىسىنى يېڭىشكىمۇ ئەلۋەتتە دىققەت قىلىش كېرەك. ۋەتىنىمىزنىڭ تارىخىنى ھەر قايسى مىللەتلەر ئورتاق ياراتقان. ھەر مىللەت خەلقى ئۇلۇق ۋەتىنىمىزنى قۇرۇش يولىدىكى كۈرەشلەردە ئۆز تۆھپىلىرىنى قوشقان. قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ تارىخى، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك سۇلالىلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، يەنىلا جۇڭگو تارىخىنىڭ تەركىبىي قىسمى. جۇڭگو تارىخىدا سۇلالىلار تارىخىنىڭ ئاساسى نۇقتا قىلىنغانلىقى بۇ بىر ئەمىلىيەت. بىراق، بۇنىڭ بىلەن جۇڭگو تارىخىنى خەنزۇ سۇلالىلىرىنىڭلا تارىخى دەۋالغىلى بولمايدۇ. بۇ تارىخ، باشقا مىللەت سۇلالىلىرى ۋە ئۇنىڭ سىرتىدىكى مىللەتلەر تارىخىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. جۇڭگو تارىخى يالغۇز خەنزۇ مىللىتىنىڭلا تارىخى، باشقا مىللەتلەر بولسا، پەقەت «ئەتراپتىكى يات قەۋملەر» دەپ قاراش پۈتۈنلەي خاتا. يۇقۇرقى ئىككى جەھەتتە بىزنىڭ تارىخچىلىرىمىز ئاساسەن بىردەك كۆز قاراشقا كېلىشتى. ھېچ بولمە-

غاندا ئۇچۇق قارشى تۇرىدىغانلار ئانچە قالمىدى. مانا بۇنى بىزنىڭ تەتقىقاتى-
مىزنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ ئاساسى دېيىشكە بولىدۇ.

تارىختىكى مىللىي مۇناسىۋەت ئۈستىدە توختالساق، مىللەتلەر ئارىسىدا زىد-
دىيەتلەر ۋە ئۇرۇشلار بولغان. بۇنىڭ بىلەن مىللىي قەھرىمانلىق ۋە ۋەتەنپەرۋەر-
لىك مەسىلىسى ئوتتۇرىغا چىققان. تارىختىكى مىللىي ئۇرۇش مەسىلىسىگە كەلسەك،
ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئۆزىنى سىياسەتنىڭ داۋامى دەپ قاراش كېرەك. سىنىپىي
جەمىيەتتىكى مىللەتلەر ئارىسىدا بولىدىغان زىددىيەتلەردىن، ھەتتا ئۇرۇشلاردىن
ساقلانغىلى بولمايدۇ. تارىخچىلار تارىخقا قارىتا توغرا كۆز قاراشتا بولۇشى كې-
رەك. تارىختىكى مىللىي ئۇرۇشلارنىڭ ئىچكى قانۇنىيەتلىرىنى ماركسىزم-لېنىن-
زىملىق كۆز قاراش بىلەن يېشىپ بېرىش كېرەك. ئىككى ئايرىلالماسلىق (خەنزۇ-
لار ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئايرىلالماسلىق، ئاز سانلىق مىللەتلەر خەنزۇلاردىن
ئايرىلالماسلىق) سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ ئالاھىدىلىكى. مىللىي باراۋەر-
لىك پەقەت سوتسىيالىستىك جۇڭگودىلا رېئاللىققا ئايلىنالايدۇ، ھەر مىللەت خەلق-
لىرىنىڭ مىڭ تەسلىكتە قولغا كەلتۈرگەن بۇ باراۋەرلىك، دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى
ئاسراش ئۈچۈن، تارىختىكى مىللىي مۇناسىۋەت تەتقىقاتىنى كۈچەيتىش كېرەك. بۇ
تەتقىقاتنىڭ مىللىي ئۇرۇش تەتقىقاتىنى ئۆز ئىچىگە ئالمىشىدا گەپ يوق. تارىختا
بولۇپ ئۆتكەن مىللىي ئۇرۇشلارنى چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىش، ھەرگىزمۇ بۈگۈنكى
سوتسىيالىستىك جەمىيەتتە تىكلەنگەن مىللىي مۇناسىۋەت تەرەققىياتىغا توسالغۇ بول-
مايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مىللىي ئۇرۇشلارنى تەتقىق قىلىش، جۇڭگو مىللىي مۇناسى-
ۋەت تارىخىنى تەتقىق قىلىشنىڭ مۇھىم بىر تەركىۋى قىسمى بولۇشى كېرەك.
ئىككىنچى مەسىلە، تارىختا بولۇپ ئۆتكەن مىللىي ئۇرۇشلارنىڭ خاراكتېرىنى ئادا-
لەتلىك ۋە ئادالەتسىز دەپ ئىككىگە ئايرىشقا بولامدۇ يوق؟ بۇرۇن دېيىلگەندەك
«چۇنچيۇ دەۋرىدىكى ئۇرۇش ئادالەتسىز ئۇرۇش» مۇ؟ ھەرگىزمۇ مۇنداق ئەمەس.
تارىختا بولۇپ ئۆتكەن سان-ساناقسىز مىللىي ئۇرۇشلارنىڭ ئادالەتلىك ۋە ئادالەت-
سىزلىك خاراكتېرىنى ئېنىق ئايرىشقا بولىدۇ ۋە ئايرىش كېرەك. مېنىڭ قارىشىم-
چە ئېزىلىشكە قارشى، تاجاۋۇزچىلىققا قارشى مىللىي ئۇرۇشلا بولىدىكەن، بۇنىڭ
ئۆزى ئادالەتلىك ئۇرۇش؛ ئەكسىچە، مىللەتلەرنى ئېزىش ۋە قۇل قىلىش مەقسى-
تىدە بولغان تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇش-ئادالەتسىز مىللىي ئۇرۇش. ئۈچىنچى مەسىلە،
مىللىي ئۇرۇش تەتقىقاتىدا تاجاۋۇز قىلىش دېگەن سۆزنى ئىشلىتىشكە بولامدۇ
يوق؟ بۇ يەردە مۇنداق بىر خائىش بار. يەنى، خۇددى بۇ سۆزنى ئىشلەتسە
دۆلەت ئىچىدىكى مىللىي مەسىلە گويا دۆلەت سىرتىدىكى مەسىلىگە ئايلىنىپ
قالىدىغاندەك، تاجاۋۇز قىلىش دېگەن سۆزنى ئىشلىتىشكە پېتىنالماسلىق ئەھۋالل-
رى بار. ئەمەلىيەتتە بۇنىڭ ئۆزى ئۇششۇقچە ئەنسىرەش. قەدىمقى دەۋرلەردە، مىل-

لى ھاكىمىيەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ئۆزى دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى
مۇناسىۋەت بولماي نېمە! تاجاۋۇز قىلىش دېگەن سۆز باشقىلارنىڭ يېرىگە بېسىپ
كىرىش، بۇلاپ-تالاش دېگەنلىك. تارىخنىڭ ئەسلى قىياپىتى شۇنداق. شۇڭلاشقا
تارىختىكى مىللىي ئۇرۇشلاردىن سۆز ئاچقاندا، مېنىڭچە، تاجاۋۇز قىلىش دېگەن
سۆزنى ئىشلىتىشكە بولىۋېرىدۇ.

مىللىي قەھرىمانلار مەسىلىسى: ئېلىمىزنىڭ ئۇزۇن تارىخىي دەۋرلىرى داۋا-
مىدا، نۇرغۇنلىغان مىللىي قەھرىمانلار ئوتتۇرىغا چىققان. بۇلار جۇڭخۇا مىل-
لەتلىرىنىڭ غورۇرى مىللىي قەھرىمانلارنىڭ روھى، تۆھپىلىرى بىزنىڭ ۋارىسلىق
قىلىپ جارى قىلدۇرۇشىمىزغا تېگىشلىك بىر قىممەتلىك مىراس. بۇ يەردە دىققەت
قىلىشقا تېگىشلىك بىر خائىش بار. ئۇ بولسىمۇ، مىللىي قەھرىمانلار پەقەت مىللىي
ئۇرۇشتىلا مەيدانغا كېلىدۇ دەپ ئويلاش، ھەتتا ئۇلارنى ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغۇ-
چى تەرەپتىن ئىزدەشتۇر. كۆپچۈلۈككە تونۇش بولغان يۆفېي، ۋېن تيەنشياڭ، شى-
كېفا قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى، دەھشەتلىك مىللىي ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغۇچىلاردۇر.
مەن] مىللىي قەھرىمانلارنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىش كېرەك دەپ قارايمەن. زادى
تارىختا جۇڭخۇا مىللىتى ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ مىللىتى ئۈچۈن ئالاھىدە تۆھپە قوش-
قان ئادەملا بولىدىكەن، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى خەلق قەھرىمانلىرى قاتارىغا كىر-
گۈزۈشكە بولىدۇ. ئېلىمىز تارىخىدا مەدھىيىلەشكە ئەرزىيدىغان قەھرىمانلار ئىنتا-
يىن كۆپ، بۇنداق قەھرىمانلار خەنزۇلاردىنمۇ، ئازسانلىق مىللەتلەردىنمۇ چىققان.
ھەممىمىزگە تونۇشلۇق بولغان يۆفېي، ۋېن تيەنشياڭ، شى كېفالار مىللىي قەھرىمانلار-
دۇر. ئۇلارنىڭ تىز پۈكمەسلىك روھى، قەھرى-غەزىۋىدىن يانماي ئۆلۈشتەك يۇ-
قىرى خىسلىتى ئەينى ۋاقىتتا ئۆز دۈشمەنلىرىنىڭمۇ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان.
بۈگۈنكى كۈندىمۇ بىزنىڭ ياد ئېتىپ ئەسلەپ تۇرۇشىمىزغا ئەرزىيدۇ.

مىللىي مۇناسىۋەت تارىخى تەتقىقاتىدىكى ئۆزىنى قاچۇرۇش مەسىلىسى:
مىللىي مۇناسىۋەت تارىخى تەتقىقاتىدا بەزى مەسىلىلەردىن ئۆزىنى قاچۇرۇش
كېرەكمۇ يوق؟ بۇ مەسىلە ئۈستىدە ھازىر تالاش-تارتىش بار، بۇ جەھەتتە تو-
نۇش بىردەك ئەمەس. ئالدىنقى بىر قانچە يىل ئىچىدە قويۇلغان ياڭ ئائىلىسى-
دىكى باتۇرلار ناملىق تىياتىر ۋە رادىيودا يۆفېي تەزكىرىسىگە بېرىلگەن باھا-
لار، بەزى قېرىنداش مىللەتلەر ئىچىدە خېلى كۈچلۈك تەسىر قوزغىدى، بۇ ئەھ-
ۋالغا قارىتا يولداش لىي يىمىڭ (2) ئۆزىنىڭ 1983-يىلى يازغان ماقالىسىدا
مۇنداق دەيدۇ: «جۇڭگونىڭ ھازىرقى دەۋرىدە مانا مۇشۇنداق كۆپ مىللەتتىن
تەشكىل تاپقان بىر دۆلەت-جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى بولۇپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن،
ۋەتەنپەرۋەرلىكتىن سۆز ئاچقاندا، تارىخىي نۇقتىدىن سۆزلەش كېرەك. بۇنىڭدا
تاللاش بولۇش كېرەك. ئۆزىنى قاچۇرۇش بولۇش كېرەك. تاللىماسلىق، ئۆزىنى

قاچۇرماسلىق، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە بۆلگۈنچىلىك سىڭىش بولۇپ قالىدۇ. مىللەتلەر ئارىسىدا ئۆز-ئارا كىڭىشەلمەسلىك كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئىلمىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ راۋاجلىنىشىغا ۋە مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە ئۇنىڭ ھېچ قانداق پايدىسى بولمايدۇ. «بىزنىڭ ئەدىپلىرىمىز، تارىخچىلىرىمىز ۋەتەنپەرۋەرلىكتىن سۆز ئاچقاندا، بىزدىكى مىللەت قۇرۇلمىسى رېئاللىقىغا ھۆرمەت قىلىش كېرەك. بەزى مەسىلىلەردىن ئۆزىنى قاچۇرۇش كېرەك. ئۆزىنى قاچۇرماسلىق توغرا ئەمەس»، بۇنىڭغا قارىتا بەزى يولداشلار باشقىچە پىكىردە. ئۇلار، تارىخىي پاكىتلار ئەمەلىيەتتە شۇنداق تۇرسا، قانداقمۇ ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرغىلى بولىدۇ دېگەن قاراشتا. مېنىڭ شەخسەن قارىشىم مۇنداق: تارىختىكى مىللىي زىددىيەتلەردىن ۋە بۇ زىددىيەتلەرنىڭ كەسكىنلەشكەن ئەڭ يۇقىرى شەكلى-ئۇرۇشتىن تەتقىقات جەريانىدا ئۆزىنى قاچۇرغىلى ۋە ئۇنى يوققا چىقارغىلى بولمايدۇ. تارىختىكى بەزى مىللەتلەرنىڭ ھازىرقى ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن گەرچە ھېچ قانداق بىۋاستە مۇناسىۋىتى قالمىغان بولسىمۇ، بىراق بۇلارنىڭ ئاز سانلىق مىللەت ئىكەنلىكى تۈپەيلىدىن زادى سەل قاراشقا بولمايدىغان بىر خىل ھېسسىيات مەسىلىسى مەۋجۇت. شۇڭلاشقا ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئىش باشقىچە بولىدۇ، بەزى مەسىلىلەردىن ئۆزىنى قاچۇرۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى بار بولىدۇ. تارىختىكى مىللىي مۇناسىۋەتتە كۆپلىگەن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ زېتىغا تېگىپ كۆڭلىنى ئاغرىتىدىغان بەزى ۋەقەلەر ۋە كىشىلەرنى، بۈگۈنكى سوتسىيالىستىك جەمىيەتنىڭ ئەدەبىي-سەنئەت مۇنبىرىدە يەنە ھەدەپ بازارغا سېلىشنىڭ نېمە ھاجىتى بار؟

بۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك يەنە بىر مەسىلە، ۋەتەنپەرۋەرلىك مەسىلىسى. تارىختىكى «دۆلەت» بىلەن بۈگۈنكى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى دېگەن «دۆلەت» ئۇقۇم ۋە مەنا جەھەتتە ھەرگىز ئوخشاش ئەمەس. بىراق، دۆلەتلا بولىدىكەن ھاكىمىيەت بولىدۇ. بۇنى ياقتۇرۇش، ياقتۇرماسلىق مەسىلىسى مەۋجۇت بولىدۇ. ئۆز مىللىتىنى ياقتۇرۇش، ئۆز دۆلىتىنى ياقتۇرۇش قەدىمدىن تارتىپ بار ئىش، جەنگو دەۋرىدە چۈيۈەن چۇ بەگلىكىنى ياخشى كۆرگەن. گەرچە چۇ بەگلىكى خۇاشاغا ئوخشىمايدىغان جىڭ بەدئۆلىرىگە قاراشلىق بولسىمۇ، چۈيۈەن ئۇنى ياخشى كۆرىۋەرگەن. بۇنىڭ ئۆزى مۇشۇ تاپتا ئارانلا تۇرغان، ھازىرقى زامان مىللىي مەسىلىسىگە بېرىپ تاقىلامدۇ؟ يۆفېينى ئالىدىغان بولساق ئۇ، جۇڭگو ئومۇمى تارىخى ۋە سۇڭ سۇلالىسى تارىخىنى يازغاندا مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە تېگىشلىك بىر تارىخىي شەخس، ئۇ، جەنۇبى سۇڭ سۇلالىسىنى ياخشى كۆرەتتى ۋە ئۇنىڭغا سادىق ئىدى. ئۇنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى خاتىرىلەشكە ئەرزىيدۇ. بىراق، جەنۇبى سۇڭ سۇلالىسىنىڭ قارشى تەرىپى جۇرجىتلار بولۇپ، بۇنىڭ بىلەن مانجۇلار ئوتتۇرد-

سىدا يەنە ئېتىنىك مۇناسىۋەت بار. بۇ مەسىلە، مۇشۇ دەۋردىكى مىللى مۇناسى-
ۋەتكە تاقىلىدۇ. بولۇپمۇ يوفېينىڭ «مەنجىياڭخۇڭ» ناملىق شېئىرىدا ئادەمنىڭ
زېنىغا تېگىدىغان بەزى سۆز-جۈملىلەر بار. مېنىڭچە بولغاندا، بىر تەرەپتىن،
تارىخ تەتقىقاتىدا بۇ مەسىلىلەردىن ئۆزىنى قاچۇرۇش هاجەتسىز. ئۇنىڭ تۆھپى-
لىرىنى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ئاساسىدا يەنىلا مۇئەييەنلەشتۈرۈش
كېرەك. يەنە بىر تەرەپتىن، ئەدىبىي-سەنئەت ئەسەرلىرىدە مۇشۇ كۈندى-
كى مىللى مۇناسىۋەتنى نەزەردە تۇتۇش كېرەك. بەزى مەسىلىلەردىن ئۆزىنى
قاچۇرماي بولمايدۇ. ئەمدى شىخەي ئىنقىلاۋىغا كەلسەك، بۇ ئىنقىلاپ چىرىك
ۋە تەن ساتقۇچ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە قارشى تۇرغان. ئۇ چاغلاردا مانجۇ-
لارنى چەتكە قېقىش، مانجۇلارغا قارشى تۇرۇش ئومۇمى ئېقىم بولۇپ قالغان.
ئەينى ۋاقىتتىكى تارىخى شارائىتتا بۇنى چۈشىنىشكە بولىدۇ. چىڭ سۇلالىسىغا
قارشى تۇرۇش مانجۇ ھۆكۈمرانلىقىغا زەربە بېرىشتىن ئايرىلىپ كېتەلمەيدۇ. تىغ
ئۇچىنى مانجۇ ھۆكۈمرانلىقىغا قارىتىش بىلەن دالۇلەرنى قوغلاپ چىقىرىپ جۇڭ-
خۇانى ئەسلىگە كەلتۈرۈش شۇئارىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى، ئەينى ۋاقىتتىكى ئىن-
قىلاۋى ۋەزىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر يۈزلىنىشى ئىدى. بىراق، شىخەي
ئىنقىلاۋىدىن كېيىن ۋەزىيەتتە ئۆزگىرىش بولدى. شۇ ۋاقىتتىكى ئىنقىلاپنىڭ
ئۇلۇق يولباشچىسى سۇن جۇڭشەن دەل ۋاقتىدىلا بەش مىللەت جۇمھۇرىيىتىنى قوغ-
لاندى دالۇ ھاكىمىيىتى ئورنىغا دەسسىتىپ، جۇڭخۇانى ئەسلىگە كەلتۈردى. بۇنىڭ
بىلەن تارىختا يۈز بەرگەن بەزى ۋەقەلەردىن ئەينى ۋاقىتتىكى ئەھۋالنى نەزەر-
دە تۇتۇپ مىللى كەيپىياتقا ئېتىۋار بېرىپ ئۆزىنى قاچۇرۇشنىڭ يەنىلا زۆرۈر-
يىتى بار.

ئەڭ ئاخىرقى بىر مەسىلە: جۇڭگو ئەزەلدىن تارتىپ كۆپ مىللەتلىك دۆ-
لەت دەپ ئاتاش مەسىلىسى: بەزى يولداشلار. جۇڭگو ئەزەلدىن تارتىپلا كۆپ مىل-
لەتلىك دۆلەت دەپ ئاتاش جۇڭگو مىللى مۇناسىۋەت تارىخى تەتقىقاتىنى چوڭ-
قۇرلاشتۇرۇشنىڭ ئەڭ چوڭ پۇتلىكاشاڭى دەپ قارايدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى. بۇ
خىل تونۇشمۇ تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ. 1981-يىلى بېيجىڭ شاڭشەندە ئېچىل-
غان بىر يىغىندا مەن مۇنداق دېگەن ئىدىم: «ئەزەلدىن تارتىپ» دېگەندىكى بۇ
«ئەزەلدىن» زادى قايسى دەۋردىن باشلىنىدۇ؟ بۇ «ئەزەلدىن» ئادەتتە چىن، خەن
سۇلالىلىرى دەۋرىدىن باشلىنىدۇ. چىن، خەن سۇلالىلىرى دەۋرىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭ-
لىكتە ھوقۇقنى بىرلەشتۈرگەن فېئوداللىق دۆلەت ۋۇجۇتقا كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن
بىر ۋاقىتتا شىمالدا ھۇن دۆلىتىمۇ بولغان. بۇ دۆلەت شىمالدىكى نۇرغۇن قەۋم-
لەرنى بىرلەشتۈرگەن. بوگۈنكى كۆزدە قارىغاندا، ئەينى ۋاقىتتىكى جۇڭگودا بىر-
لىككە كەلگەن ھاكىمىيەتتىن ئىككىسى بولغان. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، كۆپ

مىللەتلىك دۆلەتتىن ئىككىسى بولغان. تارىخنىڭ تەرەققىياتى بىلەن ھۇن دىگەن نام ئىستىمالدىن قالدى. بىراق، ئۇلارنىڭ غەرپكە كۆچكەن قىسمىدىن باشقا، يەنە مۇتلەق كۆپ قىسمى خەنزۇ ۋە باشقا مىللەتلەرگە سىڭىپ كەتكەن. مۇشۇ سەۋەپتىن، كۆپ مىللەتلىك دۆلەتنىڭ شەكىللىنىشى چىن، خەن سۇلالىلىرى دەۋرىدىن باشلىنىدۇ. بۇ دۆلەت ئىككى مىڭ يىللىق تەرەققىيات ۋە ئۆزگىرىشلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئەڭ ئاخىرقى فېئوداللىق سۇلالە-چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەن، ۋەتىنىمىزنىڭ چېگراسى ۋە مىللەتلىرى ئالقاچان مۇقىملاشقان. مېنىڭ قارىشىمچە، جۇڭگو ئەزەلدىن تارتىپ كۆپ مىللەتلىك دۆلەت دىگەننى مۇشۇنداق چۈشەنسەك، جۇڭگو مىللى مۇناسىۋەت تارىخى تەتقىقاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا پايدىلىق بولىدۇ.

---

تەھرىرنىڭ ئىزاھاتى:

① بۇ ئىككى ماقالە توپلىمىنىڭ بىرسى «جۇڭگو مىللى مۇناسىۋەت تارىخىغا دائىر ماقالىلار توپلىمى» 1-، 2-قىسىم، «مىللەتلەر نەشرىياتى»، 1982-يىل. يەنە بىرسى «جۇڭگو مىللى مۇناسىۋەت تارىخىغا دائىر ئىلمىي ماقالىلاردىن تاللانما» گەنسۇ مىللەتلەر نەشرىياتى، 1983-يىل.

② يولداش لى يىمىڭ «قەدىمقى مىللى كىتاپلارنى رەتلەش ۋە بۇنىڭغا دائىر بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدا — مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمقى كىتاپلىرىنى رەتلەش خىزمەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق»، «مىللەتلەر ئىتتىپاقى»، 1983-يىلى 7-ئاي.

«مىللەتلەر تەتقىقاتى» ژورنىلىنىڭ 1985-يىلى 3-سانىدىن،
ھاشىم تۇردى تەرجىمىسى.

# ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى تەنقىدىي رېئالىزم خاھىشى ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە

رىسالەت شېرىپ

ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ئەمگەكچان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇزاق ئەسىرلەر داۋامىدا ياراتقان شانلىق ئىجتىمائىي ئومۇمىي تارىخىنىڭ بىر قىسمى؛ ئۇ، مىللىتىمىزنىڭ ئۆزىنى شەكىللەندۈرۈش، تەبىئەت بىلەن كۈرەش قىلىش، ئۆزگەرتىش، ئۆزى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت تۈرلۈك مۇرەككەپ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرى جەريانىدا يارىتىلغان. شۇڭلاشقا ئۇ ئىنسانىيەت مەنىۋى مەدەنىيەت غەزىنىسىنى بېيىتقان شانلىق مەدەنىيەت بايلىقى. خەلقىمىزنىڭ تەبىئەت ۋە جەمئىيەتنى ئىستېتىك نۇقتىدىن ئۆزىنىڭ مىللىي پىسخىكىسىغا خاس يۈكسەك سەۋىيە بىلەن چۈشەنگەنلىكىنىڭ سەمەرىسى. ئۇ، ئىجتىمائىي پىكىر تەرەققىياتىدا تارىختىن بۇيان ئەنئەنە سۈپىتىدە داۋاملىشىپ كەلگەن ئىزچىللىققا ئىگە. بۇ خىل تارىخىي ئىزچىللىق ئەدەبىياتىمىزدا ئىجتىمائىي ئورگانىزىملىق، ئىجتىمائىي تەنقىدىي رېئالىزىملىق ۋە دېموكراتىك ئىدىيەلەرنىڭ XI ئەسىردىن XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئاساسىي تېماتىك مەزمۇن بولۇپ كەلگەنلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ.

گۇمانىزىم ئەدەبىيات ـ سەنئەت گۈللىنىشى دەۋرىدىكى ياۋروپا يېڭى بۇرژۇئازىيىسىنىڭ فېئودالىزمغا، دىنىي تېئولوگىيىگە قارشى ئىدىيە سىستېمىسىدىن ئىبارەت. ئۇ، ئالدى بىلەن ئادەمنى مەركەز يەنى ئادەمنى ئاساس قىلىش؛ ئادەمنىڭ قەدىر ـ قىممەت، يۇقىرى خىسلەت كۈچ ـ قۇدرەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى تونۇش، ئادەمنىڭ جاسارىتىنى ئاشۇرۇپ، رېئال دۇنيادا ياشاشنىڭ ئەھمىيىتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش، ئۇنىڭ ھالاۋەتلىرىدىن بەھرىمەن بولۇشنى تەلەپ قىلىش، ئىندىۋىدۇئال ئازاتلىق، ئەركىنلىك ۋە بەختكە تەلپۈنۈش، ئىنسان تەبىئىتىدىكى گۈزەللىك ۋە ئالىيجاناپلىقنى مەدھىيىلەش، قىسقىسى فېئودالىزمنىڭ رەھىمسىزلىكىگە قارشى ھالدا رەھىمدىللىكنى تەشەببۇس قىلىش، ئىنسان تەبىئىتى ئارقىلىق ئىلاھىي ھاكىمىيەتكە، ئىندىۋىدۇئال ئازاتلىق ئارقىلىق تەركىي دۇنيالىققا، ئىدراك

ئارقىلىق جاھالەتچىلىككە قارشى تۇرۇش - گۇمانىزىمنىڭ توپ مەزمۇنى ۋە كونك-
كىرىت ئىپادىلىرى ھىساپلىنىدۇ. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئىجتىمائى گۇمانىزىملىق
ئىدىيە قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ياشىغان ئەبۇ ناسىر فارابى-
نىڭ پەزىلەتلىك شەھەر ئاھالىسى ھەققىدىكى تەلىماتلىرىدىن باشلىنىپ، «قۇتادغۇ-
بىلىك» تە بىر قەدەر يۇقۇرى سەۋىيىدە ئوبرازلاشتۇرۇلدى.

فارابى ئۇيغۇر ئىدىئولوگىيىسى ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئىجتىمائى گۇ-
مانىزىملىق ئىدىيە سىستېمىسىنىڭ ياراتقۇچىسى. ئۇنىڭ گومانىزىمى، ئادەمنى دۇن-
يانىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنەلەيدۇ ۋە بىلەلەيدۇ دەپ قاراش، ئادەمنى مۇئەييەنلەش-
تۈرۈش، ئادەمنى مەركەز قىلىش، بەختنى رىيال دۇنيادىن ئىزدەش، ئۇنىڭغا كۆ-
رەش قىلىش ئارقىلىق ئېرىشىشنى تەشەببۇس قىلىش، ملىلى، سىنىپىي زۇلۇمنى
ئىنكار قىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئادەملەر ئارا باراۋەرلىكنى تەلەپ قىلىش قاتار-
لىقلاردىن ئىبارەت. پەزىلەتلىك شەھەر ئاھالىسى ھەققىدىكى ۋە بۇ شەھەرگە باش-
لامچى بولۇش كېرەك بولغان ئىقتىدارلىق ۋە ئادالەتلىك شاھ ھەققىدىكى كۆز
قاراشلار مۇشۇ گۇمانىزىملىق كۆز قاراش ئاساسىغا قۇرۇلغان. دېمەك، ياۋروپا گۇ-
مانىزىمىنى فارابى گۇمانىزىمىنىڭ بىۋاستە داۋامى، تارىخى راۋاجى دەپ ئېيتىشقا
بولىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ، لوتفى ئەسەرلىرىدە يارىتىلغان ئادىل شاھ ئوبراز-
لىرى بۇ خىل گۇمانىزىملىق نەزىرىيەنىڭ ئەمىلىيەتكە ئايلىنىشى ياكى ئوبراز-
لاشتۇرۇلىشى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. گۇمانىزىملىق ئىدىيىنىڭ توپ نېگىزى ئادەمنى
مەركەز قىلىش، ئادەمنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا
بۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى گۇمانىزىمى ۋە ياۋروپا گۇمانىزىمىغا نىسبەتەن ئورتاق بول-
غان ئەدەبىيات - سەنئەت ھادىسىسى (بۇ، باشقا بىر تەتقىقات تېمىسى).

يۈسۈپ خاس ھاجىپ فارابى پەلسەپە ئىدىيىسىنىڭ ئىجتىمائى گۇمانىزىم-
لىق ئىدىيە سىستېمىسىنىڭ ئۇزۇل - كېسىل ۋارىسى بولغاچقا، فارابى تەرىپىدىن
غايىۋى تەسەۋۋۇر ۋە مەنتىقى نەزىرىيە ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان قاراشلارنى
كونكرېت ۋە ھىسسى ھالدا يۈكسەك دەرىجىدە ئوبرازلاشتۇرۇپ ئىپادىلىدى.

خاس ھاجىپ گۇمانىزىمىنىڭ توپ نېگىزى مەملىكەتنى ئادالەت ۋە ئىلىم
بىلەن باشقۇرۇش، شۇ ئارقىلىق جەمىيەتتىكى ھەر قايسى تەبىقە كىشىلىرىنى ئور-
تاق پاراۋانلىققا ئېرىشتۈرۈش، ھەمدە قارا خانىلار سۇلالىسىنىڭ فېئوداللىق ئا-
ساسىدىكى ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ۋە ئۇنى داۋاملاشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئى-
دى. XI ئەسىردىكى ئىچكى - تاشقى زىددىيەتلەر ئىسكەنجىسىدە قالغان، غۇلاپ
كېتىش ئېھتىمالى يۈز بېرىۋاتقان قارا خانىلار سۇلالىسىنىڭ پوتكۇل سىياسى، ئىق-
تىسادىي، ھەربى ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى رىياللىغى يۈسۈپ خاس ھاجىپتىكى
ئىجتىمائى گۇمانىزىملىق ئىدىيىنى بارلىققا كەلتۈرگەن زېمىن، ياكى مۇنداقچە ئېيت-

قالدا، بۇ خىل ئىدىيىنى تۇغدۇرغان تارىخىي زۆرۈرىيەت ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇ «قۇتادغۇ بىلىك» تە دۆلەت ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەشنى سىمۋوللۇق ئوبرازلار ئارقىلىق گەۋدىلەندۈرۈپ، خەلقنى بەختكە ئېرىشتۈرۈشنىڭ سىياسىي ۋە ئەخلاقىي يوللىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ خىل ئىدىيە يەنە تەرەققىي قىلىپ، ئىجتىمائىي تەنقىدىي رېئالىزىملىق خاھىشقا ئىگە شائىرلار ئەلشىر ناۋايى، خىرقىتى قاتارلىقلارنىڭ غەزەللىرىدە چوڭقۇر مەزمۇنلۇق، قويۇق لىرىكىلىق مىسرالار بىلەن ئىپادىلەندى. بولۇپمۇ ناۋايىنىڭ «چاھاردىۋان»، «خەمسە» قاتارلىق بىر يۈرۈش ئەسەرلىرىدە، شائىر ئىنساننىڭ كەڭ ئىچكى دۇنياسىنى، زاماننىڭ ئەڭ مۇھىم قارىمۇ-قارشىلىقلىرى ۋە ئۆزىنىڭ قويۇق تەنقىدىي رېئالىزىملىق، ئىنسانپەرۋەرلىك ئارزۇ-ئارمانلىرىنى ئەكس ئەتتۈردى.

تەنقىدىي رېئالىزىم جاھان ئەدەبىياتىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، كاپىتالىزىمنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەتلەر ئۆتكۈرلەشكەنلىكىنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتىدىكى ئىنكاسى، ئۇ ياۋروپا ئەدەبىيات-سەنئىتىدە XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ يېتەكچى ئورۇندا تۇرۇشقا باشلىغان بىر خىل پىكىر ئېقىمىدىن ئىبارەت. ئەمدى ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى ئىجتىمائىي تەنقىدىي رېئالىزىملىق خاھىش ئۇنىڭدىكى ئىجتىمائىي گۇمانىزىملىق ئىدىيىنىڭ بىۋاستە داۋامى، تارىخىي راۋاجى بولۇپ ئۇ غەربىي ياۋروپادىكىگە ئوخشاش كاپىتالىزىم تەرەققىي قىلىپ مونوپول باسقۇچىغا يەتكەنلىكىنىڭ ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە فېئودالىزىمنىڭ گۈللەنگەن دەۋرى ۋە ئۇنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىنىڭ مەھسۇلى. بۇمۇ ئەدەبىياتىمىزدىكى بىر خىل پىكىر ئېقىمى بولۇپ، بىر قەدەر ئىزچىللىققا ئىگە بولدى. مۇشۇ خىل پىكىر ئېقىمى يەنە ئەدەبىياتىمىزنى ھەقىقىي ھالدا رېئاللاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ رېئال ھايات ھادىسىلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى قويۇقلاشتۇردى. گەرچە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ئەدەبىياتىمىزدا رېئال ھايات ھادىسىلىرى ھەر تەرەپلىمە ھالدا ئىپادىلەنسىمۇ، ئەمما ئۇ بەدىئىي ئىپادىلەش قاتارلىق جەھەتلەردە بەزى خىياللىق ۋە سىرلىق ئامىللىرىدىن خالىي بولالمىدى. بۇنداق سىرلىق ئامىللار گەرچە شائىرلارنىڭ ئىجادىي تەپەككۇر ۋە تەسەۋۋۇرىنىڭ تېخىمۇ قاناتلىنىشىغا، ئۆز پىكىرلىرىنى يەنىمۇ جانلىق، ئىنتىلىستىك ۋاستىلار بىلەن ئىپادىلەشكە ياردەم بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ھامان بەزىدە سىرلىق (تىلسىملىق) بولغاچقا، بۇ ئەدەبىياتنىڭ رېئاللىقىدىن رومانتىكلىقى كۈچلۈك ئىدى. شۇ نۇقتىدىن، ئۇنىڭ رېئال ھايات بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى سۇسراق ئىدى. تەنقىدىي خاھىشلىق پىكىر ئېقىمى بۇ خىل ھالەتنى يېڭىپ، ئۇنىڭدا جەمئىيەتتىكى كۆپچىلىك كىشىلەر كۆڭۈل بۆلىۋاتقان مەسىلىلەرنى رېئالىستىك روھتا تەسۋىرلىدى. شۇڭا ئەدەبىياتىمىزنىڭ رېئال ھايات ھادىسىلىرى بىلەن بولغان مۇ-

ناسۇتى ئېلگىرىكىگە قارىغاندا يەنىمۇ ئېلگىرىلىگەن ھالدا قويۇقلاشتى، شۇنداقلا بۇ خىل پىكىر ئېقىمى كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ XV ئەسىردىن كېيىنكى تېما-تىك مەزمۇنىنى تەشكىل قىلىپ، XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە XX ئەسىرنىڭ باش-لىرىغىچە داۋاملاشتى.

فېئودال ئەمەلدارلار ۋە يەرلىك بەگ تۆرىلەردىكى ئاچكۆزلۈك، كۈندىن-كۈنگە ئېغىرلىشىۋاتقان سىنىپىي، مىللىي زۇلۇم ھەم ئېكسپىلاتاتسىيە، ئوخشاش بولمىغان دىنىي مەزھەپلەر ئارا ئۈزلۈكسىز داۋام قىلىپ خەلققە بالايى-ئاپەت-لەرنى كەلتۈرىدىغان ئىچكى-تاشقى نىزالار، تەبىقىچىلىك، نىكاھ ھۆددىچىلىكى، سۆيگۈ-مۇھەببەت ئەركىنسىزلىكى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىجتىمائىي پاجىئەلەر كىلاس-سىك ئەدەبىياتىمىزدىكى تەنقىدىي خاھىشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئامىللار؛ شۇنداقلا ئۇ پاش قىلىدىغان ئىجتىمائىي ھادىسىلەر بولدى. بۇ خىل تەنقىدىي خاھىش بۈ-يۈك شائىر ناۋايىنىڭ «لەيلى ۋە مەجنۇن»، «پەرھات ۋە شېرىن» داستانلىرىدا دەسلەپكى قەدەمدە ئەكس ئېتىپ، خىرقىتىنىڭ «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام»، موللا ئەلەم شاھيارىنىڭ «گۈل ۋە بۇلبۇل». نىزارىنىڭ «رابىيە-سەئىدىن». موللا بىلال (نازىم) نىڭ «نوزۇگۇم» قاتارلىق بىر يۈرۈش ئەسەرلىرىدە تەرەققىي قىلىپ، ئۆزى-نىڭ يۈكسەك ئىپادىسىنى تاپتى.

ناۋايىي ئوتتۇرا ئەسىردىكى سوپىستىك ئەدەبىياتقا قارشى كورەشكۈچى قەي-سەر جەڭچى سۈپىتىدە، ئۆزىنىڭ ئالەمشۇمۇل شۆھرەتكە ئىگە ئەسىرى «خەمسە» دىكى يالقۇنلۇق داستانلىرى ئارقىلىق ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى تەنقىدىي رېئالىزىم-لىق ئىدىيە سىستېمىسىغا كۈچلۈك ئاساس سالدى ۋە ئۇنى مول مەزمۇنغا ئىگە قىلدى. ناۋايىنىڭ «لەيلى ۋە مەجنۇن» داستانى باشلامچىلىق رول ئوينىغان ئە-سەر بولۇپ، ئۇنىڭدا ساپ مۇھەببەتنىڭ يالقۇنلۇق ئوتلىرىدا كۆيگەن قەيس ۋە لەيلىدىن ئىبارەت ئىككى ياشنىڭ ئىشىق سەرگۈزەشتىلىرى، ھەر خىل توسقۇنلۇق، قارشىلىقلار تۈپەيلىدىن بۇ ئىككى ياشنىڭ ۋىسال ئارزۇسىغا يېتەلمەي، ئاخىرى ئارمان ئىچىدە بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشقانلىقىدىن ئىبارەت ئىجتىمائىي پاجىئە تەسۋىرلەنگەن.

بۇ داستاندا ناۋايى ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ئەرەپ خەلقلىرى ئارىسىدا تار-قالغان لەيلى ۋە مەجنۇن رىۋايىتىدىن ئىجادىي پايدىلىنىپ، فېئودالىزىم جەمئىيە-تىدە ئەڭ تۆۋەن قاتلام ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ تىپىك ۋەكىلى بولغان لەيلى-مەج-نۇننىڭ پاجىئەلىك مۇھەببىتىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق بۇ پاجىئەنىڭ تۈپ سەۋەب-چىسى بولغان تەڭسىز فېئودالىزىم تۈزۈمىنى پاش قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئۈستىدىن خەلق نامىدىن شىكايەت قىلىدۇ.

بۇ داستاندا يارىتىلغان ئاساسى ئوبرازلارنىڭ بىرى قەيس (مەجنۇن) بو-

لۇپ، ناۋايى ئۇنى ئۆز دەۋرىنىڭ سەۋىيىسىدىن خېلىلا ھالقىپ كەتكەن تالانتلىق
شائىر، ئالىم ۋە يېتىشكەن بىر پەيلاسوپ سۈپىتىدە تەسۋىرلەيدۇ. قەيسىنىڭ تالانت-
تى ساۋاقداشلىرىنىلا ئەمەس، ئۇستازلىرىنىمۇ، ھەتتا فېئودال كوچلەرنىڭ جاھىل
ۋەكىلى بولغان لەيلىنىڭ ئاتىسىنىمۇ چوڭقۇر تەسىرلەندۈرىدۇ، قايىل قىلىدۇ. قەيس
شۇ دەرىجىدىكى تالانت ئىگىسى بولسىمۇ، لېكىن «تۆۋەن تەبىقە» گە مەنسۇپ
بولغىنى ئۈچۈن، جەمئىيەتتە تېگىشلىك ئورۇنغىمۇ ئىگە بولالمايدۇ. ئۆزىدىن يۇ-
قۇرراق تەبىقىگە مەنسۇپ بولغان بىر قىزغا مۇھەببەت ئىزھار قىلغانلىقى ئۈ-
چۈن گۇناكار ھىساپلىنىپ، پۇتلىرىغا كىشەن سېلىنىدۇ، ئىنسانى ئەركىنلىكى ئېغىر
دەپسەندە قىلىنىدۇ. بۇ خىل ئىجتىمائى تەڭسىزلىكتىن قاتتىق نارازى بولغان
قەيس ئاخىرى ئىنسانلار ئارىسىدا ياشاشتىن قول ئۈزۈپ چۆل-جەزىرىلەرنى ما-
كان تۇتىدۇ، ھايۋانلار بىلەن ئۈلپەتلىشىدۇ. ئۇ مۇھەببەتنى چوڭقۇر چۈشەنگەن
ھەقىقى مۇھەببەت ئىگىسى بولغانلىقى ئۈچۈن، باشقىلارنىڭ مۇھەببىتىنى قەدىر-
لەپ، ئۇلارغا يول قويىدۇ ۋە ياردەم بېرىدۇ. ئاخىرىدا، ئۆز ھاياتىنى مۇھەببەت-
كە بولغان ساداقىتى يولىدا قۇربان قىلىدۇ. مانا بۇنىڭدىن بىز ئۇنىڭ خاراكتې-
رىدىكى مەرتلىك، ساداقەتلىك، قەيسەرلىك ئىسيانكارلىق روھىنى ئېنىق كۆرۈۋا-
لالايمىز.

داستاننىڭ سۆيۈملۈك قەھرىمانلىرىدىن يەنە بىرى بولغان لەيلىمۇ خۇددى
قەيستەك ئۆز دەۋرىنىڭ سەۋىيىسىدىن كۆپ ئالغا كەتكەن ئالىم، ساپ، ۋىژدان-
لىق، ئاقكۆڭۈل، ۋاپادار بىر قىزدۇر. ئۇ، ئىلىم-مەرىپەتنىڭ قەدىر-قىممىتىنى
ھەممىدىن بەك چۈشىنىدۇ. شۇڭلاشقا قەيستەك ئىلىم ئەھلىلىرىنى ئىنتايىن ھۆرمەت-
لەيدۇ. ئۇلارغا باھا بېرىشتە جەمئىيەت ئېقىمىنىڭ قارشىسىدا تۇرۇپ، فېئودال
ئاقسۆڭەكلەر تەرىپىدىن «مەجنۇن» (ساراڭ) دەپ ھاقارەتلەنگەن شائىر ۋە ئالىم
قەيسنى فېئودال كوچلەر چوقۇنغان ئېبنى سالامدىن يۇقۇرى قويىدۇ. لەيلى فې-
ئوداللىق ئەدەپ-ئەخلاق ئۈستىدىن ئىسيان كۆتىرىپ، ئەركىنلىك، ئازاتلىق ئۈ-
چۈن كۈرەش قىلغان، چىن ئىنسانىي مۇھەببەتنى قەدىرلەپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆز
جېنىنى قۇربان قىلغان چىداملىق، نومۇسچان، ئالىجاناپ، خىسلەتلىك خوتۇن-قىز-
لارنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە بۇ داستاندىن ئالاھىدە ئورۇن ئالغان.

«ھەي ئۆتكۈنچى دۇنيا سورۇلغايسەن! ھەي پەلەكنىڭ يۇلتۇزلىرى قوزغال-
غايسەن!....

ھەي پەلەك، گۇنايىم توگىدىمۇ ئاخىر؟ ئازاپلىرىڭ كۆڭلۈم ئۆيىنى بۇز-
دى ....»

مانا بۇ ئۆتكۈر، قىسقا، يالقۇنلۇق مىسرالاردىن ئىسيانكار قىز لەيلىنىڭ، پەلەك
ئۈستىدىن قىلغان ئاچچىق نالىسىنى، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى رىيال

ئىجتىمائىي تۈزۈمگە نىسبەتەن قاتتىق نارازىلىقىنى ئاڭلايمىز ھەم ئۇنىڭغا چوڭقۇر ھېسداشلىق قىلىمىز.

داستاندا شائىر دىنىي خۇراپاتلىق كۆز قارىشىغا قارشى تۇرۇپ، چىن ئىنسانىي مۇھەببەت ۋە ئازاتلىق ئۈچۈن كۈرەش قىلغۇچى ئەجايىپ كۈچلەرنىڭ ۋەكىللىرى — لەيلى، مەجنۇن ئوبرازىنى ياراتسا، بۇلارغا قارشى ھالدا لەيلىنىڭ دادىسى بىلەن ئىبنى سالامنى تەرەققىپەرۋەرلىكنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى، فېئودال كۈچلەرنىڭ باش ۋەكىلى قىلىپ تەسۋىرلەيدۇ. قىسقىسى، «لەيلى ۋە مەجنۇن» داستانى — ناۋائىينىڭ چىن ئىنسانىي مۇھەببەت، گۈزەل ئەخلاقىي قاراشلىرىنى نامايەن قىلىپ، فېئودال ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ رەھىمسىزلىكىنى قاتتىق مەسخىرە قىلغان يۈكسەك بەدىئىي ماھارەت ۋە ئىجادىي يېڭىلىق بىلەن يېزىلغان، روشەن رېيالىستىك ئۇسلۇبقا ئىگە بىر ئېپىك ئەسىرى ھېسابلىنىدۇ. ناۋائىي تەنقىدىي خاھىشى ئادالەتسىز شاھ، پەزىلەتلىك خەلق قارىشىنىڭ چوڭقۇر پەلسەپىۋى ھەم سەنئەتلىك ئوبرازلار بىلەن نامايەن قىلىنىشىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ بۇنداق يۈكسەك سەۋىيە بىلەن مەيدانغا كېلىشىنى بىر تەرەپتىن كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى بەزى ئەنئەنىۋى تەنقىدىي خاھىش تەمىن ئەتكەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن تۆمۈرىلەر دەۋرىدە ئۈزۈلمەي بولۇپ تۇرغان ھەربىي مالىمانچىلىقنىڭ ئېغىر ئازاپلىرىغا دۇچ كەلگەن كەڭ تۆۋەن قاتلام خەلقنىڭ ئاھ-زارلىرى ئىلگىرى سۈردى. شۇڭا ئەلشىر ناۋائىي «لەيلى ۋە مەجنۇن»، «پەرھات-شېرىن» غا ئوخشاش مەشھۇر ئەسەرلىرى ئارقىلىق كېيىنكى دەۋرلەردىكى بەزى تەنقىدىي خاھىشقا ئىگە يازغۇچى-شائىرلار ھەم بىر قىسىم ئەسەرلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە كەڭرى يول ئېچىپ بەردى.

ناۋائىيدىن كېيىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئىجتىمائىي تەنقىدىي رېيالىزملىق خاھىش خىرقىتى، موللا ئەلەم شەھيارى قاتارلىق شائىرلار تەرىپىدىن سىمۋوللۇق ئوبرازلار ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلدى، شۇنداقلا بۇ خىل خاھىش ئىلگىرىدىكى ئىستىخمىيىلىك ھالەتتىن يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ئابدۇرېھىم نىزارى ئىجادىيىتىدە رېيال ۋەقەلەر ئارقىلىق ئالاھىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى ۋە راسا ۋايىغا يەتكۈزۈلدى.

مەنچىڭ ھاكىمىيىتى XVIII ئەسىرنىڭ 50-يىللىرىدىن كېيىن ئۈستۈن ئەسكىرىي كۈچ ۋە رەھىمسىز ۋاستىلار بىلەن جۇڭغار خانلىقىنى ئاغدۇرۇپ، شىنجاڭ رايونىنى ئىشغال قىلىۋالدى. لېكىن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي ھۆكۈمرانلىقىنى شىنجاڭدا مۇستەھكەم ئورنىتۇپ كېتەلمىدى. ئۇيغۇر خەلقى مانجۇر ئىستىلاچىلىرىنى تەكرار قارشىلىق ۋە ئومۇمىي قوزغىلاڭ بىلەن كۈتىۋالدى. مانا مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا XIX ئەسىردىن باشلاپ مانجۇر خاندانلىقىنىڭ ئىستىبدات ھۆكۈمران-

لىغى ۋە ئۇلارنىڭ يەرلىك تايانچىلىرى بولغان ھۆكۈمرانلار سىنىپى مانجۇر ھۆ-
كۈمرانلىرىغا يېقىندىن ماسلىشىپ، خەلق ئاممىسى ئۈستىدىكى ئېكسپلاتاتسىيىنى
تېخىمۇ كۈچەيتتى. شۇ سەۋەپتىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مانجۇر ئىستىبداتلىرى ۋە يەر-
لىك ئەمەلدارلارغا قارشى باتۇرانە كۈرەشلىرى كۈنسايىن يۇقۇرى دولقۇنغا كۆتە-
رىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلۇم ئالدىدا جان تالىشىۋاتقان ئەكسىيەتچى كۈچلەر تې-
خىمۇ غالجىرلىشىپ، خەلق ئۈستىدىكى زۇلۇم ۋە قىرغىنچىلىقنى يەنىمۇ كۈچەيتتى.
مۇشۇنداق بىر تارىخى دەۋردە قەشقەر رايونىدىكى ئەمگەكچى خەلقمۇ ئۆز تارى-
خىدىكى ئەڭ ئېچىنىشلىق كۈنلەرنى باشتىن كۆچۈردى. ئابدۇرېھىم نىزارى ياشى-
غان دەۋر ئەنە شۇ XVIII ئەسىرنىڭ ئاخىرى، XIX ئەسىرنىڭ 1- يېرىمىدا، ئۇي-
غۇر خەلقى مانجۇر ھاكىمىيىتى ۋە ئۆز ئىچىدىكى يەرلىك فېئودال ھۆكۈمرانلار-
نىڭ زۇلمى ئاستىدا ئېزىلىپ، ئىنتايىن جاپا - مۇشەققەتلىك ئېغىر تۇرمۇش ئىچى-
دە ياشىغان مەزگىل ئىدى.
شائىر ئابدۇرېھىم نىزارى ئۆز زامانىسىنىڭ ئەڭ ئىلغار پىكىرلىك كىشىسى
بولغاچقا، خەلقىنىڭ كۈيىنى كۈيلەپ، ئۆزىنىڭ بىر يۈرۈش ئىجادىي ئەسەرلىرىنى
خەلق ئاممىسىغا بېغىشلىدى. شائىر ھاياتىنىڭ كۆپ قىسمى كەمبەغەلچىلىكتە ئۆت-
كەنلىكى ئۈچۈن، خەلققە چوڭقۇر ھېسداشلىق بىلدۈرۈپ، فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ
زۇلۇمىغا، قاراڭغۇ جەمئىيەتكە نەپرەت كۆزى بىلەن قاراپ، ئۆزىنىڭ رىيال جەمى-
يەتكە بولغان كۈچلۈك نارازىلىقىنى ئۆز ئەسەرلىرىدە يارقىن ئىپادىلىدى. شۇڭا
ئۇ ئىجات قىلغان بىر مۇنچە مۇھەببەت داستانلىرى ئارقىلىق بىر تەرەپتىن ئا-
سارەت زەنجىرى بىلەن كىشەنلەنگەن خەلقىنىڭ مۇڭ - زارىنى ئەكس ئەتتۈرسە،
يەنە بىر تەرەپتىن، بىر قاتار رىيال ۋە غايىۋى ئوبرازلارنى يارىتىپ، فېئودال -
لىق زۇلۇم ئاستىدا ئېزىلىۋاتقان جاپاكەش ئەمگەكچىلەرنىڭ ھۆرلۈككە بولغان
تەلپۈنىشىنى، ۋاپادارلىق، ھەققانىيەت ۋە سەممىيەتلىككە بولغان قىزغىن مۇھەب-
بىتىنى ئىپادىلىدى ۋە ئادالەتسىز زامان، زالىم، خىيانەتچى، پارىخور ئەمەلدار-
لارنى قاتتىق ئەيىپلىدى. شۇنىڭ بىلەن خەلقىنىڭ ئەينى دەۋردىكى زۇلمەتلىك
جاھالەتلىك زامانغا قارشى ئۆرلىگەن نارازىلىق كەيپىياتىنى ئوبرازلىق تەپەككۇر
ۋە باي ئەدەبىي تەساۋۋۇر ياردىمىدە ئاجايىپ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەكس ئەتتۈرۈپ،
ئىنسانلار ئارىسىدىكى چىن سۆيگۈ ۋە پاك مۇھەببەتنى پۈتكۈل ئىنسانىي پەزىلەت-
لەرنىڭ ئەڭ يۇقۇرى چوققىسى دەپ ھىساپلىدى.
بۇ خىل ئىدىيە ۋە غايە نىزارىنىڭ ۋەكىل خاراكتېرىگە ئىگە ئەسىرى —
«رابىيە - سەئىدىن» داستانىدا ئەڭ گەۋدىلىك ئىپادىلەندى. داستان قۇرۇلمىسى جە-
ھەتتىن ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، قويۇق رىيالىزىملىق روھ بىلەن
سۇغۇرۇلغان. ئۇنىڭدا تەسۋىرلەنگەن ۋەقە ھەم ئوبرازلارنىڭ ھەممىسى قەشقەرنىڭ

تەلۋىچۇك دەرياسى بويىدىكى كۆكچى يېزىسىدا يۈز بەرگەن بىر قېتىملىق ھەقىقى رىيال ۋەقەلىكتىن ئېلىنغان. شۇڭا ئەسەرنىڭ رىيال مەزمۇنى ناھايىتى كۈچلۈك بولغان. ئۇنىڭدا تەسۋىرلەنگەن ۋەقەلىك ۋە ئوبرازلار ئەينى دەۋر ئۇچۇن روشەن ئومۇملىققا ئىگە.

بۇ داستاننىڭ سيۇژېتى مەسىلىسىدە شائىر ئوتتۇرا ئاسىيا، جۈملىدىن ئۇيغۇر داستانچىلىقىدا ئىلگىرى شەكىللەنگەن «پەرھات ـ شېرىن»، «لەيلى ۋە مەجنۇن» غا ئوخشاش ئەنئەنىۋى سيۇژېتلارنى تەكرارلىماستىن، ئەينى دەۋردە كۈچلۈك رىيال ئىزنالىرى بولغان تۇرمۇش ۋەقەلىكىنى تاللىۋېلىپ ھەم ئۇنى يۈكسەك ھالدا ئومۇملاشتۇردى. ئەسەر سيۇژېتىنى شەكىللەندۈرۈش، قانات يايدۇرۇش، بىر تەرەپ قىلىش قاتارلىق ماھارەت مەسىلىلىرىدە بولسا، كىلاسسىك داستانچىلىقتىكى بەدىئى ئەنئەنىلەرنى جارى قىلدۇردى، مۇشۇ نۇقتىدىن ئالغاندا «رابىيە ـ سەئىدىن» داستانى رىيال تۇرمۇش ۋەقەلىكى ئەنئەنىۋى ئۇسۇلدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئۈلگىلىك ئەسەر ھېساپلىنىدۇ. شائىر بۇ داستانىدا XIX ئەسىردىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە زاۋاللىققا يۈزلەنگەن فېئودالىزىم مۇھىتىدا ياشىغان رابىيە ۋە سەئىدىندىن ئىبارەت ئىككى ياشنىڭ مۇھەببەت پاجىئەسىنى تىپىكلەشتۈرۈپ تەسۋىرلەپ، ئادەمخور كونا جەمئىيەتنىڭ رەزىل ماھىيىتىنى، فېئودالىزىمنىڭ مەنىۋى ـ ئەخلاقى جەھەتتە چىرىكلىشىپ، زاۋاللىققا يۈزلەنگەنلىكىنى ئەزەپ بىلەن پاش قىلدى، ئەركىنلىككە ئىنتىلگەن ئىككى ياشنىڭ ئېچىنىشلىق مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرىنى ئۆز داستانىنىڭ سيۇژېتىغا ئايلاندۇرۇپ، چىرىك فېئوداللىق تۈزۈمگە، ئۇنىڭ مەھسۇلى بولغان سۆيگۈ ئەركىنسىزلىكى، نىكا ھۆددىچىلىكىگە، ئىناق ئائىلە، خاتىرجەملىكنىڭ دۈشمەنلىرىگە، ئەركىنلىك ۋە ھەققانىيەتنىڭ ياۋۇز قاتىللىرىغا قارشى ئاشكارە جەڭ ئېلان قىلدى. شائىر رىيالىزىملىق ئىجادىيەت پىرىنسىپىغا ئەمەل قىلىپ، رابىيە بىلەن سەئىدىنگە ئوخشاش ئىجابى قەھرىمانلار ئوبرازىنى ياراتسا، بۇلارغا قارشى ھالدا ياقۇپ، جابىرغا ئوخشاش فېئوداللىق تۈزۈم ھامىيلىرىنىڭ يىرگىنىشلىك ئوبرازىنى يارىتىپ، فېئودالىزىمنىڭ كىشىلىك ئەركىنلىكىنى ۋە ئىنسانىي ھوقۇقىنى دەپسەندە قىلىدىغان رەزىل ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلىدى. فېئودالىزىمنىڭ بۇ خىل ماھىيىتىنى، جاپاكەش خەلق ئاممىسى ۋەكىللىرى بولغان سەئىدىن، ئۇنىڭ دادىسى ھەمدە رابىيەنىڭ مەنىۋى دۇنياسى، ئىجتىمائى قاراشلىرى بىلەن روشەن سېلىشتۇرۇپ، ئەينى زاماندىكى سىنىپىي تەڭسىزلىكنىڭ ئىجتىمائى مەنبەئىنى ئاشكارە كۆرسىتىپ بەردى.

بۇ داستاندا ئالاھىدە مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىلغان ئوبراز ئىسيانكار قىز رابىيە ئوبرازى بولۇپ، ئۇ، ئاقكۆڭۈل، ئىرادىلىك، پاك، ۋىژدانلىق، ساپ مۇھەببەت ئىگىسى. ئۇ ھۆرلۈك ۋە مۇھەببەت ئەركىنلىكى يولىدا فېئودال قارا كۈچ-

لەرنىڭ ماددى ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى توساقلىرىنى يوكسەك قارشىلىق كۆرسىتىش روھى ئارقىلىق دادىل بۆسۈپ ئۆتكەن قەھرىمان ئۇيغۇر قىزىدۇر. ئۇ ئۆزى كېلىپ چىققان ئائىلىسىنىڭ قاراڭغۇ مۇھىتىنى يىرتىپ تاشلاپ، بەرتلىك ۋە ساداقەتلىك خىسلىتىگە ئىگە بولغان سەئىدىننى چىن قەلبىدىن ياخشى كۆرىدۇ. ئۇنىڭ ئەمگەكچى خەلققە خاس بولغان مەنىۋى - ئەخلاقىي پەزىلەتلىرىدىن روھى ئوزۇق ۋە ئىلھام ئالىدۇ. سەئىدىننىڭ مۇھەببىتىگە مۇئامىلە قىلىشتا، ئۆز دادىسى ياقۇپ ۋە جابىر ۋەكىللىكىدىكى فېئودال كۈچلەرنىڭ قارشىسىدا مۇستەھكەم قورغان سۈپىتىدە تۇرۇپ، مۇھەببەت ئەركىنلىكى ئۈچۈن كورەش قىلىدۇ. رابىيە، فېئودالىزىمنىڭ زۇلمەت كۈچلىرى تەرىپىدىن قاتتىق ھاقارەتلەنگەن كەمبەغەل، ئەمما ۋىژدانلىق، ساداقەتمەن دىخان يىگىتى سەئىدىن ھەم ئۇنىڭ پاك مۇھەببىتىنى فېئودالىزىمنىڭ گوماشتىسى جابىر قاتارلىقلارنىڭ شەھۋانىي نەپسىدىن مىڭ مەرتىۋە ئۈستۈن قويىدۇ، سەئىدىننىڭ مۇھەببىتىگە سادىق بولۇشنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدۇ. شۇ سەۋەپتىن ئۇ ئۆز دەۋرىنىڭ يېڭىپ بولمايدىغان قارشىلىقلىرىغا ئۇچرايدۇ. ئىجابى كۈچلەر بىلەن سەلبى كۈچلەرنىڭ كۈچ سېلىشتۇرمىسى ئاجايىپ پەرقلىق بولغان بۇ كورەشتە رابىيە ئاخىرى ئۆز ھاياتى ۋە پائالىيىتىنى ئېچىنىشلىق پاجىئە بىلەن ئاخىرلاشتۇرىدۇ. رابىيەنىڭ بۇ خىل تىراگىدىيىسى XIX ئەسىر ئۇيغۇر جەمىيىتىگە نىسبەتەن بىر قەدەر ئومۇمىيۈزلۈك تىپىك ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان، مۇھىت تەرىپىدىن مۇقەررەر تۇس ئالغان تىراگىدىيە، شۇنداقلا چىرىك فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ پاجىئەلىك ئاقىۋىتىدىن ئىبارەت.

زالىملىقتا ئۇچىغا چىققان ياقۇپ، قىزى رابىيەنىڭ سەئىدىنگە بولغان چىن مۇھەببىتىنى نەزەرگە ئىلماي، ئۇنىڭ سەئىدىن بىلەن توي قىلىشىنى رەت قىلىدۇ. ئۆز ئارزۇسىغا يېتەلمىگەن سەئىدىن بۇ دۇنيادىن پاجىئەلىك ھالدا جۇدا بولىدۇ. رابىيە ئۆز ئاشىقىنىڭ ماتەم خەۋىرىنى ئاڭلىغان چاغدا ياش ئورنىغا قان يىغلايدۇ: «ئاھ ئىست! غېرىپ بولبۇلۇم كۆزۈمدىن ئۇچتۇڭ، گۈلۈم ئېچىلماي تۇرۇپلا كوز بورىنىغا يولۇقتى؛ ئاھ، جان چىراغىم ئۆچتى، قانداق قىلاي؛... بۇ جاھان كىملەرگە ۋاپا قىلغان؟! ۋاپا قىلىدىكەن، ئارقىدىن مىڭلاپ جاپا قىلىدۇ؛ قاراڭ بۇ زامانىنىڭ قىلمىشىنى! ئۇ ياخشى - يامان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى ھالاك قىلىدۇ...». يۇقۇرقى مىسرالار، زامان زۇلمى تۈپەيلىدىن پاك قەلبى جاراھەتلەنگەن ۋىژدانلىق قىز رابىيەنىڭ فېئوداللىق ئىمكا تۈزۈمگە قارشى نارازىلىق ھىسسىياتىنى روشەن ئېچىپ بېرىدۇ. بۇ مىسرالار ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئەينى ۋاقىتتىكى كەڭ تۆۋەن قاتلام خەلقنىڭ زۇلمەتلىك رىياللىققا بولغان ئومۇمىيۈزلۈك باھاسى ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئورتاق نارازىلىقى، ئۇلارنىڭ بۇ خىل رىياللىققا قارىتا كۈچلۈك ئاھۇ - زارىنىڭ رابىيە تىلىدىكى ئىپادىسى ھىساپلىنىدۇ. ئەنە شۇنداق ئېغىر

قايغۇ ـ ماتەم كونلىرىدە ئاسارەتلىك زامان رابىيەنىڭ بېشىغا يەنە كۇلپەتلىك كۈنلەرنى كەلتۈرىدۇ. ئۆزىنىڭ بايلىقى، زالىملىقى بىلەن ياقۇپنى ئۆزىگە قارد ـ تىۋالغان جابىر، رابىيە ئۈچۈن ئەلچى ئەۋەتىدۇ. قىزىنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئۇنىڭ بايلىقىنى كۆپەيتىش ۋە مەرتىۋىسىنى يۇقورى كۆتىرىشنىڭ كويىغا چۈشكەن ئاچكۆز ياقۇپ، رابىيەنى مەجبۇرى هالدا جابىرغا خوتۇنلۇققا ئۆزىتىدۇ. رەزىل نىيەتلىك جابىرغا خوتۇن بولۇشنى ئۆزى ئۈچۈن ئۆچمەس داغ هېساپلىغان رابىيە، توي كېچىسى ئۆز ئۆيىگە قېچىپ كېلىدۇ. لېكىن ئاتىسى ياقۇپ، خىلمۇ ـ خىل قەبىھ ۋاستىلارنى قوللىنىپ، رابىيەنى جابىرنىڭ ئۆيىگە قايتىشقا زورلايدۇ. ئۆز ئاتد ـ سىدىنمۇ بۇنچىۋالا خورلۇق كۆرگەن رابىيە، ئاخىرى بۇ دۇنيانىڭ هەقىقەتەن زۇل ـ مەتلىك ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ، ئۇنى ئەيىپلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ئەي زالىم پەلەك، ئىشىق ئەهلىگە قىلمىشىڭ مۇشۇنداق بولسا، سېنىڭمۇ ئىشىڭ تۈگەشتى..... سەندە هەرگىزمۇ ۋاپادارلىق يوق، ۋاپا ئەهلىگە هەممىشە سەندىن جاپا يەتتى.....» جا ـ هالەتلىك فېئودالىزىم دۇنياسىنىڭ ماهىيىتىنى ئۆزىنىڭ كۇلپەتلىك سەرگۈزەشتىلە ـ رى ئارقىلىق روشەن تونۇپ يەتكەن رابىيە ئاخىرى تەلۋىچۈك دەرياسىغا ئۆزىنى تاشلاپ هاياتىدىن ئايرىلىدۇ. شائىر ئابدۇرېهىم نىزارى، XIX ئەسىر ئۈچۈن تە ـ پىك ئەهمىيەتكە ئىگە بولغان رابىيە ـ سەئىدىن پاجىئەسى ئارقىلىق فېئودالىزىم ـ نىڭ خۇنوك چومپەردىسىنى يىرتىپ تاشلايدۇ. رابىيەنىڭ ئۆزىنى دەرياغا تاشلاپ هالاك بولۇشى ئۇنىڭ ئاجىزلىقى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ سۇنماس ئىرادىسىنى، زۇ ـ لۇمغا قارشى غەيرەتلىك روهىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەمىلىيەتتىمۇ رابىيەنىڭ ئىرادىسى ئۇنى بويسۇندۇرماقچى بولغان ئىستىبدات فېئوداللىق ئىسكەنجىلەر ئۈستىدىن غالىپ كېلىدۇ. بۇ نۇقتىنى رابىيەنىڭ ئۆلۈم ئالدىدا ئېيتقان «ئەي بۇلبۇل زارلىنىپ نالە قىل، بۇ بىر شاهانە توي بولدى. مېنىڭ ئىشق يولىدا قىلغان ئىشلىرىمدىن ئەجەپلەنگىن...... ئەي دەرتمەنلەر، مېنىڭ هەسرەتلىك سۆزۈمنى قۇلىقىڭلاردا تۇ ـ تۇڭلار، بېشىمغا كەلگەن دەرتلەرنى قەۋرە تېشىمغا پۈتۈڭلار» دىگەن سۆزلىرىدىن چۈشىنىشكە بولىدۇ. رابىيە ئۆز ئاشقىغا بولغان هەقىقى ساداقىتىنى ئىپادىلەش ئۈ ـ چۈن ئاخىرى ئۆلۈمگە ئىختىيار قىلغانلىقىنى «شاهانە توي» دەپ هېساپلايدۇ.

ئومۇملاشتۇرغاندا، بۇ ئەسەردىكى رابىيە ئوبرازى ــ فېئوداللىق جەمىيەتتە ئۆز ئەركىنلىكىدىن مەهرۇم قىلىنغان، پاجىئەلىك زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ئۇيغۇر خوتۇن ـ قىزلىرىنىڭ ئورتاق تەقدىرىنى، ئۇلارنىڭ زۇلۇمغا قارشىلىق كۆرسىتىش روهىنى ئىپادىلىگۈچى، تىپىك ئەهمىيەتلىك ئوبرازدۇر. ئەشۇ فېئودالىزىم تۈزۈمى شارائىتىدا رابىيەگە ئوخشاش ئالىجاناپ قىز ئوبرازىنى يارىتىپ ئۇنىڭ فېئودالە ـ زىمغا قارشى روهىنى قىزغىن مەدھىيىلىگەنلىكى، شائىرنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى مۇ ـ هىم ئىجتىمائى مەسىلىلەردىن بىرى بولغان ئاياللار ئازاتلىقى مەسىلىسىنى كۆتە ـ

رىپ چىقىپ كۈچلۈك چوقان سالغانلىقىنىمۇ كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ ھال، نىزارىنىڭ ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن يۈكسەك تەرەققىيپەرۋەرلىك ۋە كۈچلۈك دېموكراتىك خاھىشقا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

شائىر داستاندا سەئىدىن ئوبرازىنىمۇ ئۇتۇقلۇق ياراتقان ۋە بۇ ئارقىلىق داستاننىڭ رېياللىق تۈسىنى تېخىمۇ قويۇقلاشتۇرغان. سەئىدىن ئۆز خىسلىتى ۋە ئۆزىگە خاس بىر يۈرۈش خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن رابىيەدىن ئىبارەت بۇ جەسۇر، ئىسيانكار قىز ئوبرازىنى مەنىۋى جەھەتتىن تولدۇرغۇچى ۋە ئۇنى يەنىمۇ ئالىجاناپ شەخس سۈپىتىدە گەۋدىلەندۈرگۈچى ئاساسلىق ئوبراز. نىزارى داستاندا ئۇنىڭ پاجىئەسىگە ئانچە كۆپ ئېتىۋار بەرمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى رابىيەنىڭ ئىسيانكار روھىنى تولدۇرىدىغان بىر ئاساسلىق قەھرىمان سۈپىتىدە تەسۋىرلىگەن. سەئىدىن كەمبەغەل ئائىلىدە چوڭ بولغان ئەقىللىق، ۋاپادار بىر يىگىت. ئۇ ئاخىرقى تىنىقىغىچە رابىيەنىڭ پاك مۇھەببىتىنى قەدىرلەيدۇ. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا ئەمگەكچىلەرگە خاس گۈزەل ئەخلاق مۇجەسسەملەشكەن. رابىيەنى ياخشى كۆرگەن دەسلەپكى ۋاقىتلاردا، ئۇ ئۆز ئىشقىنى يوشۇرۇن تۇتۇپ، ئاتا-ئانىسىغا ئېيتىشنى ئۇياتلىق ھېس قىلىدۇ. ئوغلىنىڭ ئەھۋالىدىن ۋاستە ئارقىلىق خەۋەر تاپقان ئاتىسى رابىيەگە ئەلچى بولۇپ بارىدۇ. ئەپسۇسكى، ساپ ئىنسانى سۆيگۈ ۋە پاك مۇھەببەتتىن قىلچە خەۋىرى بولمىغان، ئەزگۈچى سىنىپلارنىڭ ۋەكىلى ياقۇپ كەمبەغەل ئائىلىسىنىڭ پەرزەندى سەئىدىنگە قىزى رابىيەنى بېرىشنى ئۆزىگە نومۇس بىلىپ، ئاقكۆڭۈل ئىبراھىمنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىدۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان سەئىدىن قاتتىق ئازاپلانغان ھالدا مازارلارنى ئايلىنىپ، سەرگەردانلىقنى ئىختىيار قىلىدۇ. ئوغلىنىڭ ئېچىنىشلىق ھالىغا ئىچى سىيرىلگەن ئىبراھىم سەئىدىنگە «گۈزەللىكتە ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇقراق بولغان قىزلار ئەل ئىچىدە كۆپتۇ، ئەگەر سەن قايسى قىزنى خالىساڭ، ھېساپسىز پۇل چىقىپ كەتسىمۇ ئۇنى ئېلىپ بېرىشكە بېلىم باغلالىق» دەيدۇ ھەم ئوغلىنى ئانچە ئازاپلىنىپ كەتمەسلىككە دەۋەت قىلىدۇ. لېكىن سەئىدىن دادىسىغا مۇنداق جاۋاپ بېرىدۇ: «بۇ سۆزىڭىز تولىمۇ توغرا بولمىدى، ئۇنىڭغا قۇياش بىلەن ئايمۇ تەڭ بولالمايدۇ، بۇنىڭدىن ياخشىسى بار دېگەن سۆزىڭىزگە ئىسىت!... گەرچە ئۇنىڭ ۋىسالىغا ئېرىشەلمىسەممۇ، جامالىنى كۆرۈشلا ماڭا كۇپايە، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆلسەممۇ رازىمەن... ماڭا ئوخشاش بىچارىگە ئۆلۈمنىڭ ئۆزى خاس» بۇ سۆزلەردىن بىز سەئىدىننىڭ رابىيەگە نەقەدەر سادىق ئىكەنلىكىنى روشەن ھېس قىلالايمىز. گەرچە ساپ قەلب ئىگىسى بولغان سەئىدىن رابىيەنى چىن دىلىدىن ياقتۇرسىمۇ، ئەمما جاھىل كۈچلەر ئۇنىڭ بۇ ئارزۇسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا يول قويمايدۇ. نەتىجىدە ئۇ ھەسرەت ئىچىدە ھاياتىدىن جۇدا بولىدۇ. شائىر بۇ ئوبراز ئارقىلىق، سەئىدىننىڭ بېشىغا كەل-

گەن پاجىئەنىڭ ئاساسى XIX ئەسىر فېئودالىزىم مۇھىتىدىكى ئىجتىمائى تەڭسىزلىك ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ.

داستاندا تەسۋىرلەنگەن سەلبى كۈچلەرنىڭ تىپىك ۋەكىلى ياقۇپ، فېئودالىلىق تۈزۈمنىڭ جاھىل قوغدىغۇچىسى سۈپىتىدە سەھنىگە چىقىدۇ. ئۇ، ئىنسانى ھوقۇق ۋە ئەركىن مۇھەببەتنىڭ رەھىمسىز قاتىلى. ئۇنىڭ پۈتۈن ئىچكى دۇنياسىغا ھېساپسىز ئىپلاسلىقلار يوشۇرۇنغان. ئۇ ئاچكۆز، پۇلخۇمار، خوشامەتچى، زالىملىقتا چېكىگە يەتكەن ئەكسىيەتچى، رەزىل شەخس. ئۇ ئۆز نەپسى ئۈچۈن ھەتتا ۋىجدانىنى سېتىشتىن باش تارتمايدۇ. ئۆز ئارزۇيىغا يېتىش ئۈچۈن قىزى رابىيەنى نومۇسسىزلارچە ھالاك قىلىدۇ. «ئاتىسى ياقۇپ بەك پەسكەش ئىدى، شۇملۇقتا دائىم ھەمنەپەس ئىدى؛ ئۇ رەزىللىككە گىرىپتار بولغان بولۇپ، دىلىنى دۇنيانىڭ مىڭ بىر ھىيلىلىرى ئورىۋالغان ئىدى» داستاندىكى بۇ تەسۋىرلەر ئۇنىڭ خاراكتېرىگە بېرىلگەن ئىنتايىن لايىق سۈپەتلەر ھېساپلىنىدۇ.

جابىر فېئودال يۇقۇرى قاتلام گۇرۇھىنىڭ يەنە بىر مۇھىم ۋەكىلى سۈپىتىدە ئەسەردىن ئالاھىدە ئورۇن ئالغان. ئۇ ئۆزىنىڭ زالىملىقى ۋە فېئودال زېمىندار ئىكەنلىكى بىلەن مەغرۇرلىنىپ، قولىدىن كەلگەنلىكى پەسكەشلىكلەرنىڭ ھەممىسىنى قىلىدۇ ۋە ئۆزىدىن نەچچە ئون ياش كىچىك بولغان رابىيەنى پۇل ۋە مۈلكىگە تايىنىپ قولغا كەلتۈرمەكچى بولىدۇ. شائىر نىزارى «ئەي خالايىق، بۇ سۆزۈمنى پەم قىلىڭلار، بىراۋنىڭ رابىيەگە كۆزى چۈشتى. ئۇ رابىيەنىڭ گۈلدەك چىرايىغا نەزەر سېلىپ، خۇددى ئىبنى سالامغا ئوخشاش ئېغىز ئاچتى» دېگەن قۇرلاردا جابىرنى «لەيلى ۋە مەجنۇن» داستانىدىكى ئىبنى سالامغا ئوخشىتىدۇ. يەنى ھايۋانى تەبىئەتلىك ئىبنى سالام مەجنۇن بىلەن دۈشمەنلىشىپ، لەيلى بىلەن مەجبۇرى توي قىلغاندەك، قارانىيەت جابىر سەئىدىنىڭ ئارزۇسىغا قارشى رابىيەگە چاڭ سالماقچى بولدى، دەيدۇ. شۇنىڭدەك «قاغا گۈلنىڭ يۈزىگە قونماقچى بولغان ئىدى، گۈل ئۆزىنى يىراققا قاچۇردى» دېگەن مىسرالار ئارقىلىق جابىرنى گۈل شېخىغا قونىۋالغان قاغىغا ئوخشىتىپ تەسۋىرلەپ، ئۇنىڭغا كۈچلۈك غەزەپ-نەپرىتىنى ئىپادىلەيدۇ. جابىرمۇ ئوبرازى ياقۇپقا ئوخشاش قول چوماقچىلىرىغا تايىنىپ، كىشىلىك ئەركىنلىكنى خاراپ قىلغۇچى زالىم، ئېكسپىلاتاتور سىنىپلارنىڭ جائىل ۋەكىلى. دېمەك شائىر جابىرمۇ ۋە ياقۇپ ئوبرازلىرى ئارقىلىق رابىيە-سەئىدىن پاجىئەسىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىجتىمائى مەنبەنى كۆرسىتىپ، فېئودالىلىق جەمىيەتنىڭ قانخورلۇق ماھىيىتىنى چوڭقۇر ئېچىپ تاشلايدۇ. چىرىك ئىجتىمائى تۈزۈم ئۈستىدىن غەزەپ بىلەن شىكايەت قىلىپ، فېئودال ئاقسۆڭەكلەرنىڭ زوراۋانلىق ھەركەتلىرىنى رەھىمسىز قامچىلايدۇ. رابىيە بىلەن سەئىدىندىن ئىبارەت ئىككى ياشنىڭ سەممى مۇھەببىتىگە ۋە قەھرىمانلىق روھىغا

قىزغىن مەدھىيە ئوقۇيدۇ. فېئوداللىق نىكا تۈزۈمىنى قارىلاپ، نىكا ئەركىنلىكىنى
تەشەببۇس قىلىدۇ. قىسقىسى، نىزارىنىڭ بۇ داستانى فېئوداللىق جەمئىيەتكە قارى-
تىلغان كۈچلۈك ئەيىپنامە بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن زور ئىل-
غارلىققا ئىگە. شۇڭا ئۇنى XIX ئەسىر ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى ئىجتى-
مائىي تەنقىدىي رېئالىزىم خاھىشىغا ئىگە ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ يۇقۇرى چوققىسى
دېيىشكە بولىدۇ. ئابدۇرېھىم نىزارى بۇ ئەسىرىدە ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى-
نىڭ ئۆزىگىچە بولغان بارلىق ئىلغار رېئالىزىملىق ئەنئەنىسىگە ئىجادىي ۋارىسلىق
قىلىپ ئەينى ۋاقىتتا قاتمۇ-قات زىددىيەت بىلەن تولغان جەمئىيەت رېئاللىقىنى
ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىش، تەھلىل قىلىش، تاللاش، پىششىقلاپ ئىشلەش جە-
ھەتلەردە ئۆزىگە خاس ئۇسلۇپ ۋە نەمۇنە ياراتتى. ئۇيغۇر فېئوداللىق جەمئىيىتى-
نىڭ XIX ئەسىر تارىخى شارائىتىدا رابىيە-سەئىدىن پاجىئەسىدىن ئىبارەت تە-
پىك ئەھمىيەتلىك تۇرمۇش پاكىتلىرىنى ماھىرلىق بىلەن تاللاپ تەسۋىرلەپ، ئەي-
نى دەۋرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى مەلۇم دەرىجىدە مۇۋاپىقىيەتلىك ئىپادىلىدى. زىيان-
كەشلىككە ئۇچرىغان رابىيە ۋە سەئىدىننى ئەشۇ دەۋرنىڭ مۇھىتى ئىچىگە قوي-
يۇپ، مۇھىتنىڭ ئۇلارغا بولغان مۇناسىۋىتىنى، تەسىرىنى، كەلتۈرگەن ئاقىۋىتىنى
كۆرسىتىپ بەردى. ئۇ، نىزارىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى ھەقىقى تەنقىدىي رېئال-
زىم دەرىجىسىگە كۆتەرگەنلىكىنىڭ مۇھىم ئىپادىسى، ئۇنىڭ مۇھىت بىلەن شەخس
ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى، يەنى شەخس بىلەن ئىجتىمائىي تۈزۈم ئوتتۇرىسى-
دىكى مۇرەسسە قىلىپ بولمايدىغان قارشىلىقلارنى مۇۋەپپىقىيەتلىك ئىپادىلىگەن-
لىكىدە روشەن كۆرۈلىدۇ.

ئابدۇرېھىم نىزارىدىن كېيىن، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەنقىدىي رېئالىزىملىق
خاھىشىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان بىر مۇنچە يازغۇچى، شائىرلار مەيدانغا كەلدى.
ئۇلارمۇ ئۆز ئەسەرلىرىدە XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن XX ئەسىرنىڭ باشلى-
رىغىچە بولغان ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى ھەر تەرەپتىن تەسۋىرلەپ، زاۋاللىققا يۈز تۇت-
قان چىرىك فېئوداللىزم تۈزۈمىنى پاش قىلدى. مەشرەپ، سەبۇرى، غېرىبى،
تەجەللى قاتارلىق شائىرلارنىڭ بىر قىسىم ئەسەرلىرى، موللا بىلال (نازىمى) نىڭ
مەشھۇر «نوزۇگۇم» داستانى، سادىر پالۋان ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەھرىمان قىزى،
سۆيۈملۈك شائىرەسى نوزۇگۇملارنىڭ كۈچلۈك ئىسيانكارلىق روھىغا تولغان قوشاق-
لىرى شۇلار جۈملىسىگە كىرىدۇ. بۇ دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسى خۇسۇسىيىتى،
كۈچلۈك تەنقىدىي رېئالىزىملىق خاھىشقا، يۈكسەك جەڭگىۋارلىققا ۋە كۆرەشچانلىققا
ئىگە بولۇپ، خەلقىنىڭ مىللى، سىنىپىي زۇلۇمغا قارشى ئىسيانكارلىق روھى قو-
يۇق رېئالىزىم روھىدا ئىپادىلەندى. ئىچكى-تاشقى نىزالارغا، ئىستىبداتلىققا قار-
شى تۇرۇش، ئىقتىسادىي، سىياسى ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە باراۋەرلىك تەلەپ

قىلىش، ئازاتلىق، ئەركىنلىككە تەلپۈنۈش خاھىشى بۇ دەۋر ئەدەبىياتىدا ئىلگە- رىكى ئىستىخىيىلىك ھالدىن يۇكسەك دەرىجىدىكى ئاڭلىقلىققا كۆتىرىلدى. ئىج- تىمائىي تەڭسىزلىككە قارشى تۇرۇش ئىدىيىسى XIX ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدە- كى ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى بولدى. موللا بىلالنىڭ «نوزۇگۇم» ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئەسەرلەردە بۇ خىل مەزمۇن خېلى قويۇق ئىپادىلەندى. ئۇنىڭدىن كې- يىن، كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى تەنقىدىي خاھىش بەزى ساتىرىك ئەسەرلەردە ئۆزىنىڭ روشەن ئىپادىسىنى تاپتى. موللا بىلالنىڭ «چاڭموزا يۇسۇپخان» داستانى قاتارلىق ئەسەرلىرىمۇ بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ.

خۇلاسە قىلغاندا، ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى تەنقىدىي رىيالىزىملىق ئەدەبىيات، ئىجتىمائىي گۇمانىزىملىق پىكىر ئېقىمى ئاساسىدىكى ئەدەبىياتىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجىدىن ئىبارەت. گۇمانىزىملىق ئەدەبىيات ياۋروپادا ئەدەبىي گۈل- لىنىش دەۋرىنى بەلگە قىلغان ھالدا XIV ئەسىردىن باشلانسا، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى- دا X ئەسىردە شەكىللەنگەن فارابىزىم بىلەن باشلىنىپ، XIV ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە XV ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئالاھىدە يۇقۇرى سەۋىيىگە يەتكەن.

تەنقىدىي رىيالىزىم XIX ئەسىردىكى غەربىي ياۋروپا ۋە ئامېرىكا ئەدەبىياتى- غىلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل دۇنيا ۋە جۈملىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغىمۇ ئورتاق بولغان بىر خىل ئەدەبىي ھادىسىدىن ئىبارەت. ئۇ غەرپ ئەللىرىدە كاپىتالىزىم ھەر قايسى ساھەلەردە ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىپ مانوپول باسقۇچىغا يەتكەن XIX ئە- سىردىن ئىبارەت ئالاھىدە تارىخى دەۋرنىڭ مەھسۇلى بولسا، ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە فېئودالىزىم گۈللىنىپ، ئاخىرى زاۋاللىققا يۈزلەنگەن دەۋردىلا مەيدانغا كەلدى. بۇ جەھەتتىن ئۇ ھازىرغا قەدەر دۇنيا تەنقىدىي رىيالىزمىنىڭ دەسلەپتە باشلان- غان جايى ھىساپلانغان غەربىي ياۋروپاغا قارىغاندا 3 — 4 ئەسىر ئىلگىرى مەي- دانغا كەلدى. يەنى ئۇ ئەدەبىياتىمىزدا XVI ئەسىردىن كېيىن بىر قەدەر ئىز- چىللىققا ئىگە بولغان ھالدا راۋاجلىنىپ، بەزى ئىلغار شائىرلار ۋە بىر يۈرۈش نادىر ئەسەرلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ «رابىيە - سەئىدىن» داستانى ئۇنىڭ يۇكسەك نامايەندىسى ھىساپلىنىدۇ.

# ئۇيغۇر تىلى تەرەققىياتىدىكى بەزى فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەر

رەۋەيدۇللا

«تۈركى تىللار دىۋانى» ئۆز ئىسمىغا مۇناسىپ ئاساسەن تىل ھادىسىلىرى — «خاقانىيە تىلى» دەپ ئاتالغان ئۇيغۇر ئەدەبى تىلىنىڭ فونېتىكىلىق، لېكسىكىلىق، گىراممانىكىلىق مەسىلىلىرىنى ئاساس قىلغان ھالدا تۈزۈلگەن. باشقا مەسىلىلەر — تارىخ، ئەدەبىيات، جۇغراپىيە، ئاسترونومىيە، تىبابەتچىلىك، ئېتنوگراپىيىگە دائىر مەسىلىلەر تىل ھادىسىلىرىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن مىسال تەرىقىسىدىلا بېرىلگەن. «دىۋان»دا ھەر قايسى قەبىلىلەر تىلىدىكى تۈرلۈك تىل ھادىسىلىرى بىر - بىرىگە سېلىشتۇرۇلۇپ، قەبىلىلەر تىلىدىكى ئوخشاشلىق ۋە ئوخشىماسلىق تەرەپلەر ئالاھىدە كۆرسىتىلگەن.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى «دىۋان» تىلىنىڭ داۋامى ۋە يۈكسەك دەرىجىدىكى راۋاجى. لېكىن بىرەر مىڭ يىلدىن كۆپرەك ئۇزۇن تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئۇيغۇر تىلى فونېتىكىلىق، لېكسىكىلىق ۋە گىراممانىكىلىق ئۆزگىرىشلەرنى باشتىن كۆچۈرۈپ بۈگۈنكى ھالغا كەلگەن. بولۇپمۇ فونېتىكا جەھەتتىكى ئۆزگىرىش ئالاھىدە گەۋدىلىك. بۇ، تاۋۇشلارنىڭ ئاجىزلىشىشى؛ بىر تاۋۇش ئورنىغا باشقا بىر تاۋۇشنىڭ قوللىنىلىشى؛ تاۋۇشلارنىڭ كۆپىيىشى، تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى... قاتارلىق جەھەتلەردە كۆرۈلىدۇ. تىلدىكى مۇشۇ ئۆزگىرىشلەرنى ئۆگىنىش ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى بەزى مەسىلىلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشتا پايدىسى كۆپ، «دىۋان» بىزنى مۇشۇ جەھەتتە يېتەرلىك ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ.

شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك تەركىبى بىر قەدەر مۇرەككەپ. تارىختا ئۆتكەن ساك، توخار، ئارغۇ دىگەندەك قەبىلىلەر ئۇيغۇرلارغا ئارىلىشىپ سىڭىپ كەتكەن، شۇنداق بولغىنى ئۈچۈن ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەركىبىمۇ بىر قەدەر مۇرەككەپ. ئۇيغۇر تىلىدا ئۇيغۇرلارغا قوشۇلۇپ سىڭىپ كەتكەن قەبىلىلەر تىلىنىڭ بەزى تەركىبلىرى ساقلانماقتا. شۇنداقلا ئوغۇز — قىپچاق تىللىرىنىڭ تەسىرىمۇ مەۋجۇت.

يۇقۇرىدا دىگىنىمىزدەك، ئۇيغۇر تىلىدا فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەر ئالاھىدە-رەك بولۇپ، بۇنى تۆۋەندىكى پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلاش مۇمكىن.

1 . قەدىمقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا سۆز بېشىدا كېلىدىغان «ئا، ئە» سوزۇق تاۋۇشلىرىنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «ئى، ئو، ئۆ» تاۋۇشلىرىغا ئۆزگىرىشى ئالاھىدە خاراكتېرلىقتۇر. بۇ خىل ھادىسە تۈركى تىلىدا سۆزلىشىدىغان باشقا خەلقلەر تىلىدا ئەسلا مەۋجۇت ئەمەس.

(1) قەدىمقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا بوغۇم بېشىدا كېلىدىغان «ئا» سوزۇق تاۋۇشى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «ئې» سوزۇق تاۋۇشىغا ئۆزگەرگەن. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| ئاغىر - ئېغىر | ئاغىل - ئېغىل |
| ئاگىز - ئېگىز | پاشىل - يېشىل |
| سارىغ - سېرىق | بالىق - بېلىق |
| ياغىر - يېغىر | قاتىق - قېتىق |
| باغىر - بېغىر | ياگى - يېگى |
| قالىن - قېلىن | قارىن - قېرىن |

(2) قەدىمقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا بوغۇم بېشىدا كېلىدىغان «ئا» سوزۇق تاۋۇشى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «ئو» سوزۇق تاۋۇشىغا ئۆزگەرگەن. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| ئاچۇق - ئوچۇق | چارۇق - چورۇق |
| قازۇق - قوزۇق | يارۇق - يورۇق |
| ئارۇق - ئورۇق | ئاشۇق - ئوشۇق |
| قاشۇق - قوشۇق | قاغۇن - قوغۇن |
| ئازۇق - ئوزۇق | قامىش - قومۇش |

(3) قەدىمقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا بوغۇم بېشىدا كېلىدىغان «ئە» سوزۇق تاۋۇشى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «ئې» سوزۇق تاۋۇشىغا ئۆزگەرگەن. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| بەزەك - بېزەك | چەچەك - چېچەك |
| تەزەك - تېزەك | كەپەك - كېپەك |
| ئەتەك - ئېتەك | كەزىك - كېزىك |
| تەرەك - تېرەك | سەمىز - سېمىز |
| تەكە - تېكە | يەمىش - يېمىش |

(4) قەدىمقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا بوغۇم بېشىدا كېلىدىغان «ئە» سوزۇق تاۋۇشى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «ئۆ» سوزۇق تاۋۇشىغا ئۆزگەرگەن.

مەسلەن:

| | |
|---|---|
| ئەتۇك ـ ئۆتۇك | بەشىك ـ بۆشۇك |
| ئەرۇك ـ ئۆرۇك | ئەكسۇك ـ ئۆكسۇك |
| تەشۇك ـ تۆشۇك | تەۋە ـ تۆگە |
| ئەچكۈ ـ ئۆچكە | |

يۇقۇرىدا تىلغا ئېلىنغان تۆت خىل ئەھۋال كەڭ سوزۇق تاۋۇشنىڭ تارىيىشى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

2 . قەدىمقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلانغان سۆزلەردە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا سوزۇق تاۋۇش ئالدىغا بىر ئۈزۈك تاۋۇش قوشۇلغان. مەسلەن:

(1) قەدىمقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا سۆز بېشىدا كېلىدىغان «ئى» سوزۇق تاۋۇشى ئالدىغا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «ي» ئۈزۈك تاۋۇشى قوشۇلغان. مەسلەن:

| | |
|---|---|
| ئىمك ـ يىمك | ئىپەك ـ يىپەك |
| ئىرىك ـ يىرىك | ئىغلاماق ـ يىغلىماق |
| ئىرىڭ ـ يىرىڭ | ئىلان ـ يىلان |
| | ئىڭنە ـ يىڭنە |

(2) قەدىمقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «ئۇ، ئۆ، ئو» سوزۇق تاۋۇشلىرى بىلەن كېلىدىغان سۆزلەر ئالدىغا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «ھ» ئۈزۈك تاۋۇشى قوشۇلغان. مەسلەن:

| | |
|---|---|
| ئۆپۈپ ـ ھۆپۈپ | ئۇلىماق ـ ھۇلىماق . |
| ئۆل ـ ھۆل | ئورپەرمەك ـ ھورپەيمەك |

يۇقۇرقى ئىككى خىل ئەھۋال سوزۇق تاۋۇشلار ئاجىزلىشىپ يېرىم سوزۇق تاۋۇشقا ئايلىنىشى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

3 . قەدىمقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا سۆز بېشىدا كېلىدىغان «س» ئۈزۈك تاۋۇشى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «چ» تاۋۇشقا ئۆزگەرگەن. مەسلەن:

| | |
|---|---|
| ساچ ـ چاچ | سوچۇك ـ چۈچۈك |
| ساچماق ـ چاچماق | سىچماق ـ چىچماق |

4 . قەدىمقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا سۆز بېشىدا كېلىدىغان «ت» تاۋۇشى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «چ» تاۋۇشقا ئۆزگەرگەن. مەسلەن:

| | |
|---|---|
| تىشى - چىشى | تۇشكۈن - چۈشكۈن |
| تىشلەمەك - چىشلىمەك | تۇشكۇنلەشمەك - چۈشكۇنلەشمەك |
| تىشى - چىشى | تۇش - چۈش |
| تۇشۇرگە - چۈشۇرگە | تۇشەك - چۈشەك |

5 . قەدىمقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا سۆز بېشىدا كېلىدىغان «ب» تاۋۇشى هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «م» تاۋۇشىغا ئۆزگەرگەن. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| بەن - مەن | بۇز - مۇز |
| بەڭ - مەڭ | بەڭىز - مەڭىز |
| بۇڭ - مۇڭ | بەڭگۇ - مەڭگۇ |
| بىڭ - مىڭ (سان) | |

6 . قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدا سۆز تەركىۋىدە كېلىدىغان «ب» تاۋۇشى هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «ۋ» تاۋۇشىغا ئۆزگەرگەن. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| چىبىق - چىۋىق | تەبرىمەك - تەۋرىمەك |
| چەبىش - چىۋىش (ئوغلاق) | يالبارماق - يالۋۇرماق |

7 . قەدىمقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا سۆز بېشىدا كېلىدىغان «ي» تاۋۇشى هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «ئۇ» ياكى «ئى» تاۋۇشىغا ئۆزگەرگەن. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| يۇزۇك - ئۇزۇك | يىلىتماق - ئىلىتماق |
| يىلىغ - ئىللىق | يىتىك - ئىتتىك |
| يىپار - ئىپار | |

ئەسكەرتىش: يۇقۇرقى ئەھۋال ئەمىلىيەتتە «ي» تاۋۇشىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

8 . قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدا سۆز تەركىۋىدە كېلىدىغان ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا تەكرارلىنىشى ئالاھىدە خاراكتېرلىقتۇر. بۇ هال كۆپىنچە سۈپەتلەردە، ئالماشلاردا، سانلاردا كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| پىشىغ - پىششىق | ئاچىغ - ئاچچىق |
| قاتىغ - قاتتىق | نەچە - نەچچە |
| ئۇشاق - ئۇششاق | سەكىز - سەككىز |
| ئىسىغ - ئىسسىق | توقۇز - توققۇز |

ئەسكەرتىش: يۇقۇرقى ئەھۋال ئەمىلىيەتتە سۆزلەردە تاۋۇش كۆپىيىش هادىسىسى بولۇپ هېساپلىنىدۇ.

9 . قەدىمقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا سۆز ئاخىرىسىدا كېلىدىغان «غ، گ» تاۋۇشلىرى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «ق، ك» تاۋۇشلىرىغا ئورۇن بەرگەن. بۇمۇ ئۇيغۇر تىلىدىكى فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەر ئىچىدىكى خاراكتېرلىق مەسىلە. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| ئانداغ ـ ئانداق | ئاياغ ـ ئاياق |
| يارلىغ ـ يارلىق | ئۇلاغ ـ ئۇلاق |
| يايلاغ ـ يايلاق | ئۆلوگ ـ ئۆلۈك |
| قىشلاغ ـ قىشلاق | سۆزۈگ ـ سۈزۈك |
| ئاغىرلىغ ـ ئېغىرلىق | تىرىگ ـ تىرىك |

يۇقۇرقى ئەھۋال ئەمەلىيەتتە سۆز ئاخىرىدىكى جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇشنىڭ جاراڭسىزلىنىشى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. لېكىن، «غ، گ» تاۋۇشى قەشقەر، خوتەن تىلىلىرىدا ھازىر يەنە ساقلانماقتا.

10 . قەدىمقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا تەركىۋىدە «غ، گ، ڭ، ك» تاۋۇشلىرى بولمىغان سۆزلەردە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «غ، گ، ڭ، ك» تاۋۇشلىرى پەيدا بولغان. مەسىلەن:

(1) توكۇز (ت، ت، د III 497) توققۇز

(2) قوكۇز (ت، ت، د III 497) قوڭغۇز

(3) قىڭىر (ت، ت، د III 496) قىڭغىر

(4) مۈكۈز (ت، ت، د III 497) مۈڭگۈز

(5) ئۆكۈر (ت، ت، د I 126) ئۆڭگۈر

(6) كۆلىگە (ت، ت، د III 240) كۆلەڭگە

ئۇيغۇر تىلىنىڭ بەزى دىيالېكتلىرىدا مۇنداق سۆزلەر يەنىلا قەدىمقى شەكلىنى ساقلاپ كەلمەكتە. مەسىلەن:

مۈكۈز، توكۇز دېگەندەك.

X X X

يۇقۇرىدا كۆرسىتىلگەن فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەر ئۇيغۇر تىلىنى تۈركى تىلىدا سۆزلەشكۈچى باشقا خەلقلەر تىلىدىن ئالاھىدە پەرقلەندۈرىدىغان خاراكتېرلىق مەسىلىلەردۇر. ئۇيغۇر تىلىدىكى مۇشۇ خىل ھادىسىلەرنى ئۆگىنىش ـ بىلىش ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىملاسىدىكى خىلمۇ ـ خىللىقنى توگىتىپ ئىملانى بىرلىككە كەلتۈرۈپ قېلىپلاشتۇرۇشتا، ئورتاق بىر ئەدەبىي تەلەپپۇزنى تۇرغۇزۇشتا ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە.

# «هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» نى قانداق ئۆگىنىش توغرىسىدا

نەسروللا يولبولدى

«هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى (يازما ۋە ئاغزاكى ئەدەبىيات تىلى) نىڭ ئەمەلىيەتتىدىن يەكۈنلەنگەن قائىدە - قانۇنىيەتلەردۇر. شۇڭا «هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» دەرسىنى ئۆگىنىشتە ئەدەبىي تىلدىكى كونكرېت تىل هادىسىلىرىگە بىرلەشتۈرۈپ بوغۇم، سۆز، سۆز بىرىكمىسى، ئاددىي جۈملە ۋە قوشما جۈملىلەردىن ئىبارەت بەش خىل تىل بىرلىكىنى تەهلىل - تەتقىق قىلىش ئاساسىدا ئۆگىنىشكە توغرا كېلىدۇ. شۇنداق قىلغاندىلا، ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

1

بوغۇم تىلدىكى ئەڭ كىچىك ۋە تەبىئىي بىرلىك هېسابلىنىدۇ. بۇ خىل بىرلىكنىڭ بەزىلىرى هەم سېمانتىكىلىق هەم فونېتىكىلىق بىرلىك هېسابلانسا، بەزىلىرى پەقەت فونېتىكىلىق بىرلىك هېسابلىنىدۇ. شۇڭا بوغۇملارنى ئۆگەنگەندە بوغۇمنىڭ قانداق شارائىتتا هەم سېمانتىكىلىق هەم فونېتىكىلىق بىرلىك بولىدىغانلىقى، قانداق شارائىتتا پەقەت فونېتىكىلىق بىرلىك بولىدىغانلىقىنى كونكرېت تىل ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ۋە تەتبىقلاپ ئۆگىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

مەيلى هەم سېمانتىكىلىق هەم فونېتىكىلىق بىرلىك هېسابلىنىدىغان بوغۇملار بولسۇن ياكى پەقەت فونېتىكىلىق بىرلىك هېسابلىنىدىغان بوغۇملار بولسۇن، بولارنىڭ هەممىسى تاۋۇشلاردىن تۈزۈلىدۇ. شۇڭا بوغۇمدىن ئىبارەت بۇ بىرلىكنى هاسىل قىلىدىغان تىل تاۋۇشلىرى هەققىدىكى تۈرلۈك قائىدە - قانۇنىيەتلەرنى ئۆگىنىشكە توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن تىلىمىزدىكى تاۋۇشلارنىڭ تاۋۇش چىقىرىش ئورنى ۋە تاۋۇش چىقىرىش ئۇسۇلى جەھەتتىكى ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرىنى (هەر بىر تاۋۇشنىڭ چىقىش ئورنى ۋە ئۇسۇلى جەھەتتىكى ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيىتىنى) ۋە ئورتاق خۇسۇسىيەتلىرىنى تەپسىلى ئۆگىنىش لازىم. تاۋۇشلارنىڭ يۇقۇرقىدەك

ئۆزىگە خاس ۋە ئورتاق ئالاھىدىلىكلىرى بوغۇملارنىڭ خاراكتېرىنى (قانداق بوغۇم ئىكەنلىكىنى) كۆرسىتىشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇڭا فونېتىكا قىسمىدا بوغۇملار ھەققىدىكى قائىدە - قانۇنىيەتلەرنى تاۋۇش ھەققىدىكى قائىدە - قانۇنىيەتلەر بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ ئۆگىنىپلا قالماي، بەلكى تىل ئەمەلىيىتىگە تەتبىقلاپ ئۆگىنىش كېرەك.

2

سۆز سېمانتىكىلىق، لېكسىكىلىق ۋە مورفولوگىيىلىك بىرلىك ھېساپلىنىدۇ. چۈنكى سۆزنىڭ ئىپادىلەيدىغان مەنىسى (لېكسىكىلىق ۋە گراماتىكىلىق مەنىسى) ئۇنىڭ سېمانتىكىلىق بىرلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسەتسە ئۇنىڭ ئاساسىي ۋە ئادەتتىكى لۇغەت تەركىۋىنى ھاسىل قىلىشى لېكسىكىلىق بىرلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ؛ قۇرۇلما جەھەتتىن تۈرلىنىش ۋە ياسىلىشى (مورفېمىلاردىن - مەنىلىك بۆلەكلەردىن ھاسىل بولۇشى) سۆزنىڭ مورفولوگىيىلىك بىرلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا سۆزدىن ئىبارەت بۇ تىل بىرلىكىنى ئۆگەنگەندە، ئۇنىڭ لېكسىكولوگىيىلىك قائىدە - قانۇنىيەتلىرى بىلەن مورفولوگىيە جەھەتتىكى قائىدە - قانۇنىيەتلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ ۋە تىل ئەمەلىيىتىگە تەتبىقلاپ ئۆگىنىشكە توغرا كېلىدۇ. سۆزدىن ئىبارەت بۇ تىل بىرلىكىنى ئۆگەنگەندە قايسى جەھەتتىكى خۇسۇسىيەتلىرى ئوخشاش، قايسى جەھەتتىكى خۇسۇسىيەتلىرى ئوخشىمايدىغانلىقىنى سېلىشتۇرۇپ ئۆگەنگەندىلا ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

سۆز (مەيلى تۈپ سۆز، مەيلى ياسالما سۆز ياكى تۈرلەنگەن سۆز بولسۇن) بوغۇمدىن ھاسىل بولىدۇ. شۇڭا سۆزنىڭ ياسىلىش، تۈرلىنىش ۋە ئۆزگىرىشىدەك مورفولوگىيىلىك قۇرۇلما ھاسىل قىلىشىدا سۆزنىڭ قانداق بوغۇمدىن تۈزۈلگەنلىكى (قانداق تاۋۇش بىلەن ئاياقلاشقان ياكى قانداق تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن بوغۇم ئىكەنلىكى) مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. چۈنكى ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز ياسىغۇچى ۋە تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلارنىڭ كۆپچىلىكى سۆزنىڭ قانداق بوغۇمدىن تۈزۈلگەنلىكىگە قاراپ ئۆلچىنىدۇ. شۇڭا سۆزدىن ئىبارەت بۇ تىل بىرلىكىنى ئۆگەنگەندە ئۇنىڭ لېكسىكولوگىيىلىك، مورفولوگىيىلىك قائىدە - قانۇنىيەتلىرى بىلەن فونېتىكا جەھەتتىكى قائىدە - قانۇنىيەتلىرىنى ئۆز ئارا ۋە تىل ئەمەلىيىتى بىلەن سېلىشتۇرۇپ ئۆگىنىش لازىم، ئەلۋەتتە.

3

تىلدىكى سۆز بىرىكمىلىرى سىنتاكسىسلىق بىرلىك بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. چۈنكى بۇ خىل تىل بىرلىكى ئىككى ۋە ئۇنىڭدىن ئارتۇق سۆزنىڭ مەلۇم سىنتاكسىسلىق قائىدە بويىچە بىرىكىشىدىن ھاسىل بولىدۇ. بەزىلىرىنىڭ ئىچكى - تاشقى قۇرۇلمىسى

تۇراقلىق بولسا، بەزىلىرىنىڭ ئىچكى تاشقى قۇرۇلمىسى تۇراقسىز بولىدۇ. مەيلى قانداقلا سۆز بىرىكمىسى بولسۇن، بۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئورتاق ئالاھىدىلىك ئىككى ۋە ئۇنىڭدىن ئارتۇق سۆزنىڭ سىنتاكسىسلىق يول بىلەن ئۆز ئارا بىرىكىپ قۇرۇلما ھاسىل قىلغانلىغىدۇر. سۆزلەرنىڭ ئۆز ئار بىرىكىپ سۆز بىرىكمىسى ھاسىل قىلىشىدا سۆز تۈرلىگۈچى ۋە ئۆزگەرتكۈچى قوشۇمچىلار ۋە بىر قىسىم ياردەمچى سۆزلەر سىنتاكسىسلىق ۋاستە بولۇپ رول ئوينايدۇ. شۇڭا سۆزلەرنىڭ تۈرلىنىشى ۋە ئۆزگىرىشىگە ئائىت مورفولوگىيىلىك قائىدە - قانۇنىيەتلەرنى ئوبدان ئۆگەنگەندىلا، سۆز بىرىكمىلىرىگە ئائىت سىنتاكسىسلىق قائىدە قانۇنىيەتلەرنى ئوبدان ئۆگەنگىلى بولىدۇ.

4

ئاددىي جۈملىمۇ سىنتاكسىسلىق بىرلىك ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىل تىل بىرلىگى يۇقۇرقى ئۈچ خىل بىرلىكتە ھەم چوڭ ھەم ئىچكى - تاشقى قۇرۇلمىسى مۇكەممەل بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ھەر خىل ئوي پىكىرلىرىنى ئىپادىلەش ئارقىلىق بىر - بىرىنى چۈشىنىش ۋە بىر - بىرى بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇشتا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ. بۇ تىل بىرلىگى سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ مەلۇم سىنتاكسىسلىق قائىدە - قانۇنىيەتلەر بويىچە ئۆز ئارا بىرىكىشىدىن ھاسىل بولىدۇ. ئۇنىڭ ئاددىي جۈملىلىك خۇسۇسىيىتى ئىگە — خەۋەرلىك مۇناسىۋەتتە (بايانى مۇناسىۋەتتە) ۋە جۈملە ئىنتوناتسىيىسىگە ئىگە بولۇشتا كۆرۈلىدۇ. مۇشۇ خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغاندىلا، ئۇ سۇبيېكتىپنىڭ ھەر خىل پوزىتسىيىدە تۇرۇپ ئېيتقان ھەر خىل ئوي - پىكرىنى ئىپادىلەيدىغان مۇكەممەل تىل بىرلىگى بولالايدۇ. ئاددىي جۈملىنىڭ تەركىۋىدىكى سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ قانداق سىنتاكسىسلىق باغلىنىش، قانداق مۇناسىۋەتتە بولۇشىغا ھەم بۇ خىل باغلىنىش ۋە مۇناسىۋەتنىڭ قانداق سىنتاكسىسلىق يول ۋە ۋاستە ئارقىلىق ئىپادىلىنىشىگە؛ شۇ سۆز ۋە سۆز بىرىكمىسىنىڭ قانداق سىنتاكسىسلىق ۋەزىپىدە كېلىشىگە؛ شۇ ئاددىي جۈملىنىڭ مەنا ۋە تۈزۈلۈش جەھەتتە قانداق ئاددىي جۈملە بولۇشىغا ئائىت سىنتاكسىسلىق قائىدە - قانۇنىيەتلەر شۇ ئاددىي جۈملە تەركىۋىدىكى سۆز ۋە سۆز بىرىكمىسىنىڭ قانداق مورفولوگىيىلىك تۈرلىنىشتە كېلىشىگە باغلىقتۇر.

ئاددىي جۈملە ھەققىدىكى سىنتاكسىسلىق قائىدە - قانۇنىيەتلەرنى مورمولوگىيىلىك قائىدە - قانۇنىيەتلەر بىلەن تىل ئەمەلىيىتىگە تەتبىقلىغان ھالدا ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈپ ئۆگەنگەندىلا، ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

5

تىلدىكى قوشما جۈملە ئەڭ چوڭ سىنتاكسىسلىق بىرلىك ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىل

(ئاخىرى 128 - بەتتە)

# شىنجاڭ داشۆ قۇرۇلغانلىغىنىڭ 50 يىللىغى تەبرىكلەندى

بۇ يىل 10 - ئاينىڭ 7 - كۈنى شىنجاڭ داشۆدە 10 مىڭ كىشىلىك چوڭ يىغىن ئېچىلىپ، شىنجاڭ داشۆ قۇرۇلغانلىغىنىڭ 50 يىللىغى قىزغىن تەبرىكلەندى. تەبرىكلەش يىغىنىغا ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇلغانلىغىنىڭ 30 يىللىغىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىگە قاتنىشىش ئۈچۈن كەلگەن مەركەز ۋەكىللەر ئۆمىگىنىڭ مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىغى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن ۋېيىۋەنجاڭى، سابىق مەكتەپ مۇدىرى سەيپىدىن ئەزىزى؛ مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىغى، مەملىكەتلىك سىياسى كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، سابىق مەكتەپ مۇدىرى بۇرھان شەھىدى؛ مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىغى چېن شىن؛ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ پارتىيە ھۆكۈمەت مەسئۇللىرىدىن ئىسمائىل ئەمەت، تۆمۈر داۋامەت، ۋاڭ جىنۋېن، فۇۋېن، لىشۇسەن، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسى كېڭەشنىڭ رەئىسى ئىسمائىل ياسىنوپ، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسى كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەنۋەر خانبابا؛ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، مەكتەپداش يۈسۈپ مۇھەممەدى؛ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەسلىھەتچىسى ئىمىنوپ ھامۇت؛ ئاپتونوم رايونىمىز ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرى؛ شاڭخەي قاتناش داشۆسى، لەنجۇ داشۆ قاتارلىق ئالىي مەكتەپلەردىن كەلگەن ۋەكىللەر ھەمدە كونا مەكتەپداشلاردىن بولۇپ 200 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى.

يىغىنغا مەكتەپ مۇدىرى ھاكىم جاپپار رىياسەتچىلىك قىلدى، مەكتەپ پارتكومىنىڭ شۇجىسى جاڭ ياڭ ئېچىلىش نۇتقى سۆزلىدى؛ سەيپىدىن ئەزىزى، بۇرھان شەھىدى سۆزگە چىقىپ، شىنجاڭ داشۆ قۇرۇلغانلىغىنىڭ 50 يىللىغىنى قىزغىن تەبرىكلىدى ھەمدە شىنجاڭ داشۆنىڭ 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا تېخىمۇ زور تۆھپىلەر قوشۇشىنى ئۈمىت قىلدى؛ ئىسمائىل ئەمەت ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمى كومىتېتى ۋە خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن مۇھىم سۆز قىلدى.

يىغىندا مېھمانلارغا ۋاكالىتەن شاڭخەي قاتناش داشۆ پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى لىيوكې، مەكتەپداشلارغا ۋاكالىتەن شىنجاڭ سىفەن داشۆسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى مەھەممەت زۇنۇن قاتارلىق يولداشلار سۆزگە چىقتى؛ مەملىكەتلىك مائارىپ ۋېيىۋەنخۇي، مەملىكەتلىك مىللى ئىشلار كومىتېتى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ

ھەمدە قېرىنداش مەكتەپ، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ تەبرىك تېلېگرامما ـ تەبرىك خەتلىرى ئوقۇپ ئۆتتۇلدى؛ مەركەز ۋەكىللەر ئۆمىكى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، خەلق ھۆكۈمىتى مەكتەپكە سوغا تەقدىم قىلدى.

يىغىندىن كېيىن مېھمانلار ۋە مەكتەپداشلار شىنجاڭ داشۆنىڭ 50 يىللىق تەرەققىيات جەريانىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان كۆرگەزمىنى ۋە «ئالغا ئىنتىلىۋاتقان شىنجاڭ داشۆ» دېگەن ھۆججەتلىك فىلىمنى كۆردى؛ مېھمانلار ۋە يىغىنغا قاتناشقان مەكتەپداشلار ۋەكىللىرىگە مەكتەپنىڭ 50 يىللىق توي ئۈچۈن تەييارلانغان مەكتەپ تارىخى، مەكتەپداشلار خاتىرىسى، خاتىرە ئىزناك شۇنىڭدەك رەسىملىك ئەلبۇم قاتارلىق خاتىرە بويۇملار تارقىتىپ بېرىلدى.

3 كۈن داۋام قىلغان تەبرىكلەش پائالىيىتى داۋامىدا، ھەر قايسى پاكۇلتېتلار ئىلمىي دوكلات يىغىنلىرى ئۆيۈشتۇردى، مەكتەپداشلار سۆھبەت يىغىنلىرى ئاچتى ۋە ھەر خىل شەكىلدىكى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنى تەشكىللىدى. كۆپچىلىك شىنجاڭ داشۆنىڭ 50 يىللىق تارىخى مۇساپىسىنى ئەسلەپ، تەجرىبە ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، شىنجاڭنى ئېچىش، شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش، 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا تېخىمۇ زور تۆھپە قوشىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

---

(بېشى 126 ـ بەتتە)

تىل بىرلىكىنىڭ مەنىۋى ئالاھىدىلىكى ئاددىي جۈملىگە ئوخشاش، لېكىن قۇرۇلما تەركىبى ئوخشاش ئەمەس. چۈنكى قوشما جۈملە ئاددىي جۈملىلەردىن تۈزۈلىدۇ، شۇڭا ئاددىي جۈملىلەرنىڭ مەنىۋى ئالاھىدىلىكى قوشما جۈملىدە ئەكس ئېتىدۇ. قوشما جۈملە تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەرنىڭ سىنتاكسىلىق باغلىنىشى ۋە مۇناسىۋىتى، بۇ خىل مۇناسىۋەت ۋە باغلىنىشنىڭ قانداق سىنتاكسىلىق يول ھەم ۋاستە ئارقىلىق ئىپادىلىنىشى ئاددىي جۈملىدىكى سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرىنىڭكىگە ئاساسەن ئوخشاش. لېكىن سىنتاكسىلىق ۋەزىپە جەھەتتە ئوخشىمايدۇ. شۇڭا قوشما جۈملە ھەققىدىكى سىنتاكسىلىق قائىدە ـ قانۇنىيەتلەرنى ئۆگەنگەندە ئاددىي جۈملە ھەققىدىكى قائىدە ـ قانۇنىيەتلەرگە سېلىشتۇرۇپ ئۆگىنىش كېرەك، ئەلۋەتتە.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، تىلنىڭ فونېتىكىلىق، لېكسىكىلىق ۋە گرامماتىكىلىق قائىدە ـ قانۇنىيەتلىرى يۇقۇرقى بەش خىل بىرلىك ھەققىدىكى قائىدە ـ قانۇنىيەتلەردۇر. بۇ قائىدە ـ قانۇنىيەتلەر ئۆز ـ ئارا ناھايىتى زىچ مۇناسىۋەتلىك، بىر-بىرىنى شەرت قىلىدىغان قائىدە ـ قانۇنىيەتلەردۇر. شۇڭا ئۇلارنى ئۆز ئارا سېلىشتۇرۇپ ئورتاق قائىدە ـ قانۇنىيەتلەر بىلەن خاس قائىدە ـ قانۇنىيەتلەرنى بىر-بىرىدىن پەرقلەندۈرۈپ، تىل ئەمەلىيىتىگە زىچ تەتبىقلاپ ئۆگەنگەندىلا ياخشى نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

# ھىجرىيە ۋە مىلادىيە كالىندارلىرىنىڭ سېلىشتۇرما جەدۋىلى

(چۈشىنىشكە ئاسان بولسۇن ئۈچۈن جەدۋەل بىلەن كۆرسىتىلدى)

| ھىجرىيە يىل تەرتىۋى / مىلادىيە يىل تەرتىۋى / ئايرىمىسى / ھىجرىيە ئاي تەرتىۋى | 771 | | | 772 | | | ئىزاھات |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | 1369 - 1370 | | | 1370 - 1371 | | | |
| | كۈنلەر | مىلادىيە ئايلىرى | ھەپتە | كۈنلەر | مىلادىيە ئايلىرى | ھەپتە | |
| 1 | 5 | 8 | 1 | 26 | 7 | 6 | ھەر ئىككى كالىندارنىڭ |
| 2 | 4 | 9 | 3 | 25 | 8 | 1 | كۈن، ھەپتىلىرى ئوخشاش |

## ھىجرىيە يىلىنىڭ ئاي ئىسىملىرى ۋە تەرتىۋى

| | |
|---|---|
| Əlmuhərrəm | 1. ئەلمۇھەررەم |
| Səpər | 2. سەپەر |
| Rəbiul əwwəl | 3. رەبىئۇل ئەۋۋەل |
| Rəbiussani | 4. رەبىئۇسسانى |
| Jamadiyəl əwwəl | 5. جامادىيەل ئەۋۋەل |
| Jamadiyəl ahir | 6. جامادىيەل ئاخىر |
| Rəjəp | 7. رەجەپ |
| Xə'ban | 8. شەئبان |
| Ramazan | 9. رامازان |
| Xəwwal | 10. شەۋۋال |
| Zulkə'də | 11. زۇلقەئدە |
| Zulhijjə | 12. زۇلھىججە |

| 155 | 771<br>1369 - 1370 | 772<br>1370 - 1371 | 773<br>1371 - 1372 | 744<br>1372—1373 | 775<br>1373—1374 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 5.8.1 | 26.7.6 | 15.7.3 | 3.7.7 | 23.6.5 |
| 2 | 4.9.3 | 25.8.1 | 14.8.5 | 2.8.2 | 23.7.7 |
| 3 | 3.10.4 | 23.9.2 | 12.9.6 | 31.8.3 | 21.8.1 |
| 4 | 2.11.6 | 23.10.4 | 12.10.1 | 30.9.5 | 20.9.3 |
| 5 | 1.12.7 | 21.11.5 | 10.11.2 | 29.10.6 | 19.10.4 |
| 6 | 31.12.2 | 21.12.7 | 10.12.4 | 28.11.1 | 18.11.6 |
| 7 | 29.1.3 | 19.1.1 | 8.1.5 | 27.12.2 | 17.12.7 |
| 8 | 28.2.5 | 18.2.3 | 7.2.7 | 26.1.4 | 16.1.2 |
| 9 | 29.3.6 | 19.3.4 | 7.3.1 | 24.2.5 | 14.2.3 |
| 10 | 28.4.1 | 18.4.6 | 6.4.3 | 26.3.7 | 16.3.5 |
| 11 | 27.5.2 | 17.5.7 | 5.5.4 | 24.4.1 | 14.4.6 |
| 12 | 26.6.4 | 16.6.2 | 4.6.6 | 24.5.3 | 14.5.1 |

| 156 | 776<br>1374 - 1375 | 777<br>1375 - 1376 | 778<br>1376 - 1377 | 779<br>1377 - 1378 | 780<br>1378 - 1379 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 12.6.2 | 2.6.7 | 21.5.4 | 10.5.1 | 30.4.6 |
| 2 | 12.7.4 | 2.7.2 | 20.6.6 | 9.6.3 | 30.5.1 |
| 3 | 10.8.5 | 31.7.3 | 19.7.7 | 8.7.4 | 28.6.2 |
| 4 | 9.9.7 | 30.8.5 | 18.8.2 | 7.8.6 | 28.7.4 |
| 5 | 8.10.1 | 28.9.6 | 16.9.3 | 5.9.7 | 26.8.5 |
| 6 | 7.11.3 | 28.10.1 | 16.10.5 | 5.10.2 | 25.9.7 |
| 7 | 6.12.4 | 26.11.2 | 14.11.6 | 3.11.3 | 24.10.1 |
| 8 | 5.1.6 | 26.12.4 | 14.12.1 | 3.12.5 | 23.11.3 |
| 9 | 3.2.7 | 24.1.5 | 12.1.2 | 1.1.6 | 22.12.4 |
| 10 | 5.3.2 | 23.2.7 | 11.2.4 | 31.1.1 | 21.1.6 |
| 11 | 3.4.3 | 23.3.1 | 12.3.5 | 1.3.2 | 19.2.7 |
| 12 | 3.5.5 | 22.4.3 | 11.4.7 | 31.3.4 | 21.3.2 |

| 157 | 781<br>1379-1380 | 782<br>1380-1381 | 783<br>1381-1382 | 784<br>1382-1383 | 785<br>1383-1384 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 19.4.3 | 7.4.7 | 28.3.5 | 17.3.2 | 6.3.6 |
| 2 | 19.5.5 | 7.5.2 | 27.4.7 | 16.4.4 | 5.4.1 |
| 3 | 17.6.6 | 5.6.3 | 26.5.1 | 15.5.5 | 4.5.2 |
| 4 | 17.7.1 | 5.7.5 | 25.6.3 | 14.6.7 | 3.6.4 |
| 5 | 15.8.2 | 3.8.6 | 24.7.4 | 13.7.1 | 2.7.5 |
| 6 | 14.9.4 | 2.9.1 | 23.8.6 | 12.8.3 | 1.8.7 |
| 7 | 13.10.5 | 1.10.2 | 21.9.7 | 10.9.4 | 30.8.1 |
| 8 | 12.11.7 | 31.10.4 | 21.10.2 | 10.10.6 | 29.9.3 |
| 9 | 11.12.1 | 29.11.5 | 19.11.3 | 8.11.7 | 28.10.4 |
| 10 | 10.1.3 | 29.12.7 | 19.12.5 | 8.12.2 | 27.11.6 |
| 11 | 8.2.4 | 27.1.1 | 17.1.6 | 6.1.3 | 26.12.7 |
| 12 | 9.3.6 | 26.2.3 | 16.2.1 | 5.2.5 | 25.1.2 |

| 158 | 786<br>1384—1385 | 787<br>1385—1386 | 788<br>1386 | 789<br>1387 | 790<br>1388 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 24.2.4 | 12.2.1 | 2.2.6 | 22.1.3 | 11.1.7 |
| 2 | 25.3.6 | 14.3.3 | 4.3.1 | 21.2.5 | 10.2.2 |
| 3 | 23.4.7 | 12.4.4 | 2.4.2 | 22.3.6 | 10.3.3 |
| 4 | 23.5.2 | 12.5.6 | 2.5.4 | 21.4.1 | 9.4.5 |
| 5 | 21.6.3 | 10.6.7 | 31.5.5 | 20.5.2 | 8.5.6 |
| 6 | 21.7.5 | 10.7.2 | 30.6.7 | 19.6.4 | 7.6.1 |
| 7 | 19.8.6 | 8.8.3 | 29.7.1 | 18.7.5 | 6.7.2 |
| 8 | 18.9.1 | 7.9.5 | 28.8.3 | 17.8.7 | 5.8.4 |
| 9 | 17.10.2 | 6.10.6 | 26.9.4 | 15.9.1 | 3.9.5 |
| 10 | 16.11.4 | 5.11.1 | 26.10.6 | 15.10.3 | 3.10.7 |
| 11 | 15.12.5 | 4.12.2 | 24.11.7 | 13.11.4 | 1.11.1 |
| 12 | 14.1.7 | 3.1.4 | 24.12.2 | 13.12.6 | 1.12.3 |

| 159 | 791<br>1388－1389 | 792<br>1389－1390 | 793<br>1390－1391 | 794<br>1391－1392 | 795<br>1392－1393 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 31.12.5 | 20.12.2 | 9.12.6 | 29.11.4 | 17.11.1 |
| 2 | 30.1.7 | 19.1.4 | 8.1.1 | 29.12.6 | 17.12.3 |
| 3 | 28.2.1 | 17.2.5 | 6.2.2 | 27.1.7 | 15.1.4 |
| 4 | 30.3.3 | 19.3.7 | 8.3.4 | 26.2.2 | 14.2.6 |
| 5 | 28.4.4 | 17.4.1 | 6.4.5 | 26.3.3 | 15.3.7 |
| 6 | 28.5.6 | 17.5.3 | 6.5.7 | 25.4.5 | 14.4.2 |
| 7 | 26.6.7 | 15.6.4 | 4.6.1 | 24.5.6 | 13.5.3 |
| 8 | 26.7.2 | 15.7.6 | 4.7.3 | 23.6.1 | 12.6.5 |
| 9 | 24.8.3 | 13.8.7 | 2.8.4 | 22.7.2 | 11.7.6 |
| 10 | 23.9.5 | 12.9.2 | 1.9.6 | 21.8.4 | 10.8.1 |
| 11 | 22.10.6 | 11.10.3 | 30.9.7 | 19.9.5 | 8.9.2 |
| 12 | 21.11.7 | 10.11.5 | 30.10.2 | 19.10.7 | 8.10.4 |

| 160 | 796<br>1393－1394 | 797<br>1394－1395 | 798<br>1395－1396 | 799<br>1396－1397 | 800<br>1397－1398 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 6.11.5 | 27.10.3 | 16.10.7 | 5.10.5 | 24.9.2 |
| 2 | 6.12.7 | 26.11.5 | 15.11.2 | 4.11.7 | 24.10.4 |
| 3 | 4.1.1 | 25.12.6 | 14.12.3 | 3.12.1 | 22.11.5 |
| 4 | 3.2.3 | 24.1.1 | 13.1.5 | 2.1.3 | 22.12.7 |
| 5 | 4.3.4 | 22.2.2 | 11.2.6 | 31.1.4 | 20.1.1 |
| 6 | 3.4.6 | 24.3.4 | 12.3.1 | 2.3.6 | 19.2.3 |
| 7 | 2.5.7 | 22.4.5 | 10.4.2 | 31.3.7 | 20.3.4 |
| 8 | 1.6.2 | 22.5.7 | 10.5.4 | 30.4.2 | 19.4.6 |
| 9 | 30.6.3 | 20.6.1 | 8.6.5 | 29.5.3 | 18.5.7 |
| 10 | 30.7.5 | 20.7.3 | 8.7.7 | 28.6.5 | 17.6.2 |
| 11 | 28.8.6 | 18.8.4 | 6:8.1 | 27.7.6 | 16.7.3 |
| 12 | 27.9.1 | 17.9.6 | 5.9.3 | 26.8.1 | 15.8.5 |

| 161 | 801<br>1398—1399 | 802<br>1399—1400 | 803<br>1400—1401 | 804<br>1401—1402 | 805<br>1402—1403 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 13. 9.6 | 3. 9.4 | 22. 8.1 | 11. 8.5 | 1. 8.3 |
| 2 | 13. 10.1 | 3. 10.6 | 21. 9.3 | 10. 9.7 | 31. 8.5 |
| 3 | 11. 11.2 | 1. 11.7 | 20. 10.4 | 9. 10.1 | 29. 9.6 |
| 4 | 11. 12.4 | 1. 12.2 | 19. 11.6 | 8. 11.3 | 29. 10.1 |
| 5 | 9. 1.5 | 30. 12.3 | 18. 12.7 | 7. 12.4 | 27. 11.2 |
| 6 | 8. 2.7 | 29. 1.5 | 17. 1.2 | 6. 1.6 | 27. 12.4 |
| 7 | 9. 3.1 | 27. 2.6 | 15. 2.3 | 4. 2.7 | 25. 1.5 |
| 8 | 8. 4.3 | 28. 3.1 | 17. 3.5 | 6. 3.2 | 24. 2.7 |
| 9 | 7. 5.4 | 26. 4.2 | 15. 4.6 | 4. 4.3 | 25. 3.1 |
| 10 | 6. 6.6 | 26. 5.4 | 15. 5.1 | 4. 5.5 | 24. 4.3 |
| 11 | 5. 7.7 | 24. 6.5 | 13. 6.2 | 2. 6.6 | 23. 5.4 |
| 12 | 4. 8.2 | 24. 7.7 | 13. 7.4 | 2. 7.1 | 22. 6.6 |

| 162 | 806<br>1403—1404 | 807<br>1404—1405 | 808<br>1405—1406 | 809<br>1406—1407 | 810<br>1407—1408 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 21. 7.7 | 10. 7.5 | 29. 6.2 | 18. 6.6 | 8. 6.4 |
| 2 | 20. 8.2 | 9. 8.7 | 29. 7.4 | 18. 7.1 | 8. 7.6 |
| 3 | 18. 9.3 | 7. 9.1 | 27. 8.5 | 16. 8.2 | 6. 8.7 |
| 4 | 18. 10.5 | 7. 10.3 | 26. 9.7 | 15. 9.4 | 5. 9.2 |
| 5 | 16. 11.6 | 5. 11.4 | 25. 10.1 | 14. 10.5 | 4. 10.3 |
| 6 | 16. 12.1 | 5. 12.6 | 24. 11.3 | 13. 11.7 | 3. 11.5 |
| 7 | 14. 1.2 | 3. 1.7 | 23. 12.4 | 12. 12.1 | 2. 12.6 |
| 8 | 13. 2.4 | 2. 2.2 | 22. 1.6 | 11. 1.3 | 1. 1.1 |
| 9 | 13. 3.5 | 3. 3.3 | 20. 2.7 | 9. 2.4 | 30. 1.2 |
| 10 | 12. 4.7 | 2. 4.5 | 22. 3.2 | 11. 3.6 | 29. 2.4 |
| 11 | 11. 5.1 | 1. 5.6 | 20. 4.3 | 9. 4.7 | 29. 3.5 |
| 12 | 10. 6.3 | 31. 5.1 | 20. 5.5 | 9. 5.2 | 28. 4.7 |

| 163 | 811<br>1408 - 1409 | 812<br>1409 - 1410 | 813<br>1410 - 1411 | 814<br>1411 - 1412 | 815<br>1412 - 1413 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 27 .5 .1 | 16 .5 .5 | 6 .5 .3 | 25 .4 .7 | 13 .4 .4 |
| 2 | 26 .6 .3 | 15 .6 .7 | 5 .6 .5 | 25 .5 .2 | 13 .5 .6 |
| 3 | 25 .7 .4 | 14 .7 .1 | 4 .7 .6 | 23 .6 .3 | 11 .6 .7 |
| 4 | 24 .8 .6 | 13 .8 .3 | 3 .8 .1 | 23 .7 .5 | 11 .7 .2 |
| 5 | 22 .9 .7 | 11 .9 .4 | 1 .9 .2 | 21 .8 .6 | 9 .8 .3 |
| 6 | 22 .10 .2 | 11 .10 .6 | 1 .10 .4 | 20 .9 .1 | 8 . 9 .5 |
| 7 | 20 .11 .3 | 9 .11 .7 | 30 .10 .5 | 19 .10 .2 | 7 .10 .6 |
| 8 | 20 .12 .5 | 9 .12 .2 | 29 .11 .7 | 18 .11 .4 | 6 .11 .1 |
| 9 | 18 .1 .6 | 7 .1 .3 | 28 .12 .1 | 17 .12 .5 | 5 .12 .2 |
| 10 | 17 .2 .1 | 6 .2 .5 | 27 .1 .3 | 16 .1 .7 | 4 .1 .4 |
| 11 | 18 .3 .2 | 7 .3 .6 | 25 .2 .4 | 14 .2 .1 | 2 .2 .5 |
| 12 | 17 .4 .4 | 6 .4 .1 | 27 .3 .6 | 15 .3 .3 | 4 .3 .7 |

| 164 | 816<br>1413 - 1414 | 817<br>1414 - 1415 | 818<br>1415 - 1416 | 819<br>1416 - 1417 | 820<br>1417 - 1418 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 3 .4 .2 | 23 .3 .6 | 13 .3 .4 | 1 .3 .1 | 18 .2 .5 |
| 2 | 3 .5 .4 | 22 .4 .1 | 12 .4 .6 | 31 .3 .3 | 20 .3 .7 |
| 3 | 1 .6 .5 | 21 .5 .2 | 11 .5 .7 | 29 .4 .4 | 18 .4 .1 |
| 4 | 1 .7 .7 | 20 .6 .4 | 10 .6 .2 | 29 .5 .6 | 18 .5 .3 |
| 5 | 30 .7 .1 | 19 .7 .5 | 9 .7 .3 | 27 .6 .7 | 16 .6 .4 |
| 6 | 29 .8 .3 | 18 .8 .7 | 8 .8 .5 | 27 .7 .2 | 16 .7 .6 |
| 7 | 27 .9 .4 | 16 .9 .1 | 6 .9 .6 | 25 .8 .3 | 14 .8 .7 |
| 8 | 27 .10 .6 | 16 .10 .3 | 6 .10 .1 | 24 .9 .5 | 13 .9 .2 |
| 9 | 25 .11 .7 | 14 .11 .4 | 4 .11 .2 | 23 .10 .6 | 12 .10 .3 |
| 10 | 25 .12 .2 | 14 .12 .6 | 4 .12 .4 | 22 .11 .1 | 11 .11 .5 |
| 11 | 23 .1 .3 | 12 .1 .7 | 2 .1 .5 | 21 .12 .2 | 10 .12 .6 |
| 12 | 22 .2 .5 | 11 .2 .2 | 1 .2 .7 | 20 .1 .4 | 9 .1 .1 |

| 165 | 821<br>1418 | 822<br>1419 | 823<br>1420 | 824<br>1421 | 285<br>1421-1422 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 8.2.3 | 28.1.7 | 17.1.4 | 6.1.2 | 26.12.6 |
| 2 | 10.3.5 | 27.2.2 | 16.2.6 | 5.2.4 | 25.1.1 |
| 3 | 8.4.6 | 28.3.3 | 16.3.7 | 6.3.5 | 23.2.2 |
| 4 | 8.5.1 | 27.4.5 | 15.4.2 | 5.4.7 | 25.3.4 |
| 5 | 6.6.2 | 26.5.6 | 14.5.3 | 4.5.1 | 23.4.5 |
| 6 | 6.7.4 | 25.6.1 | 13.6.5 | 3.6.3 | 23.5.7 |
| 7 | 4.8.5 | 24.7.2 | 12.7.6 | 2.7.4 | 21.6.1 |
| 8 | 3.9.7 | 23.8.4 | 11.8.1 | 1.8.6 | 21.7.3 |
| 9 | 2.10.3 | 21.9.5 | 9.9.2 | 30.8.7 | 19.8.4 |
| 10 | 1.11.3 | 21.10.7 | 9.10.4 | 29.9.2 | 18.9.6 |
| 11 | 30.11.4 | 19.11.1 | 7.11.5 | 28.10.3 | 17.10.7 |
| 12 | 30.12.6 | 19.12.3 | 7.12.7 | 27.11.5 | 16.11.2 |

| 166 | 826<br>1422 - 1423 | 227<br>1423 - 1424 | 828<br>1424 - 1425 | 829<br>1425 - 1426 | 830<br>1426 - 1427 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 15.12.3 | 5.12.1 | 23.11.5 | 13.11.3 | 2.11.7 |
| 2 | 14.1.5 | 4.1.3 | 23.12.7 | 13.12.5 | 2.12.2 |
| 3 | 12.2.6 | 2.2.4 | 21.1.1 | 11.1.6 | 31.12.3 |
| 4 | 14.3.1 | 3.3.6 | 20.2.3 | 10.2.1 | 30.1.5 |
| 5 | 12.4.2 | 1.4.7 | 21.3.4 | 11.3.2 | 28.2.6 |
| 6 | 12.5.4 | 1.5.2 | 20.4.6 | 10.4.4 | 30.3.1 |
| 7 | 10.6.5 | 30.5.3 | 19.5.7 | 9.5.5 | 28.4.2 |
| 8 | 10.7.7 | 29.6.5 | 18.6.2 | 8.6.7 | 28.5.4 |
| 9 | 8.8.1 | 28.7.6 | 17.7.3 | 7.7.1 | 26.6.5 |
| 10 | 7.9.3 | 27.8.1 | 16.8.5 | 6.8.3 | 26.7.7 |
| 11 | 6.10.4 | 25.9.2 | 14.9.6 | 4.9.4 | 24.8.1 |
| 12 | 5.11.6 | 25.10.4 | 14.10.1 | 4.10.6 | 23.9.3 |

| 167 | 831<br>1427 - 1428 | 832<br>1428 - 1429 | 833<br>1429 - 1430 | 834<br>1430 - 1431 | 835<br>1431 - 1432 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 22.10.4 | 11.10.2 | 30.9.6 | 19.9.3 | 9.9.1 |
| 2 | 21.11.6 | 10.11.4 | 30.10.1 | 19.10.5 | 9.10.3 |
| 3 | 20.12.7 | 9.12.5 | 28.11.2 | 17.11.6 | 7.11.4 |
| 4 | 19.1.7 | 8.1.7 | 28.12.4 | 17.12.1 | 7.12.6 |
| 5 | 17.2.3 | 6.2.1 | 26.1.5 | 15.1.2 | 5.1.7 |
| 6 | 18.3.5 | 8.3.3 | 25.2.7 | 14.2.4 | 4.2.2 |
| 7 | 16.4.6 | 6.4.4 | 26.3.1 | 15.3.5 | 4.3.3 |
| 8 | 16.5.1 | 6.5.6 | 25.4.3 | 14.4.7 | 3.4.5 |
| 9 | 14.6.2 | 4.6.7 | 24.5.4 | 13.5.1 | 2.5.6 |
| 10 | 14.7.4 | 4.7.2 | 23.6.6 | 12.6.3 | 1.6.1 |
| 11 | 12.8.5 | 2.8.3 | 22.7.7 | 11.7.4 | 30.6.2 |
| 12 | 11.9.7 | 1.9.5 | 21.8.2 | 10.8.6 | 30.7.4 |

| 168 | 836<br>1432 - 1433 | 387<br>1433 - 1434 | 838<br>1434 - 1435 | 839<br>1435 - 1436 | 840<br>1436 - 1437 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 28.8.5 | 18.8.3 | 7.8.7 | 27.7.4 | 16.7.2 |
| 2 | 27.9.7 | 17.9.5 | 6.9.2 | 26.8.6 | 15.8.4 |
| 3 | 26.10.1 | 16.10.6 | 5.10.3 | 24.9.7 | 13.9.5 |
| 4 | 25.11.3 | 15.11.1 | 4.11.5 | 24.10.2 | 13.10.7 |
| 5 | 24.12.4 | 14.12.2 | 3.12.6 | 22.11.3 | 11.11.1 |
| 6 | 23.1.6 | 13.1.4 | 2.1.1 | 22.12.5 | 11.12.3 |
| 7 | 21.2.7 | 11.2.5 | 31.1.2 | 20.1.6 | 9.1.4 |
| 8 | 23.3.2 | 13.3.7 | 2.3.4 | 19.2.1 | 8.2.6 |
| 9 | 21.4.3 | 11.4.1 | 31.3.5 | 19.3.2 | 9.3.7 |
| 10 | 21.5.5 | 11.5.3 | 30.4.7 | 18.4.4 | 8.4.2 |
| 11 | 19.6.6 | 9.6.4 | 29.5.1 | 17.5.5 | 7.5.3 |
| 12 | 19.7.1 | 9.7.6 | 28.6.3 | 16.6.7 | 6.6.5 |

| 169 | 841<br>1437—1438 | 842<br>1438—1439 | 843<br>1439—1440 | 844<br>1440—1441 | 845<br>1441—1442 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 5.7.6 | 24.6.3 | 14.6.1 | 2.6.5 | 22.5.2 |
| 2 | 4.8.1 | 24.7.5 | 14.7.3 | 2.7.7 | 21.6.4 |
| 3 | 2.9.2 | 22.8.6 | 12.8.4 | 31.7.1 | 20.7.5 |
| 4 | 2.10.4 | 21.9.1 | 11.9.6 | 30.8.3 | 19.8.7 |
| 5 | 31.10.5 | 20.10.2 | 10.10.7 | 28.9.4 | 17.9.1 |
| 6 | 30.11.7 | 19.11.4 | 9.11.2 | 28.10.6 | 17.10.3 |
| 7 | 29.12.1 | 18.12.5 | 8.12.3 | 26.11.7 | 15.11.4 |
| 8 | 28.1.3 | 17.1.7 | 7.1.5 | 26.12.2 | 15.12.6 |
| 9 | 26.2.4 | 15.2.1 | 5.2.6 | 24.1.3 | 13.1.7 |
| 10 | 28.3.6 | 17.3.3 | 6.3.1 | 23.2.5 | 12.2.2 |
| 11 | 26.4.7 | 15.4.4 | 4.4.2 | 24.3.6 | 13.3.3 |
| 12 | 26.5.2 | 15.5.6 | 4.5.4 | 23.4.1 | 12.4.5 |

| 170 | 846<br>1442-1443 | 847<br>1443-1444 | 848<br>1444-1445 | 849<br>1445-1446 | 850<br>1446-1447 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 12.5.7 | 1.5.4 | 20.4.2 | 9.4.6 | 29.3.3 |
| 2 | 11.6.2 | 31.5.6 | 20.5.4 | 9.5.1 | 28.4.5 |
| 3 | 10.7.3 | 29.6.7 | 18.6.5 | 7.6.2 | 27.5.6 |
| 4 | 9.8.5 | 29.7.2 | 18.7.7 | 7.7.4 | 26.6.1 |
| 5 | 7.9.6 | 27.8.3 | 16.8.1 | 5.8.5 | 25.7.2 |
| 6 | 7.10.1 | 26.9.5 | 15.9.3 | 4.9.7 | 24.8.4 |
| 7 | 5.11.2 | 25.10.6 | 14.10.4 | 3.10.1 | 22.9.5 |
| 8 | 5.12.4 | 24.11.1 | 13.11.6 | 2.11.2 | 22.10.7 |
| 9 | 3.1.5 | 23.12.2 | 12.12.7 | 1.12.4 | 20.11.1 |
| 10 | 2.2.7 | 22.1.4 | 11.1.2 | 31.12.6 | 20.12.3 |
| 11 | 3.3.1 | 20.2.5 | 9.2.3 | 29.1.7 | 18.1.4 |
| 12 | 2.4.3 | 21.3.7 | 11.3.5 | 28.2.2 | 17.2.6 |

| 171 | 851<br>1447 - 1448 | 852<br>1448 - 1449 | 853<br>1449 - 1450 | 854<br>1450 - 1451 | 855<br>1451 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 19.3.1 | 7.3.5 | 24.2.2 | 14.2.7 | 3.2.4 |
| 2 | 18.4.3 | 6.4.7 | 26.3.4 | 16.3.2 | 5.3.2 |
| 3 | 17.5.4 | 5.5.1 | 24.4.5 | 14.4.3 | 3.4.7 |
| 4 | 16.6.6 | 4.6.3 | 24.5.7 | 14.5.5 | 3.5.2 |
| 5 | 15.7.7 | 3.7.4 | 22.6.1 | 12.6.6 | 1.6.3 |
| 6 | 14.8.2 | 2.8.6 | 22.7.3 | 12.7.1 | 1.7.5 |
| 7 | 12.9.3 | 31.8.7 | 20.8.4 | 10.8.2 | 30.7.6 |
| 8 | 12.10.5 | 30.9.2 | 19.9.6 | 9.9.4 | 29.8.1 |
| 9 | 10.11.6 | 29.10.3 | 18.10.7 | 8.10.5 | 27.9.2 |
| 10 | 10.12.1 | 28.11.5 | 17.11.2 | 7.11.7 | 27.10.4 |
| 11 | 8.1.2 | 27.12.6 | 16.12.3 | 6.12.1 | 25.11.5 |
| 12 | 7.2.4 | 26.1.1 | 15.1.5 | 5.1.3 | 25.12.7 |

| 172 | 856<br>1452 | 857<br>1453 | 858<br>1454 | 859<br>1454—1455 | 860<br>1455—1456 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 23.1.1 | 12.1.6 | 1.1.3 | 22.12.1 | 11.12.5 |
| 2 | 22.2.3 | 11.2.1 | 31.1.5 | 21.1.3 | 10.1.7 |
| 3 | 22.3.4 | 12.3.2 | 1.3.6 | 19.2.4 | 8.2.1 |
| 4 | 21.4.6 | 11.4.4 | 31.3.1 | 21.3.6 | 9.3.3 |
| 5 | 20.5.7 | 10.5.5 | 29.4.2 | 19.4.7 | 7.4.4 |
| 6 | 19.6.2 | 9.6.7 | 29.5.4 | 19.5.2 | 7.5.6 |
| 7 | 18.7.3 | 8.7.1 | 27.6.5 | 17.6.3 | 5.6.7 |
| 8 | 17.8.5 | 7.8.3 | 27.7.7 | 17.7.5 | 5.7.2 |
| 9 | 15.9.6 | 5.9.4 | 25.8.1 | 15.8.6 | 3.8.3 |
| 10 | 15.10.1 | 5.10.6 | 24.9.3 | 14.9.1 | 2.9.5 |
| 11 | 13.11.2 | 3.11.7 | 23.10.4 | 13.10.2 | 1.10.6 |
| 12 | 13.12.4 | 3.12.2 | 22.11.6 | 12.11.4 | 31.10.1 |

# ژورنىلىمىزنىڭ 1985 - يىلىدىكى ھەر قايسى سانلىرىدا ئېلان قىلىنغان ماقالىلارنىڭ مۇندەرىجىسى


ئېستېتىكىنىڭ تەبىئىي پەنلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى توغرىسىدا دەسلەپكى ئىزدىنىش ........ مەتىلى دانى (1 - سان، 29 - بەت)

ئۆلچەم لوگىكىسى ۋە ئۇنىڭ قوللىنىلىشى ........ رازاق مەتنىياز (2 - سان، 48 - بەت)

فارابىنىڭ ئېستېتىك قاراشلىرى ھەققىدە ........ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن (3 - سان، 36 - بەت)

ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت ۋە سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىق ........ ئابدۇۋەلى ھامۇت (4 - سان، 1 - بەت)

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقادى توغرىسىدا ........ غەيرەتجان ئوسمان (4 - سان، 11 - بەت)

× × ×

شەھەرلەردىكى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى تېزلىتىشنىڭ زۆرۈرلۈكى توغرىسىدا دەسلەپكى قاراشلىرىم ........ ئىسمايىل نىياز (1 - سان، 16 - بەت)

تاۋار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش خەلق ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ زۆرۈر شەرتى ........ ئابلىز ئىمىن (2 - سان، 15 - بەت)

پايدىنى باجغا ئۆزگەرتىش ئىسلاھاتىدىكى بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا ........ رازاق تۆمۈر (2 - سان، 23 - بەت)

مۈلۈكچىلىك ھوقۇقى بىلەن باشقۇرۇش ھوقۇقىنى مۇۋاپىق دەرىجىدە ئايرىۋېتىش توغرىسىدا ........ ئىسمايىل نىياز، سۈك لىلى (3 - سان، 56 - بەت)

سوتسىيالىستىك ئىگىلىك — پىلانلىق تاۋار ئىگىلىكى ........ ئىبراھىم لىتىپ (4 - سان، 37 - بەت)

پىلانلىق ئىگىلىك بىلەن تاۋار ئىگىلىكىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى ........ رازاق تۆمۈر (4 - سان، 48 - بەت)

× × ×

تەس مەڭگۈ تېشى ........ س. گ. كىلياشتورنىي (1 - سان، 63 - بەت)

قۇمۇلدىكى تاش ئۇيما سۈرەتلەر ..........................................
..........دۇڭ سۇنلىڭ، ليۇيىملىڭ تۇرسۇن ئەخمەت تەرجىمىسى (1 - سان، 89 - بەت)
ياۋچىلار ۋە ئۇلارنىڭ غەرپكە كۆچۈشى ..........................................
.......................... ئابلەت نۇردۇن (1 - سان، 95 - بەت)
قىزىل مىڭ ئۆيدىكى «يارالمىش قىسسىسى» رەسىملىرى توغرىسىدا ..........
.........................ئابلىز مۇھەممەت سايرامى (2 - سان، 63 - بەت)
قۇم ئاستىدىكى شەھەر — قەدىمقى نىيە خارابىسى ..........................
.................... سابىت ئەخمەت، ئەخمەت رىشىت (2 - سان، 73 - بەت)
تۆمۈرلەر دەۋرىدىكى ئىلىم - پەن ئەدەبىيات - سەنئەت ..........................
.............................. مۇھەممەت يۈسۈپ (2 - سان، 82 - بەت)
شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتىكى
تۆھپىسى ............. جۇياڭگۇي، گاۋشىنشىڭ (ن. ئەخمىدى تەرجىمىسى)
(3 - سان، 99 - بەت)
شىنجاڭدا ئەڭ دەسلەپ نەشر قىلىنغان ئالىي مەكتەپ ژورنىلى «يېڭى نۇر»
.............. ۋاڭ مېيتاڭ (ق. قۇربان تەرجىمىسى) (3 - سان، 115 - بەت)
قۇمۇل ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشى ..........................
.............................. ئابدۇللا ئەھمىدى (4 - سان، 30 - بەت)
تۈركىيە بۇرژۇئا ئىنقىلاۋى ۋە مۇستاپا كامال ..........................................
.............................................. م. روزىيۇپ(4 - سان 80 -بەت)
قارا شەھەر دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىن قېزىۋېلىنغان قەدىمقى دەۋرگە
ئائىت قەۋرىلەر توغرىسىدا .............................. غېنى (4 - سان، 94 - بەت)

× × ×

«ئېتنوگىرافىيە ئىلمىي جەمىيتى» قۇرۇش توغرىسىدا تەشەببۇسنامە ........
.............................. ئەدەبىيات فاكۇلتېتى (2 - سان، 127 - بەت)
ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا سېلىشتۇرما تەتقىقاتىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا
..............................ئابدۇكېرىم راخمان (3 - سان، 65 - بەت)
ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى تەنقىدىي رىيالىزىم خاھىشى ھەققىدە
قىسقىچە مۇلاھىزە.............................. رىسالەت شېرىپ (4 - سان، 105 - بەت)

× × ×

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى لۇغەت تەركىۋىنى قېلىپلاشتۇرۇش مەسىلىسى
ھەققىدە.............................. ئەخمەت ئەسقەر (1 - سان، 98 - بەت)
يېقىنقى ئون نەچچە يىلدىن بۇيان ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدا تىلشۇناسلىق

تەتقىقاتىنىڭ تەرەققىياتى ..........................................
.................جاۋ شىكەي (راخمان خانبابا تەرجىمىسى) (1 - سان، 108 - بەت)
ئەينۇ تىلى ۋە ئەينۇ تىلىدىكى سانلار توغرىسىدا ..........................
..................جاۋ شاگرۇ، ھاشىم تۇردى (1 - سان، 122 - بەت)
يەنە «كېلىش» كاتېگورىيىسى توغرىسىدا...................................
.............................. غاپپار مۇھەممەت (2 - سان، 92 - بەت)
ئۇيغۇر تىلىدىكى «كېلىش» مەسىلىسى تەتقىقاتىنى تېخىمۇ چوڭقۇر قانات
يايدۇرايلى.............................. تەھرىر بۆلۈم (2 - سان، 109 - بەت)
قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئەر -» پېئىل توغرىسىدا مۇلاھىزە..................
.............................. مەترېھىم سايىت (3 - سان، 121 - بەت)
ئۇيغۇر، قازاق يېزىقى ئىنفورماتسىيىسىنى (B) PC - 8000 - مىكرو
ھىساپلاش ماشىنىسىدا بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا ..........................
............. ۋلتان جانبولاتوپ، ھوشۇر ئىسلام، ۋۇزۇگياۋ (3 - سان، 129 - بەت)
ئۇيغۇر تىلى تەرەققىياتىدىكى بەزى فونېتىكىلىق ئۆزگىرىشلەر ..................
.............................. رەۋەيدۇللا (4 - سان، 119 - بەت)
ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنى قانداق ئۇگىنىش توغرىسىدا........................
.............................. نەسرۇللا يولبولدى (4 - سان، 124 - بەت)

× × ×

«قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ئىلمى قىممىتى توغرىسىدا ..............................
.............................. ئابدۇشۇكۇر مەھەممەتئىمىن (1 - سان، 41 - بەت)
«قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ پەلسەپە قىممىتى توغرىسىدا بەزى قاراشلىرىم ..........
.............................. ۋاھاپ خېۋىر (1 - سان، 52 - بەت)
«قۇتادغۇ بىلىك»تىكى دۆلەت ھاكىمىيىتى بايانلىرى ھەققىدە دەسلەپكى
مۇھاكىمە .............................. مەخسۇت ئەكبەر (2 - سان، 33 - بەت)
«قۇتادغۇ بىلىك»تىكى ھەربى كۆز قاراشلار توغرىسىدا.............................
.............................. ھاجى نورھاجى (2 - سان، 42 - بەت)
ئالائىددىن ئەتامەلىك جۇۋەينى ۋە «تارىخ جاھان كۇشاي» ...........................
.............................. ئابلىمىت روزى (2 - سان، 57 - بەت)
«قۇتادغۇ بىلىك»داستانىنىڭ ئىدىيىۋى قۇرۇلمىسى ۋە تۆتىنچى شەخس ئۇدغۇر-
مىش ھەققىدە بەزى مۇلاھىزىلەر .............. ئابلىمىت روزى (3 - سان، 18 - بەت)
«جامىئۇل - ھىكايەت» توغرىسىدا دەسلەپكى مۇھاكىمە ..............................
.............................. تۇرسۇن قۇربان (3 - سان، 86 - بەت)
ئەلىشىر ناۋايى ۋە «سەددى ئىسكەندەر» ..........................................

............................. ئابدۇشۈكۈر مەھەممەتئىمىن (4 - سان، 56 - بەت)
قىرغىز خەلق ئەدەبىياتىدىكى زور ھەجىملىك داستان — «ماناس» ..........
............................ ئىرىسبېك ئابقان (4 - سان، 64 - بەت)
نىزامىل مۈلك ۋە «سىياسەتنامە» ......... شىرىن قۇربان (4 - سان، 76 - بەت)
ۋ. ۋ. بارتولد.................م. خەسەن تەرجىمىسى (1 - سان، 128 - بەت)

× × ×

يېڭى تېخنىكا ئىنقىلاۋى ۋە دۆلىتىمىزنىڭ ئالى مائارىپ جەھەتتىكى تەد-
بىرلىرى..............شۈي گولۇ (ن. ئەھمەتجان تەرجىمىسى) (1 - سان، 1 - بەت)
ئوقۇش پۈتتۈرۈش ربفاراتىنى قاندۇاق يېزىش توغرىسىدا مەسلىھەت
.............................. ھېمىت مەخسۇت (2 - سان، 112 - بەت)
دەۋرىنىڭ تەرەققىيات قەدىمىگە يېتىشىپ ماڭايلى ......................
.............................. بۇرھان شەھىدى (3 - سان، 1 - بەت)
شىنجاڭ داشۆنى ياخشى باشقۇرۇپ، ھەر مىللەت ئىقتىساس ئىگىلىرىنى كۆپ
ۋە تېز يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشايلى!........... ھاكىم جاپپار (3 - سان، 8 - بەت)

× × ×

مىللى تېرىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا
.............................. توختارقان ئەخمەتجان (2 - سان، 1 - بەت)
يەنە مىللى مۇناسىۋەت تارىخى تەتقىقاتىدىكى بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا
..................ۋېڭ دۇجەن (ھاشىم تۇردى تەرجىمىسى) (4 - سان، 98 - بەت)

× × ×

ھىجرىيىە كالىندارى بىلەن مىلادىيە كالىندارىنىڭ سېلىشتۇرما جەدۋىلى
................ يۈسۈپ ئۇربىلى (1 - سان، 133 - بەت، 2 - سان، 131 - بەت، 3 - سان،
135 - بەت، 4 - سان، 129 - بەت)




بۇرھان شەھىدى تەبرىك سۆزى سۆزلىمەكتە.



ئىسمائىل ئەمەت لەۋھە تەقدىم قىلماقتا

شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژورنىلى

新疆大学学报（哲学，社会科学维文季刊）

(پەسىللىك ژورنال)

1985 - يىل 4 - سان

(ئومۇمىي سانى 24)




قەشقەر بەشكېرەم يېزىسىنىڭ ئايىغىدىكى قەدىمقى شەھەر خانىۇي خارابىسى
يېنىدا ساقلانغان موۋرا بۇددا مۇنارىسى


نەشر قىلغۇچى: شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژورنىلى تەھرىر بۆلۈمى

مۇشتەرى قوبۇل قىلغۇچى: مەملىكەت ئىچىدىكى ھەر قايسى پوچتىخانىلار

باسقۇچى: شىنجاڭ داشۆ باسما زاۋۇتى

تارقاتقۇچى: ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى

ش. ئۇ. ئا. ر. ژۇرناللارنى تىزىملاش ئورنىنىڭ كىنىشكە نومۇرى: 321

باھاسى: 0.40 يۈەن

ۋاكالەت نومۇرى: 58—13